ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# جوڭگو يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى

1

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# جۇڭگو يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى

# 1

تۈزگۈچى: ئازات سۇلتان
تەھرىرى: مۇھەممەد زۇنۇن
مەسئۇل تەھرىرى: ئابدۇسالام توختى

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

بۇ دەرسلىك ئالىي مەكتەپلەر ئەدەبىيات كەسپىنىڭ ئوقۇتۇش ئېھتىياجى ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن تۈزۈلدى.

دەرسلىكنى تۈزۈشتە ئالىي مەكتەپلەر ئەدەبىيات كەسپىنىڭ «يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى ئوقۇتۇش پروگراممىسى» ئاساس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مىللىي ئوقۇغۇچىلار ۋە كىتابخانلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى نەزەردە تۇتۇلۇپ، ئەدەبىيات تارىخىدىكى ۋەكىللىك يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى مۇھىم نۇقتا سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلدى.

ئىككى قىسىم قىلىپ تۈزۈلگەن بۇ دەرسلىك شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېت ۋە سىنىپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ. شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش ۋە بىلىم ئاشۇرۇشىدا ئىشلىتىلىشىمۇ بولىدۇ.

بۇ كىتابنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى يولداش ئازات سۇلتان تۈزۈپ چىقتى. بىز بۇ دەرسلىكنى تۈزۈش ۋە تەھرىرلەش خىزمىتىگە يېقىندىن ياردەمدە بولغان مۇناسىۋەتلىك يولداشلارغا رەھمەت ئېيتىمىز.

سەۋىيىمىز چەكلىك بولغاچقا ۋە بۇ دەرسلىك ئۇيغۇر تىلىدا تۇنجى قېتىم تۈزۈلگەن بولغاچقا ئۇنىڭدا بەزى كەمچىلىك-خاتالىقلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن خالىي بولۇش قىيىن.

بىز كىتابخانلارنىڭ تەنقىد ۋە تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى
ئالىي مائارىپ باشقارمىسى

1987 - يىل 6 - ئاي

## مۇندەرىجە

1 - باب. مۇقەددىمە


1 - §. يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئەھ-
ۋالى.......................................... 4
2 - §. تەجرىبە - ساۋاقلار .......................... 16
3 - §. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى........... 26
4 - §. قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە ئەھ-
ۋالى ........................................ 32


2 - باب. پوئېزىيە


1 - §. يېڭى دەۋردىكى پوئېزىيىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى...... 44
2 - §. ئەي چىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ........ 76
3 - §. ۋېن جيې ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى......... 91
4 - §. گوشياۋچۇەن ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى...... 119
5 - §. خې جىڭجى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى........ 139
6 - §. لى يىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ......... 150
7 - §. ماۋزېدۇڭ ۋە پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچى-
لىرىنىڭ شېئىرلىرى................................ 155


3 - باب. پروزا


1 - §. يېڭى دەۋر پروزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........ 167

2 - §. لياڭ بىڭ ۋە ئۇنىڭ «قىزىل بايراق شەجەرىسى» رومانى ............................................ 189
3 - §. قەھرىمانلىقنىڭ شانلىق داستانى — «قىزىل قىيا» رومانى .................................................... 206
4 - §. ياڭ مۇ ۋە ئۇنىڭ «ياشلىق ناخشىسى» رومانى ...... 215
5 - §. دۇ پىڭچىڭ ۋە ئۇنىڭ «يەنئەن مۇداپىئەسى» رومانى .................................................... 226
6 - §. ياۋشۆيىگىنىڭ «باھادىر شاھ لى زىچىڭ» رومانى .................................................... 239
7 - §. ۋاڭ ۋىنشى ۋە لى جۇنلەرنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتى .................................................... 248
8 - §. ۋاڭ مىڭ ۋە ئۇنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتى ............ 255
9 - §. رۇجژجۈەن ۋە ئۇنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتى ......... 262
10 - §. «سىنىپ تەربىيىچىسى» ۋە «چياۋچاڭجاڭنىڭ خىزمەتكە تەيىنلىنىشى» ھېكايىلىرى ............... 565

# 1 - باب. مۇقەددىمە

1949 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇل-غانلىقى ئىپامىزنىڭ سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت تارىخىي باس-قۇچقا قەدەم قويغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇگۈنكى كۈنگە كەلگىچە بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتتى، ئىپامىزنىڭ قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى.

سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئىشلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركى-بى بولغان يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمۇ 30 نەچچە يىللىق جەڭگىۋار مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى.

يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات بو-لۇپ، ماھىيەت جەھەتتىن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىن پەرق-لىنىدۇ. چۈنكى «4 - ماي» دىن كېيىنكى ئىنقىلابىي ئەدە-بىيات، گەرچە ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇنىڭ بىر قىسمى ماركسىزم - لېنىنىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلغان بولسىمۇ، ماھىيەت جەھەتتىن پەقەت پرولېتارىياتنىڭ رەھبەرلىكىدىكى يېڭى دېموكراتىزم خاراكتېرىگە ئىگە ئەدەبى-يات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇ-رۇلغانلىقى جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب باسقۇچىنىڭ ئاياقلاشقانلىقىدىن ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب باسقۇچىنىڭ

باشلانغانلىقىدىن دەرەك بېرىدۇ. يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدا، سوتسىيالىستىك تۇرمۇش زېمىنىدە بارلىققا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان بولغاچقا ئۇ مۇقەررەر هالدا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات بولۇپ خاراكتېرلىنىدۇ.

ئۆز تارىخىنى جۇمهۇرىيىتىمىزنىڭ تارىخى بىلەن تەڭ باشلىغان ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتى ئېلىمىزنىڭ باشقا ساهەلىرىدىگە ئوخشاش ئەگرى-توقاي يول بىلەن تەرەققىي قىلىپ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. مانا بۇ نەتىجىلەرنى شۇنىڭدەك ساقلانغان مەسىلىلەرنى توغرا خۇلاسىلەش، سەلبىي ۋە ئىجابىي جەھەتتىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئوبدان يەكۈنلەش، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات قانۇنلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش، شۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش — مانا بۇ بىزنىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىكى مەقسىتىمىز ۋە ۋەزىپىمىزدۇر.

يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى تونۇشتۇرۇشتا ئالدى بىلەن ئۇنى تارىخىي باسقۇچلارغا بۆلۈش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىمىز. باسقۇچقا بۆلۈشتە ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ئالاهىدىلىكىگە قاراش كېرەك. بىراق ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ساهەلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان بولغاچقا بۇ ئامىللار بىلەنمۇ هېسابلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ سوتسىيالىزم باسقۇچىدا ئېلىمىزنىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى باشقا ساهەلەرنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن

باسقۇچلارغا بۆلۈشتە پۇتكۈل جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچلارغا بۆلۈنۈشىگە ئاساسلانماي بولمايدۇ. پارتىيەنىڭ 11-نۆۋەتلىك 6-ئومۇمىي يىغىنى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش دەۋرىنى تۆۋەندىكىدەك تۆت باسقۇچقا بۆلىدۇ. ‹1› سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسەن ئورۇنلانغان يەتتە يىل (1949 — 1956)؛ ‹2› سوتسىيالىزم قۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك باشلانغان ئون يىل (1956 — 1966)؛ ‹3› «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان ئون يىل (1966 — 1976)؛ ‹4› ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇش باشلانغاندىن كېيىنكى يىللار (1976-يىلدىن كېيىن) يۇقىرىقى تۆت باسقۇچ پرىنسىپ جەھەتتە يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىغا ماس كېلىدۇ (بەزىبىر تەتقىقاتچىلار يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنى مۇشۇنداق تۆت باسقۇچقا بۆلىدۇ) لېكىن باسقۇچلارغا بۆلۈشتە ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگىمۇ قارىماي بولمايدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرىكى 17 يىلدا «ئوڭ» ۋە «سول» دىن كەلگەن توسقۇنلۇقلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا پۇتلاكاشاڭ بولغان بولسىمۇ، بىراق ئومۇمىيلىقتىن قارىغاندا، بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت لۇشيەنى ئاساسەن توغرا بولدى. شۇ سەۋەبتىن يەنە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار بۇ 17 يىلنى بىر باسقۇچ دەپ ھېسابلىشىدۇ. بىز بۇ دەرسلىكىمىزدە مۇشۇنداق بۆلۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىمىز. دەرۋەقە، 17 يىللىق ئەدەبىيات تەرەققىياتىنى تونۇشتۇرغاندا ئالدىنقى يەتتە يىل بىلەن كېيىنكى ئون يىلنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىمىز.

## 1 - §. يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

بىز يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ 30 نەچچە يىللىق تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىنقىلابىي كۆرەشلەرنى ئىلاجىكى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن تارتىپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان تارىخىي جەرياندا خەلقىمىزنىڭ ئۆزلۈكسىز ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى بولۇپمۇ كومپارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي كۆرەشلىرى يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تېمىسى بولۇپ كەلدى. رومانلاردىن «قىزىل بايراق شەجەرىسى» (لياڭ بىڭ) «قىزىل قىيا» (لوگواڭبىڭ، ياڭيەن)، «ياشلىق ناخشىسى» (ياڭ مو)، «چەكسىز ئورمان-قارلىق دالا» (جۈيبو)، «قىزىل قوياش» (ۋۇچياڭ)، «تۆمۈريول پارتىزانلىرى» (جىشيا) «يەنئەن مۇداپىئەسى» (دۇپىڭچىڭ)، «پولات قورغان» (ليۇچىڭ) «ئۇرۇش ئوتى ئىچىدىكى ياشلىق باھارى» (شۆكې)؛ پوۋېست ۋە ھېكايىلاردىن «نۇرلۇق قىرغاق» (جۇن چىڭ)، «كومىسسار» (ليۇبەيبو)، «پارتىيە ئەزالىق بەدىلى» (ۋاڭيۈەنجيەن)؛ دراممىلاردىن «مىڭلىغان تاغ-دەريالار» (چىڭچىنتۇڭ)، «چايخانا» (لاۋشى)، «خۇڭخۇ پارتىزانلىرى» (خۇبېي ئۆلكىلىك تەجرىبە ئوپېرا ئۆمىكى) «جياڭ ھەدە» (يەنسۇ)؛ داستانلاردىن «ياڭگاۋ تەزكىرىسى» (لى جى)، «قىساس يالقۇنى» (ۋېن جېي) قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي كارتىنىسىنى شەكىللەندۈردى. بۇ تېمىدىكى ئەسەرلەر-

نىڭ مۇۋاپپەقىيەتىنىڭ بۇنچىۋالا گەۋدىلىك بولۇشى تەساد-
پىي ئەمەس. نۇرغۇنلىغان يازغۇچىلارنىڭ ئەشۇ ئۇرۇش يىل-
لىرىنى ئۆز بېشىدىن بىۋاستە ئۆتكۈزگەنلىكى، دېموكراتىك
ئىنقىلابنىڭ قايناملىرىغا چۆمۈلۈپ چىققانلىقى ئۇلارنى مول
تۇرمۇش ئاساسىغا، كۆرەش تەجرىبىلىرىگە ئىگە قىلغان.
ئۇنىڭدىن سىرت دېموكراتىك ئىنقىلابنى قانداق تونۇش مە-
سىلىسى ئاساسەن ئېنىق ھەل بولغان. شۇنداق بولغاچقا بۇ
شەرتلەر ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىنى قولايلىق ئىمكانىيەتلەر بىلەن
تەمىنلىگەن.

سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىز-
نىڭ ياش جۇمھۇرىيىتىمىز ئۈچۈن بىر يېڭى ئىش ئىدى. ئۇ-
نىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، سىياسەت، ئەخلاق قاتارلىق تە-
رەپلىرى پۈتۈنلەي يېڭى بولغانلىقى ئۈچۈن ۋە ئىجتىمائىي
تۇرمۇش ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن يازغۇچىلا-
رىمىزغا باشقىدىن تونۇشۇش، يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىشكە توغرا
كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىيات بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسى-
ۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلە
30 نەچچە يىلدىن بېرى تالاش-تارتىشنىڭ مەركىزىي نۇق-
تىسى بولۇپ كەلدى. ئەدەبىياتچىلار سوتسىيالىستىك رېئاللىق-
نى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئەگرى-توقاي يولنى بېسىپ كەلدى.
ئومۇمىي ياقتىن قارىغاندا، 1956-يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىجتى-
مائىي تۇرمۇش ئەدەبىي ئەسەرلەردە خېلى مۇكەممەل ئىنكاس
قىلىندى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىلىكىمۇ خېلى يۇقىرى بولدى.
ئەشۇ چاغلاردا ئىجتىمائىي تۇرمۇش نورمال ئىدى. يازغۇچىلار-

نىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا بولغان قىزغىنلىقى ناھايىتى كۈچلۈك، كۆڭلى ئازادە ئىدى. شۇڭا ئۇلار رېئال تۇرمۇشقا چۆكۈپ كونا ۋە يېڭى جەمئىيەتنى سېلىشتۇرما قىلىپ تۇرۇپ سوتسىيالىزمنى مەدھىيىلىدى. بۇنداق مەزمۇننى لاۋشېنىڭ «لۇڭشۇيگو خەندىكى» ناملىق دراممىسىدىن ئېنىق كۆرۈپ ئالالايمىز. ئۇندىن باشقا گومورو، باجىن، ساۋيۈي، خې چىڭفاڭ، دىڭلىڭ، ئەي ۋۇ، شيايەن قاتارلىق پېشقەدەم يازغۇچى - شا-ئىرلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ئەسەرلىرى بىلەن يېڭى تۇرمۇشقا بارىكاللا ئوقۇدى. خې جىڭجىنىڭ «ياڭرىتىمەن ناخشامنى»، گوشياۋچۇەننىڭ «ياش گراژدانغا» قاتارلىق شېئىرلىرى يۈك-سەك دەۋر روھىنى نامايەن قىلغان بولسا، شىن شىمىڭ قاتار-لىقلارنىڭ «رەڭگا - رەڭ چىراقلار ئاستىدىكى قاراۋۇل»، خۇ-كېنىڭ «خۇەيشۇ كەنتىدە» دېگەندەك سەھنە ئەسەرلىرى بىر ھەربىي قىسىمنىڭ ئىچىدىكى ئىدىيىۋى كۆرەش ۋە بىر كەنت-نىڭ قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ۋە يېزا - شەھەرلەردىكى غايەت زور ئۆز-گىرىشلەرنى ئىپادىلىدى. ليۇچىڭنىڭ «ئىگىلىك تىكلەش ھەق-قىدە قىسسە»، جاۋشۇلىنىڭ «سەنلىۋەن كەنتىدە»، جۇلىبۇنىڭ تاغلىق كەنتتىكى چوڭ ئۆزگىرىش»، چىڭدىڭكېنىڭ «گۇلدۇر-ماما» قاتارلىق رومانلىرى يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك ئىن-قىلاب مەنزىرىسىنى سۈرەتلەپ بەردى. مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى تەقدىرى ۋە چىقىش يولى جۇئېرفۇ-نىڭ «شاڭخەيىنىڭ سەھىرى» ناملىق رومانىدا ئەكس ئەتتۈ-رۈلدى. دۇپىڭچېڭنىڭ «تىنچ كۈنلەردە»، ئەي ۋۇنىڭ «پولات-

تەك تاۋلىنىش» قاتارلىق ئەسەرلىرى سانائەت سېپىدىكى جۇشقۇن كەيپىياتنى ئىپادىلەپ بەردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئارا گىرەلىشىپ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ يېپ-يېڭى قىياپىتىنى كارتىنىلاشتۇرۇپ بەردى.

1956 - يىلى ئۈچ چوڭ ئۆزگەرتىشنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىنىشى ۋە سىنىپلار ئەھۋالىنىڭ تۈپتىن ئۆزگەرىشى ئىلىمىزنىڭ ۋەزىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب بۇرۇلۇش پەيتىگە كەلدى. يېڭى كەڭ كۆلەملىك شىددەتلىك سىنىپىي كۈرەش ئاساسەن تاماملىنىپ بارلىق ئىجتىمائىي كۈچلەر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئىبارەت مەركىزىي ۋەزىپىگە مۇجەسسەملەشتى. 1956 - يىلى يولداش ماۋزېدۇڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلسۇن، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايرىسۇن» دېگەن فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ فاڭجېن يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە قويۇۋاتقان يېڭى تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈردى. سەنئەت دېموكراتىيىسى كەڭ يولغا قويۇلغان، نەزەرىيە تەتقىقاتى ئاجايىپ جانلانغان بۇ يېڭى ۋەزىيەتتە ئەدەبىي ئىجادىيەت راسا گۈللەندى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇ مەزگىلدە يېزىلغان خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەردۇر. بۇ ئەسەرلەر سوتسىئالىستىك جەمئىيەتنىڭ ساغلام موسكۇللىرىدا پەيدا بولغان چىرىتىش رولىنى ئوينايدىغان كېسەللىك مىكروپلىرىنى — ئىدىيىدىكى قاتماللىق، كونسېرۋاتىپلىق، تۆرىچىلىك، ھوقۇققا چوقۇنۇش، سۈپەت ئۆزگەرتىش قاتارلىق ناچار

ئىللەتلەرنى قامچىلىدى. «تەشكىلات بۇسىغا كەلگەن ياش» (ۋاڭ مىڭ)، «تىنچ كۈنلەردە» (دۇپىڭچىڭ) قاتارلىق ئەسەرلەر مانا مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلەردىن ھېسابلىنىدۇ. بىراق ياخشى نىيەتلىك، توغرا پىكىرلىك بۇ ئەسەرلەر كۆتۈلمىگەندە يامان ئاقىۋەتكە دۇچار بولدى. 1957 - يىلىدىكى ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەش ئېغىر دەرىجىدە كېڭەيتىلىۋەتكەچكە بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى «پۈتلىكاشاڭ» لار دەپ قارىلىپ پۈتۈنلەي دېگۈدەك تازىلىۋېتىلدى ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدە ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەش ئېغىر دەرىجىدە كېڭەيتىۋېتىلگەچكە، بىر قىسىم يازغۇچى ۋە ئەسەرلەرگە ئۇۋال قىلىندى، يازغۇچىلار سوتسىيالىستىك رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇلدى. ئەدەبىياتنىڭ رېئالىستىك روھى ئاجىزلاپ كەتتى. 1958 - ، 1959 - يىللىرى گېزىت - ژۇرناللارنى تۈرمۈشنى بۇرمىلىغان ياكى پەدازلاپ كۆرسەتكەن ناچار ئەسەرلەر قاپلاپ كەتتى. گەرچە بۇ مەزگىلدە رومان ئىجادىيىتىدە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىغا ئاتاپ بەزى ياخشى كىنولار ئىشلەنگەن بولسىمۇ ئەمما بۇ ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى تارىخىي تېمىلارغا بېغىشلانغانىدى.

«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» نىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى كىشىلەرنى خېلى سەگىتىپ قويدى. ئۇزۇندىن بۇيان ئەدەبىيات - سەنئەتتە ئەۋج ئېلىپ كېلىۋاتقان «سول» چىل خاھىش ئەندى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ پۈتلىكاشىڭى بولۇپ ئاشكارە بىلىنىشكە باشلىدى. يولداش جۇئېنلەينىڭ 1961 - يىلى

6 - ئايدا ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا ۋە ھېكايە فىلىم ئىجادىيەت يىغىنىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزى، 1962 - يىلى بېيجىڭدىكى جىڭجۈي، ئوپېرا، باللار تىياتىرى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يازغۇچىلارغا قىلغان سۆز- لىرى؛ يولداش چېن يىنىڭ شۇ يىلى 3 - ئايدا گۇاڭجۇدا ئېچىلغان كومىدىيە، ئوپېرا، باللار تىياتىرى ئىجادىيەت سۆھ- بەت يىغىنىدا قىلغان سۆزلىرى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى- نىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» نى راۋاجلاندۇردى. ئۇلار ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر- نى جىددىي ھالدا كۆرسىتىپ بەردى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن توغرا تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەشەببۇس: ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلە- رىنى تولۇق ئازاد قىلىش، «ئېچىلىش، سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، سەنئەت دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئەدەبىيات - سەنئەت فاڭجېنىنىڭ توغرىلىنىشى بىلەن رېئاللىقتىڭ روھ يەنە كۆچەيدى. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مول - ھوسۇل مەۋسۇمى يېتىپ كەلدى. بۇ مەزگىلدە بولۇپمۇ تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەر كۆپلەپ ئىجاد قىلىندى. مەسىلەن: «جا - سارەت قىسسىسى (ساۋيۈي)، «باھادىر شاھ لى زىچېڭ» نىڭ 1 - قىسمى (ياۋشۆيىڭ) ۋە يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان تارد - خىي درامىلاردىن «خەيرۇيىنىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇشى»

(ۋۇخەن)، «شيې ياۋخۇەن» (تىيەن خەن)، «لى خۇينياڭ» (مىڭ چاۋ) قاتارلىقلار. بۇ ئەسەرلەر گەرچە رېئاللىقنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىلھامى ۋە ئەسلى تۇرمۇش تەسىراتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يېزىلغان. بۇ ئەسەرلەر خەلقنىڭ ئىجادكارلىق روھىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ قەھرىمانلىرىنى مەدھىيىلىدى، تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلىدى. دەرۋەقە بۇ ئەسەرلەرنىڭ «بۈگۈننى مەسخىرە قىلىدىغان» تەرىپىمۇ بار ئىدى. ئۇلاردا گەۋدىلەندۈرۈلگەن «خەلق ئۈچۈن جان پىدا قىلىش» روھى رېئاللىقتىكى بەزى ئەھۋاللار بىلەن سېلىشتۇرما بولاتتى. گەرچە بۇ ئەسەرلەر ئۆزۈن ئۆتمەيلا «پارتىيە، سوتسىيالىزمغا قارشى» دېگەن بەتنام بىلەن قارىلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئەينى شارائىتتا خەلققە ئەنئەنە تەربىيىسى بېرىشتە ۋە خەلق مەنپەئىتىدىن ئايرىلغان، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھەر خىل ناتوغرا ئىستىل، ناچار خاھىشلارنى تەنقىد قىلىشتا، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئېچىپ كۆرسىتىشتە ئاكتىپ رول ئويناپ خەلقنىڭ ئاۋازىنى ۋاستىلىق رەۋىشتە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

1962 - يىلىدىن كېيىن «سىنىپىي كۈرەشنى مەڭگۈ ئۇنتۇماسلىق كېرەك» دېگەن سىياسىي شۇئارغا ماسلاشقان ئەسەرلەر كۆپلەپ يېزىلىپ بازارنى ئىگەللەپ كەتتى. بۇلار بىر خىل سىياسىي نەزەرىيىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولۇپ، رامكا ۋە قېلىپ ئېچىدىكى نەرسىلەر ئىدى. بىراق بۇلارنىڭ 50 - يىللاردىكى سىخېماتىزىملىق خاھىشىنىڭ تەسىرىگە

ئۆچىردىغان ئەسەرلەر بىلەن پەرقى بار. ئۇ چاغلاردا بەزى يازغۇچىلار ئۆتنەك قىزغىنلىقىغا تايىنىپلا رامكا، قېلىپ ئىچىدىكى قوپال ئەسەرنى يازغان. بۇ، ئەمەلىيەتتە، بىر خىل گۆدەكلىك، خاملىق ئىدى خالاس، ئەندىكىسىنىڭ بولسا يېزىش مۇددىئاسى ئاساسەن سىياسىي ئېھتىياجدىن تۇغۇلغان بولۇپ بۇلارنىڭ تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى كېسىپ ئېلىش ماھارىتىمۇ ئىلگىرىكىدىن كۆپ ئۈستۈن ئىدى.

ئىجادىيەتنىڭ بۇ ھادىسە داۋاملىشىپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى چوڭ پىيەن ھەرىكەتلىرىگە بېرىپ ئۇلاندى. ئەدەبىياتنىڭ رېئالىستىك روھى بوغۇلدى. بۇ خىل ناچار كەيپىيات بارغانسېرى كۈچىيىپ، لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە ئومۇمىيۈزلۈك دىكتاتورا يۈرگۈزۈشىنى قولايلىق ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىنلىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ يۈرگەن ئەشۇ مۇدھىش يىللاردا ئەدەبىيات بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىدىن سۆز ئېچىشمۇ مۇمكىن بولماي قالدى. بۇ چاغلاردا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىۋالغان «سۇيىقەست ئەدەبىياتى» نىڭ تۈپ ماھىيىتى ئالدامچىلىق، كۆز بويامچىلىق بولدى.

سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئەدەبىيات بىلەن رېئال تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى نېمە ئۈچۈن نورمال ئورۇنغا قويۇلمىدى؟ بۇ مۇناسىۋەت نېمە ئۈچۈن قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلدى؟

بۇنىڭ سەۋەبىنى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ داۋالغۇپلا تۇرغانلىقىدىن ۋە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى رېئالىزمغا تەتۈلغان پوزىتسىيىنىڭ بىر خىل بولمىغانلىقىدىن ئىزدەش كېرەك.

رېئالىزم — ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ئىدىيىۋى ئېقىمى. ئۇ ئەدەبىيات بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماتېرىيالىزم ئاساسىدا بىر تەرەپ قىلىدۇ. سوت-سىيالىستىك ئەدەبىيات بۇنداق ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىنقىلابىي رومانتىزم قاتارلىق ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى بىلەن بىرلىكتە ئىشلەتتى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى بولسىمۇ ئەمما رېئالىستىك ئىجادىيەت ئۇسۇلى نۇرغۇن قېتىم زەربە يەپ كۆپ چەكلىمىلەرگە ئۇچرىدى. بىز بۇ ئەھۋاللارنى بىر قۇر ئەسكە ئېلىپ ئۆتەيلى: 50 - يىللارنىڭ دەسلەپىدە خۇفېڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى پىپەن قىلىنغان چاغلاردىلا پىپەنىنىڭ شامىلى «رېئالىزم»، «چىناسق بىلەن يېزىش» دېگەندەك تەشەببۇسلارغا تېگىپ ئۆتكەن ئىدى. لېكىن رېئالىستىك ئەنئەنە قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بول-غاچقا بۇنچىلىك ئېغىشلاردا تونجۇقۇپ كەتمىدى. 1956 - يىلى «رېئالىزم — كەڭ يول»، «تۇرمۇشقا ئارىلىشىش» دېگەندەك شوئارلار بىلەن قايتىدىن جانلىنىپ كەتتى. بۇ چاغدىكى ئىجادىيەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى، رېئالىزم كۈچەيسە قاراڭ-غۇلۇقنى پاش قىلىش بىلەنلا بولۇپ كېتىدىغان خاھىش باش كۆتۈردى، دەيدىغان ئەندىشىنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. 1958 - يىلىدىن باشلاپ ئىنقىلابىي رېئالىزمغا خىيالىي دەرىجىدە زەربە بېرىلدى، ئەينى دەۋردىكى ئىج-تىمائىي شارائىت ئاستىدا غايىنىلا يېزىش، ئەتىنى يېزىش، كەلگۈسىنى يېزىش ھەدەپ تەكىتلەندى. ئىجادىيەت رېئالىزم-

دىن ئاساسەن چەتنەپ كەتتى، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدىكى ھادىسىلەر بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. 1962 - يىلىغا كەلگەندە ئەدەبىيات - سەنئەت فاڭجېنىنى توغرىلانغاندىن كېيىن، بىر تۈركۈم يازغۇچىلار «رېئالىزمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ساقلىنىۋاتقان چوڭ سۆز - لەش، يۇقىرى مۇقامغا توۋلاش، تۇرمۇشنى پەدازلاشتەك يارىماس كەيپىياتلارنى ئۆزگەرتىپ، «رېئالىزمنى چوڭقۇر - لاشتۇرۇش»، «ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزمنى بىرلەشتۈرۈش يولىغا ئېغىش» دېگەن توغرا پىكىرنى قۇۋۋەتلەشتى. شۇڭا بۇ مەزگىلدىكى ئىجادىيەت گۈللەندى. بىراق رېئالىزمنىڭ بۇ قېتىمقى قايتا تىرىلىشى بىلەن شەكىللەنگەن ياخشى ۋەزىيەت ئانچە ئۇزۇن داۋام قىلالمىدى. رېئالىزمنىڭ تەشەببۇسچىلىرى 57 - يىلىدىكىدىنمۇ قاتتىقراق زەربىگە دۇچ كەلدى، ھەتتا رېئالىستىك يازغۇچى جاۋ شۇلىمۇ ئەيىپ - لەندى. بۇ مەشھۇر يازغۇچى لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن ئۆلۈم گىرداۋىغا كىرىپ قالغان چېغىدا، ئۆزىنىڭ قىزىغا غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلىپ: «بۇ يىللاردا مەن ئاساسەن ھېچنەرسە يازمىدىم. چۈنكى راس گەپنى قىلغىلى بولمىدى، يالغاننى مېنىڭ يازغۇم كەلمىدى. ئىلاجىسىزلىقتىن يازالمىدىم»① دېگەن ئىدى. جاۋشۇلى «بۇ يىللاردا» دېگەندە ئەلۋەتتە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي» مەزگىلىنى كۆزدە تۇتمايدۇ. چۈنكى ئۇ «مەدەنىيەت زور

① جاۋگۇاڭجيەن «ئىلگىرى ئۇلتۇرغان ئۆيىنىڭ ئالدىدا» ناملىق ماقالىسىدىن «ئەل - نەغمە» ژۇرنىلىنىڭ 1979 - يىللىق 3 - سانىدىن.

ئىنقىلابى» دا يېزىش ھوقۇقى تۇرماق ياشاش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى. جاۋشۇلىنىڭ بۇ شىكايىتى يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىنقىلابىي رېئالىزمنى داۋاملاشتۇرۇش يولىدا خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل جەۋرى-جاپا تارتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

1963 - ۋە 1964 - يىللىرىدىن باشلانغان «ئوتتۇ-تۇرىدىكى پېرسوناژلار» نى يېزىشنى پىپەن قىلىش، «رېئالىزم-نى چوڭقۇرلاشتۇرۇش» نى پىپەن قىلىشتىن تارتىپ «خەي-رۇيىنىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇشى» نى پىپەن قىلىشقىچە بولغان ئارىلىقتا ئەھۋاللار تۈپتىن ئۆزگەردى. چۈنكى بۇ چاغدا لىن بياۋ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار ئەدەبىيات-سەنئەتكە قارا قولىنى تىققىلى باشلىغانىدى. ئۇلار ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىگە تولۇق ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن ئالدامچىلىق، كۆز بوياش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان «سۈيىقەست ئەدەبىياتى»، نى بازارغا سېلىپ بارلىق ئىلغار ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنى ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئېسىل ئەنئەنە، قىممەتلىك نەتىجىلىرىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋەتتى.

1976 - يىلىدىكى «5 - ئاپرېل» ھەرىكىتىدىن ئېتىۋا-رەن يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى باشلاندى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلىش بىلەن نەچچە گەز قېلىنلىقتا توڭلاپ كەتكەن مۇزلار ئېرىپ، ئەدەبىياتنىڭ باھارى يېتىپ كەلدى. لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» دۆلەت ۋە خەلققە بالايى ئاپەت ياغدۇرۇپ ئىچكى ۋە تاشقى جاراھەتلەرنى قالدۇرغانىدى. ھەر خىل ئىجتىمائىي مەسىلەر تاغدەك

دۆۋىلىنىپ كەتكەندى. يەنە نۇرغۇنلىغان پوۋېستلار «تۆتنى يامانلاشتۇرۇش» يولىنى تۇتۇپ تۇراتتى، بۇ مەزگىلدە يازغۇچىلار «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» قا بولغان غەزەپ نەپرىتى، كۈچلۈك ئىنقىلابىي مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشىپ خەلقنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرىتىنى، ئۇلارنىڭ تەلەپ ۋە ئارزۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى. مەسىلەن: «جاراھەت» (لۇشىنخۇا) «ئويغان ئوكام»، «سىنىپ تەربىيىچىسى» (ليۇشىنۋۇ) «ئادەم بىلەن ئالۋاستىلار ئارىسىدا» (ليۇبىنيەن)، «ئادەم ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندە» (شېن رۇڭ)، «ھوقۇق ۋە قانۇن» (شىيىڭ يىشۈن) «خاتا قۇراشتۇرۇلغان ھېكايە» (رۇجىجۈەن)، «دولقۇنلار ئەۋجىدە» (ئەي چىڭ)، كەلگۈسى چاقىرماقتا» (جاۋشىنشيۈڭ) قاتارلىقلار مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلەردىندۇر. بۇ ئەسەرلەر تۇرمۇش رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تارىخنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى چىنلىق بىلەن يورۇتۇپ بەردى. ئىجادىيەتنىڭ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىپ رېئالىزمدىن ئىبارەت ئىجادىيەت ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە ئۇنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى. «سىنىپ تەربىيىچىسى»، «مۇقەددەس ۋەزىپە» (ۋاڭ ياپىڭ)، «ئىمتىناس ئەمەس بۇ ماكان» (زۇڭ فۇشيەن) قاتارلىق ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلەر خەلقنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بىلەن قىلغان كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا «گېزىت ساتقۇچى باللار» (جاۋچۈڭفى قاتارلىقلار) «چېن يىنىڭ تاغدىن چۈشۈشى» (دىڭ يىشەن) قاتارلىقلار پېشقەدەم ئىنقىلابچىلىرىمىزنى مەدھىيىلەپ ئۇلارنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ئوبرازىنى تىكلىدى. «گۈلد باخ قىياسى»

(شۇيچى)، «ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ قايتا كۆتۈرۈلۈشى» (خۇاڭ گاڭ) قاتارلىقلار «تۆت نى زامانىۋىلاشتۇرۇش» نىڭ تەلىپىگە ماسلاشقان ھالدا جۇڭگو زىيالىيلىرىغا ئەدەبىيات سەھىپىسىدىن تىگىشلىك ئورۇن بەردى.

يىغىپ ئېيتقاندا، يېڭى باسقۇچتا (3- باسقۇچتا) ئەدەبىيات بىلەن تۇرمۇشنىڭ ۋە خەلقنىڭ مۇناسىۋىتى ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن زىچ بولدى. يازغۇچىلار تۇرمۇشنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە توغرا كۆزىتىدىغان بولدى. ئەدەبىيات خەلقىمىزنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى، تەقدىرى، كۈرەشلىرىنى ۋە ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى شۇنىڭدەك ھەر خىل زىددىيەت، تۈرلۈك پېرسوناژلارنى جانلىق، تەسىرلىك ۋە چىن قىلىپ ئىپادىلىدى ۋە ئىپادىلەۋاتىدۇ. ئىنقىلابىي رېئالىزمنىڭ روھ تېخىمۇ كۈچىيىۋاتىدۇ.

## 2 - §. تەجرىبە - ساۋاقلار

يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك جىددىي مەسىلە بولۇپ كەلدى.

توغرا سىياسىي لۇشيەن ۋە فاڭجېن، سىياسەتلەر ئەدەبىياتنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە زور سىياسىي مەسىلىلەرمۇ ئەدەبىياتتا ئىنكاس قىلىنىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىنىڭ سىياسىي مايىللىقى بولغاچقا ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە سىياسىيغا، جەمئىيەتكە تەسىر كۆر -

ستىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىيات خۇددى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئايرىلالمىغاندەك سىياسىدىنمۇ ئايرىلالمايدۇ. ئەدەبىيات ۋە سىياسىي داۋاملىق ئۆز-ئارا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرۇشىدۇ.

يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئوتتۇز نەچچە يىللىق تارىخىدا ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە نۇرغۇن قېتىملاپ سىياسىي ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلدى. ئۇلار داۋاملىق كىچىكلىكتىن زورىيىپ، دائىرىسى كېڭىيىپ ئاخىرى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى زور ھەرىكەتلەرگە ئايلىنىپ كەتتى. پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەدەبىيات-سەنئەت مەسىلىرىنى سىياسىي ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ھەل قىلىشنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ، بەلكى يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئەسلەپ كۆرىدىغان بولساق، ئېلىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىنكى زور سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتتىن باشلانغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئەدەبىيات-سەنئەت مەسىلىلىرى توغرا ھەل قىلىنمىدى. بەلكى سىياسىي كۈرەش ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى ۋە نەزەرىيىۋى مەسىلىلەردىكى ھەق-ناھەقنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ قويۇلدى، نەتىجىدە ئىككى خىل زىددىيەت ئارلاشتۇرۇۋېتىلىپ توغرا نەرسىلەر زەربىگە ئۇچرىدى. خاتا خاھىش يامراپ كەتتى. 1957-يىلىدىكى ئوڭچىلارغا قارشى ھەرىكەتنىڭ ئېغىر دەرىجىدە كېڭەيتىۋېتىلىشى مانا بۇنىڭدىكى ئاچچىق ساۋاقتۇر.

بىزنىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئۇزۇندىن

بىرى «ئەدەبىيات ـ سەنئەت دەۋرنىڭ بارومېتىرى» دېگەن خاتا كۆز قاراش سىنىپىي كۆرەشنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىن باشلاپ چىڭ تۇتۇشنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى بولۇپ كەلدى. بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان قالايمىقانچىلىقنى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە كەلتۈرگەن زىيىنىنىڭ چوڭ ـ لۇقىنى ئۆلچەرلەش تەس. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بازارغا سالغان «سۈيىقەست ئەدەبىياتى» مۇ مۇشۇ شۇئارنى ئۆزىگە نەزەرىيىۋى ئاساس قىلغانىدى. بۇنداق ئاچچىق ساۋاقلارنى ھەرگىز ئۇنتۇشقا بولمايدۇ.

ئەدەبىيات بىلەن سىياسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇزۇندىن بىرى ئەدەبىيات سىياسىغا مەنسۇپ، دەيدىغان شۇئار تەرىپىدىن قالايمىقان قىلىنىپ كەلدى. بۇ شۇئار ئەدەبىياتقا خالىغانچە ئارىلىشىشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بولۇپلا قالماي، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئۇقۇملاشتۇرۇش، فورمۇلىلاشتۇرۇشلارنىڭ مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىنى يېزىش، كونكرېت سىياسەتلەرنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈش، مەلۇم بىر سىياسىي كۆز قاراشنى بىۋاسىتە تەشۋىق قىلىش ـ لارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ شۇئارغا چېتىشلىق. مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي ھاياتى ئۇزۇنغا بارمىدى، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمىدى. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، تارىخنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، خەلقنىڭ ئارزۇسى، دەۋرنىڭ روھىنى ئىپادىلەپ بېرەلىگەن ئەسەرلەرلا پارتىيە ـ نىڭ كۈرەش نىشانىنى، خەلقىمىزنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسىنى ئەمەلگە

ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت چوڭ سىياسىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىدى.

بىر ئۇلۇغ يازغۇچى چوقۇم ئۆز دەۋرىنىڭ مۇتەپەككۇرى بولۇشى، شۇ دەۋر ئىدىيىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرۇشى كېرەك. ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇق ئارقىلىق ئۆزى تۇنۇپ يەتكەن تارىخىي مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم. ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنى چوڭقۇر تونىماي، تۇرمۇشتىن توغرا تەسىرات ئالماي تۇرۇپ، ھەربىر باسقۇچتىكى شۇئارلارغا تايىنىپلا ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى ياراتقىلى بولمايدۇ.

## ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىنى ھۆرمەت قىلىش مەسىلىسى

تارىختا ئۆتكەن ئەدىبلەر، نەزەرىيىچىلەر ئۆز دەۋرلىرىدىلا ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدە قانۇنىيەتلىرىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىشقان ۋە بۇ ھەقتىكى تونۇشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ماقالە، ئەسەرلىرىدە بايان قىلىشقانىدى. ماركسىزم ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىنىڭ بەزى ۋاقىتلاردا ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تەڭكەش بولمايدىغانلىقىنى شەرھلىگەن ئىدى. دېمەك ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتى ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆزىگىلا خاس قانۇنىيەتلىرى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا ئىپادىلىنىدۇ.

‹ 1 › ئەدەبىياتنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلىش مەسىلىسى. بىزگە مەلۇمكى ھەرقانداق بىر دەۋرنىڭ

ئەدەبىياتى ئالدىنقى دەۋرلەرنىڭ ئەدەبىياتىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. ۋارىسلىق قىلىش بولمىسا، تەرەققىياتمۇ بولمايدۇ. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزمۇ بۇ قانۇنىيەتنىڭ سىرتىدا ئەمەس. شۇڭا ئۇمۇ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا بولۇپمۇ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىز يەنىلا ئېلىمىزنىڭ مىللىي ئەدەبىياتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىدىيىۋى خۇسۇسىيەت ۋە مەزمۇنى جەھەتتىن سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى، ئەنئەنە، شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن مىللىيچە بولغان ئەدەبىياتتۇر. روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئەدەبىياتلا ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا پارلاق نۇر چاچالايدۇ. مۇقىم ئورۇنغا ئىگە بولالايدۇ. بىزنىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىز ئېلىمىزدىكى ھەممە مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى بولغاچقا ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ تۈرۈۋشى نورمال ھادىسە. بىراق ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات ئالاھىدىلىكىنى، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك. مىللىي ئەدەبىيات ئۆز مىللىتىدىن باشقىلارنىڭ ئەدەبىياتىنى چەتكە قاقىدىغان ئەدەبىيات ئەمەس. خەلقئارالىق بېرىش - كېلىش پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپىيىشى، مۇناسىۋەتنىڭ قويۇقلىشىشى، مەدەنىيەتنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىدا يېڭى ئامىللارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە كۆپىيىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا ۋە يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا مىساللار ناھايىتى كۆپ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋارىسلىق قىلىش، قوبۇل قىلىش ۋە تەرەققىي قىلىشنىڭ مۇناسىۋەت

دائىردىسىگە كىرىدۇ. لېكىن، ئەدەبىياتنىڭ مىللىي خۇسۇسىيىتى شۇنىڭلىق بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. بىزنىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزغا مەنسۇپ بولغان بىر قىسىم مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى كۆچلۈك ۋە روشەن. ئازادلىقتىن بېرى ئەدەبىيات ساھەسىدە بۇ مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىلىپ كەلدى. لېكىن بىز ئەدەبىياتىمىزنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈرۈپ، جاھانشۇمۇل نەتىجىلەرگە ئېرىشىشنى كۆزلەيدىكەنمىز، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېتىۋار قىلىپ، بۇ جەھەتتە تېخىمۇ كۆپرەك ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

‹ 2 › ئىجادىيەت ئۇسۇلى: بۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە مەنسۇپ بولغان يەنە بىر مەسىلە بولۇپ، ئۇ مۇئەييەن بىر ئەدەبىيات ئىدىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنسانىيەتنىڭ داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىگە باغلىنىشلىق. ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا رېئالىزم ۋە رومانتىزمدىن ئىبارەت ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنىڭ ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخى بار. ئازادلىقتىن كېيىنكى 30 نەچچە يىل مابەينىدە ئىجادىيەت ئۇسۇلى توغرىسىدىكى تالاش - تارتىشلار ئۈزۈلمەي كېلىۋاتىدۇ. مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا چارىسى — ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ھۆرمەتلەش. ئەمەلىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەمۇرىي چارە - تەدبىرلەر ئارقىلىق مەلۇم بىر ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى كۆتۈرۈپ چىقىش ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئەمەس. ئەمەلىيەت يەنە شۇنى كۆرسەتتى بەردىكى، قانداق پېرسوناژنىڭ ئاساسىي قەھرىمان بولالىشى، ئىجابىي قەھرىمانلارنىڭ

يېتەرسىزلىكلىرىنى يېزىشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقى قاتار - لىق مەسىلىلەردە رامكا، قېلىپ بەلگىلەشلەرنىڭ ھەممىسى ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپ ئەھۋاللاردۇر.

‹ 3 › ئەدەبىياتنىڭ رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئۆزگىچىلىكى بولسا تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە.

سىياسەت، ئىقتىساد، ئەخلاق ۋاقازالارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنى ئۆزىنىڭ تەتقىق قىلىش ئوبيېكتى قىلىدۇ. ئەدەبىيات بولسا پۈتكۈل جەمئىيەتنى، يەنى جەمئىيەتنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئۆزىنىڭ تەتقىق قىلىش ئوبيېكتى قىلىدۇ. ئۇ كونكرېت ۋە ئوبيېكتىپ تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ماتېرىيال قىلىپ تۇرۇپ، تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئىنكاس قىلىدۇ. بۇ ھەرگىز مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىپتىدائىي ۋە ئەينەن كۆرسىتىلىشى ئەمەس. بەلكى يازغۇچىنىڭ تاللاش، پىششىقلاپ ئىشلەش، يىغىنچاقلاش، تىپىكلەشتۈرۈشلىرى ئارقى - لىق ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى، ئىستېتىك قاراش - لىرىنى سىڭدۈرگەندىن كېيىنكى تەسۋىرىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىيات باشقا پەنلەرگە قارىغاندا تۇرمۇشقا تېخىمۇ يېقىن بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى سىياسىي بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇشقا، بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇشقا زادى بولمايدۇ. 30 يىلدىن بېرى ئەدەبىياتنىڭ يوقىرىقىدەك ئالا- ھىدىلىكلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان ناچار ئىستىللار، بىمەنە ھەرىكەتلەر ناھايىتى كۆپ سادىر بولدى. ھەتتا ئەدەبىيات - نىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشقىمۇ يول قويمايدىغان

ئەھۋاللار كۆرۈلدى. بۇ تارىخىي ساۋاقلارنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىش كېرەك.

‹ 4 › بىر دەۋردە پىشقان ياكى بىر قەدەر پىشقان يازغۇچىلارنىڭ بار يوقلۇقى ۋە ئاز ـ كۆپلىكىمۇ شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ بىرسى. يازغۇچى جەمئىيەتنىڭ پەرۋىش قىلىشى، تەربىيىلىشى ۋە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە پىشىپ يېتىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ خىيالى ئۇزۇن بىر جەريان جاپالىق ئەمگەك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرىنى قەدىرلەش، ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىش لازىم. ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىش، ھەر جەھەتتىن ياردەم قىلىش ۋە غەمخورلۇق قىلىش كېرەك. ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ھېسابلاشماي يازغۇچىلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىش ئەمەلىيەتتە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىلىنغان بۇز ـ غۇنچىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن بىزنىڭ يازغۇچىلار قوشۇنىمىز كەڭەيدى. لېكىن يېتىلگەنلىك بىلەن يازغۇچىلارغا زەربە بېرىدىغان (چىقىش يولى بەرمەيدىغان) ھادىسىلەر كۆپ سادىر بولدى. بۇ ئەھۋال ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزغا كۆپ زىيانلارنى كەلتۈردى. بولۇپمۇ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ فاشىستىك دىكتاتۇرىسى بىزنىڭ يازغۇ ـ چىلار قوشۇنىمىزغا تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە زىيان سالدى. بىز بۇ ئاچچىق ساۋاقتىن ئىبرەت ئېلىپ بۇنداق تارىخىي تىراگېدىيىنىڭ قايتا ئۇيۇنلىشىغا قەتئىي يول قويماسلىقىمىز لازىم. ئىسىمىزدە بولسۇنكى، يازغۇچىلارنى

ئاسىراشنىڭ ئۆزى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئاسىراشتۇر. يازغۇچىلارغا كۆيۈنۈش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق. ئەدەبىيات ـ سەنئەت دېموكراتىيىسى تۇرغۇزۇلغان، ۋە يازغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئىجادكارلىقىنى، قابىلىيەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ كەڭ ئىمكانىيىتى تۇغۇلغان بۈگۈنكى بۇ ياخشى شارائىت ئاسانلىقچە قولغا كەلگىنى يوق. شۇڭا ئۇنى تېخىمۇ قەدىرلىشىمىز لازىم.

‹ 5 › ئۇسلۇب ۋە ئېقىم: ئوخشىمىغان ئۇسلۇب ۋە ھەر خىل ئېقىملارنىڭ شەكىللىنىشى ئەدەبىياتنىڭ گۈللەنگەنلىكىنىڭ دەلىلى.

ئەدەبىي ئەسەرلەر قانچىكى خاسلىققا ئىگە بولسا، شۇنچە ياخشى بولىدۇ. شۇنچە ئالقىشلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، يازغۇچىلار قانچىكى ئالاھىدە ئۇسلۇبقا ئىگە بولالىسا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى شۇنچە كۈچلۈك تەسىر قوزغايدۇ. دەرۋەقە سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتقا مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەرنىڭ ئۇسلۇبى ساغلام، گۈزەل بولۇشى، خەلقنىڭ بەدىئىي زوقىغا ماسلاشقان بولۇشى كېرەك. بىرنىڭ يېقىنقى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىدا جاۋشۇلى، جولىبو، ليۇچىڭ، سۇن لى، گوشياۋچۇەن، لى جى، چىڭ مۇ، ياڭ سۇ قاتارلىق يازغۇچى شائىرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبلىرى بار. بۇنى ھەممە كىشى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇسلۇبلىرى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىجادىيەت جەريانىدا ئىزدىنىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن، مۇقىملاشقان. ئۇلارنىڭ ئۇسلۇبلىرى خۇددى

ئۇلارنىڭ داغلىق ئەسەرلىرىگە ئوخشاش جەمئىيەتكە مەنسۇپ قىممەتلىك بايلىق، بۇنى ئاسىرىشىمىز لازىم. بىراق شۇنى ئىقرار قىلماي بولمايدۇكى، بىزنىڭ ئوخشىمىغان ئۇسلۇب، ئېقىملارغا ئىلھام بېرىشىمىز، مەدەت بېرىشىمىز ناھايىتى يېتەرسىز. بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىز 30 نەچچە يىل - دىن بېرى تەڭ تەقسىملاتچىلىقتا، چوڭ قازاننىڭ ئېشىغا كۆنۈپ قالدى. ھەيۋەتلىك ئىبارىلەر، جەڭگىۋار شۇئار ۋە ئاھاڭ، قېلىپ رەڭ تولا تەكشىلىنىۋەرگەچكە جانسىزلىق ۋە بىر خىللىق ئىجادىيەتنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىغا ئايلاندى. ئۇسلۇب ۋە ئېقىملارغا زەربە بېرىدىغان ئەھۋاللار بىر قېتىم ئەمەس، بەلكى كۆپ قېتىملاپ سادىر بولدى. مەسىلەن: رۇجىجۇەن ئەسەر - لىرىنىڭ ئۇسلۇبى ئۈستىدىكى تالاش - تارتىشلار زادى بېسىقمىدى. مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئىنكار قىلىش كۆپ قېتىم تەكرارلاندى. «شەنشى ئېقىمى» ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىن سوتسىيالىزم دەۋرىگىچە بولغان ئۇزاق جەرياندا تەدرىجىي شەكىللەنگەن ئەدەبىي ئېقىم ئىدى. مۇشۇنداق تەستە بارلىققا كەلگەن، مۇئەييەن بىر تارىخىي شارائىتنىڭ ئىج - تىمائىي مەھسۇلاتى بولغان بۇ ئېقىم 1964 - يىلىدىن كې - يىن قايتا - قايتا پىپەن قىلىشلار بىلەن ئاخىرى نابۇت قىلىندى. بۇنداق مىساللار ئاز ئەمەس. «تۆت كىشلىك گۇرۇھ» بىت - چىت قىلىنىپ ئەدەبىياتنىڭ باھارى كەلگەن بۇ يېڭى باسقۇچتا ھەر خىل ئۇسلۇبلارنىڭ شەكىللىنىش ئالامەتلىرى ئېنىق كۆرۈلۈۋاتىدۇ. ئەگەر بىز تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئوبدان يەكۈنلەپ «قوش فاڭجېن» نى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرۈد -

دىغان بولساقلا ئەدەبىياتنىڭ ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىل-
دىغان، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايرايدىغان ئالتۇن
دەۋرى چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ.

### 3 - §. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىياتنىڭ بىر قانىتى. ئۇ بىزنىڭ
سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە پارتىيەنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت -
كە رەھبەرلىك قىلىشىدىكى مۇھىم بىر ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ.
شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي ئىجادىيەتكە
شۇنىڭدەك كىتابخانىلارنىڭ بەدىئىي زوقىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ،
پارتىيەنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ ئەدەبىي
ئىجادىيەتكە ئىلھام بېرىدۇ. ساقلانغان مەسىلەلەرنى تۈزىتىشكە
ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى
ھەرگىز ئەدەبىي تەنقىدنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىپ قارىغىلى
بولمايدۇ. ئازادلىقتىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت
نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىي تەنقىد ئىشلىرى خۇددى ئەدەبىي ئىجادى-
يەتكە ئوخشاشلا يۈكسىلىپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.
بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

‹1› ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىچىلىرى
ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىرى 30 نەچچە يىلنىڭ مابەينىدە
ماركسىزم، لېنىنىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى ۋە يولداش
ماۋزېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ
كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇرژۇئازىيىنىڭ ماركسىستىك ئەدە-

بىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسىگە قارشى تۇرلۇك سەپسەتىلەرگە ئۇنۇملۇك قارشى تۇرۇپ، ماركسىزم، لېنىنىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ ۋە ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنىڭ مۇقىملىقىغا كېپىللىك قىلىپ كەلدى.

‹ 2 › ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىچىلىرىمىز ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىز ئىلىمىزنىڭ ھەم چەتئەللەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىلىرىگە نىسبەتەنمۇ ئاددىي ھالدىكى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتمىدى. بەلكى ماركسىزملىق كۆزقاراشلار بىلەن ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈپ ئۇلارنىڭ شاكىلىنى تاشلىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ بارلىق قىممىتى بار مىراسلىرىنى تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، قوبۇل قىلىنغان پايدىلىق تەركىب بىلەن ماركسىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسىنى بېيىتتى.

‹ 3 › كەڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ئىجادىيەت ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش، ئەسەرلەرنى تەنقىد قىلىش بىلەن بىرگە يېڭى مەسىلىلەرنى، يېڭى ئەھۋاللارنى داۋاملىق تەتقىق قىلىپ تۇردى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ ماركسىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈردى.

‹ 4 › ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىچىلىرى ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ئىلىمىزنىڭ ئېسىل ئەدەبىي مىراسلىرى ۋە چەتئەللەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگو ۋە چەتئەللەرنىڭ ھەر خىل ئەدەبىيات تارىخلىرىنى

شۇنىڭدەك بۇ ھەقتىكى مەخسۇس ئىلمىي ماقالىلارنى يېزىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ بۇ خىزمەتلىرى كىلاسسىكلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ۋە بارلىق مۇنەۋۋەر مىراسلارنى قوبۇل قىلىش، ئۇلاردىن پايدىلىنىش شۇنىڭدەك تارىخىي ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئېلىش، شۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشتە ئاكتىۋال رول ئوينىدى.

بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيەچىلىرىمىز ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ باردى. تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى داۋاملىق يەكۈنلەپ نەزەرىيە تەتقىقاتىنىڭ ۋە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلىدى. شۇنىمۇ كۆرسۈتۈپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇلار گەرچە ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە ئېلىپ بېرىلغان «ۋۇشۇننىڭ تەرجىمىھالى» كىنو فىلىمى ئۈستىدە پىپەن، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تەتقىقاتىدىكى بۇرژۇئا ئىدىيالىزمىنى پىپەن قىلىش ۋە خۇفىڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىدىكى خاتالىقلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان پىپەن ھەرىكەتلىرىدە ئاشۇرۇۋېتىش، سىياسەتكە، ئۇسۇلغا دىققەت قىلماسلىق ۋە بىر تەرەپلىمە تەكىتلەپ باشقا تەرەپلىرىنى كۆرمەسلىكتەك بەزىبىر كەمچىلىكلەرگە يول قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي ياقتىن ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسىنى ۋە ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىشتىكى رولى چوڭ بولدى ۋە خىزمەتلىرى ئۈنۈملۈك بولدى.

«تۆت كىشىلىك گورۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ زەھەرلىرىنى ۋە «سول» چىل لۇشيەننىڭ تەسىرىنى تۈگىتىشتە

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جەڭگىۋار رولىنى جارى قىلدۇرۇپ ئوبدان ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىي تەنقىد ساھەسىدە گەرچە «ئوڭ» چىل خاھىش مەۋجۇت بولسىمۇ ئەمما 30 نەچچە يىلدىن بېرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئاساسى مەسىلە «سول» چىللىق. «سول» چىللىق ئاساسەن ئەدەبىياتنىڭ سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنىلا تەكىتلەپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىگە سەل قاراشتا، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشىنىلا كۆرۈپ، بەدىئىيلىكىنى سۈرۈشتۈرمەسلىكتە؛ دۇنيا قاراش ۋە ئىنقىلابىي غايىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى رولىنىلا سۆزلەپ، ئىنقىلابىي رېئالىزمنى ئاساس قىلغان ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ئۇنتۇپ قېلىشلاردا كۆرۈلدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە چوڭ تېمىلارنى يېزىش ۋە ئىنقىلابىي قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشنىلا تەكىتلەپ، پېرسوناژلارنىڭ خىلمۇ - خىللىقىنى، تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى تىلغا ئالماسلىقتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل «سول» چىللىق 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تارتىپ كۈچەيدى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابىي» دىكى ئون يىلدا پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ «تۆت كىشىلىك گورۇھ» ۋە ئۇلارنىڭ گۇماشتىلىرىنىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىياتنىڭ ئەدەبىي ئەدىبىنى بېرىدىغان كالتەككە ئايلاندى. «تۆت كىشىلىك گورۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيەنىڭ 11 - نۆۋەتلىك ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئەدەبىيات نەزىرىيىسى ۋە ئەدەبىي تەنقىد ساھەسىدە «سول» چىل خاھىشقا زەربە بېرىلدى ۋە بۇ خىل ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ زەھەرلىرى تازىلاندى. «تۆت كىشىلىك

گۇرۇھ» تارقاتقان سەپسەتىلەر پاش قىلىندى ۋە يىپپەن قى-
لىندى. «چىنلىقنى يېزىش» نەزەرىيىسى، «رېئالىزمنى چوڭقۇر-
لاشتۇرۇش» نەزەرىيىسى، «ئوتتۇرىدىكى پېرسوناژلارنى يېزىش»،
نەزەرىيەسى، «رېئالىزم — كەڭ يول» نەزەرىيىسى قاتارلىق
توغرى نەزەرىيە، قاراشلارغا ناھەق چاپلانغان بوھتانلار ئېلىپ
تاشلىنىپ، ئۇلارنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ھەق - ناھەق
ھەقىقىي تۈردە ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

بۇ يېڭى باسقۇچتا ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى ۋە
ئەدەبىي تەنقىد ساھەلىرى ئىلگىرىكى ھەر قانداق ۋاقىتتىكىدىن-
مۇ بەكرەك جانلىنىپ، «توت كىشىلىك گۇرۇھ» بازارغا سالغان
سەپسەتىلەرنى يىپپەن قىلىش بىلەن بىرگە نۇرغۇن مەسىلىلەر
ئۈستىدە مۇھاكىمە، مۇنازىرە ئېيىشتۇرۇپ، تەتقىقاتنى چوڭ-
قۇرلاتتى. ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيەتلىرى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە
دائىر بىر قاتار مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.
مەسىلەن: ئەدەبىياتنىڭ ئىستېتىك خۇسۇسىيەتلىرى، ئوبرازلىق
تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، ھېسسىياتنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت-
تىكى رولى، ئەدەبىياتنىڭ ئۇستقۇرۇلما ۋە ئىدېئولوگىيە كاتې-
گورىيىسىدىكى ئالاھىدە ئورنى ۋە رولى، ئەدەبىيات بىلەن
سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى، ئەدەبىياتنىڭ چىنلىقى، تىپىكلىكى،
رېئالىزم، ئەدەبىيات — ئادەمشۇناسلىق، ئەدەبىياتنىڭ ئىنسان
تەبىئىيتى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى،
سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەر ئوبرازىنى يارىتىش مەسىلىسى
سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتتىكى تىراگېدىيە ۋە كومېدىيە، ئەدەبى-
ياتنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئىسلاھ قىلىش ۋە ۋارىسلىق قىلىش

مەسىلىسى، غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ پايدىلىق تەرەپ-لىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك مەسىلىسى قاتار-لىقلارنى مۇزاكىرە قىلىپ بەزى مەسىلىلەردە بۆسۈش خاراك-تېرلىك ئۇنۇم ھاسىل قىلدى. بەزى مەسىلىلەردە گەرچە مۇ-نازىرە داۋاملىشۋاتقان بولسىمۇ ۋە بەزى مەسىلىلەردە پىكىر بىرلىكى بولمىسىمۇ ئەمما بۇ خىل «ئېچىلىش، سايراش» ۋەزىيىتى كىشىنى خۇشال قىلىپ تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرىدۇ. مۇھاكىمىنىڭ، تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىي تەنقىد ساھەسىنىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي ياقتىكى تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى توغرى يەكۈنلەپ چىقىشقا پايدىلىق. شۇنىڭدەك ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت نىشانىنى بويلاپ گۈللىنىشى ۋە يەنىمۇ ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتمەي بولمايدۇكى، بىزنىڭ ئەدەبى-يات نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىي تەنقىد قوشۇنىمىز تېخى ياش تەجرىبىلەر كەم. شۇڭا گەرچە ئۇنىڭ نەتىجىسىرى كۆرۈنەرلىك بولسىمۇ ئەمما بەزىبىر مەسىلىلەرمۇ يوق ئەمەس. بىز ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىۋاتقان تەرىپىنى كۆرۈش بىلەن بىرگە يەنە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ كەينىدە قېلىۋاتقان يەنە بىر تەرىپىنىمۇ كۆرۈشىمىز لازىم. بۇنداق بولۇپ قېلىشتىكى سەۋەبلەر نەزەرىيە ۋە تەنقىد سا-ھەسىنىڭ ئۆزىگە شۇنىڭدەك نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئامىللارغا

چېنىشلىق. بىز ئىشىنىمىزكى، تەجرىبە ساۋاقلار ئەستايىدىل يەكۈنلەنسە، مەسىلىلەر تەدرىجى ھەل قىلىنسا، نەزەرىيە ۋە تەنقىد ساھەسىدىكى يولداشلار قەدىمىنى تېزلەتسە چوقۇم ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىيات تېزلىكىگە يېتىشىۋالىدۇ. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئە-جادىيەت ۋە ئەدەبىي تەنقىدتىن ئىبارەت بىر جۈپ قانىتىغا يۆلىنىپ تېخىمۇ ئېگىز پەللىگە قاراپ پەرۋاز قىلىدۇ.

### 4 - §. قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى①

بىزنىڭ مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتلىك چوڭ دۆلەت. ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخى، يۈكسەك مەدەنىيىتى بار. ئۇلار ئوخشىمىغان تارىخىي شارائىتلاردا ئاجايىپ ئېسىل ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، يارىتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىنى بېيىتىپ كەلگە-ندى. يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى مى-لەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى ئۇچقاندەك تېز تەرەققى قىلىپ يېپ-يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى. يېڭى دەۋردىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە مىللىي تۈسى ۋە يەر-لىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئېلىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئە-

① ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە ئايرىم توختىلىش ئۈچۈن بۇ مەزمۇن مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلمىدى

دەبىيات گۈل بىغىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشتى.
يېڭى دەۋردىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئۆزد-
نىڭ تەرەققىيات يولىدا خەنزۇ ئەدەبىياتىغا ئوخشاشلا ئەگرى
توقايلىقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي ياقتىن
ئېيتقاندا، يەنىلا ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.
بۇ نەتىجىلەر تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە گەۋدىلىك
ئىپادىلىنىدۇ.
(1) پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
يازغۇچىلار قوشۇنى شەكىللەندى. تولۇق بولمىغان سانلىق
مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مەملىكەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى،
جۇڭگو خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە يازغۇچىلار
جەمئىيىتىنىڭ ھەر قايسى جايلاردىكى شۆبە جەمئىيەتلىرىنىڭ
تەركىبىدە مىڭدىن كۆپ ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىسى بار
بولۇپ ئىلگىرىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يازما ئەدەبىياتى
يوق ھالەتكە خاتىمە بېرىلدى. موڭغۇللاردىن مالىچىنخۇ، ئوۋ-
دىسار، بابىلنبېخ، زالىگاخ، چاكتونار، ئۇيغۇرلاردىن نىم شېھىت
زۇنۇن قادىر، تېيىپجان ئېلىيوپ، ئەلقەم ئەختەم، ئابدىكېرىم
خوجا؛ زاڭزۇلاردىن راجىيباساڭ، ئىردەنسەيراڭ؛ خۇيزۇلاردىن
خوچى، خاكوەنگۋي؛ مانجۇلاردىن لاۋشى، سەيفىڭ، مايونپىڭ،
بەيزۇلاردىن ياڭ سۇ، ياڭمىڭ، جۇاڭزۇلاردىن ۋىي چىلىن،
شاخۇڭ؛ لىزۇلاردىن سۇشىياۋشىڭ، ۋۇچىلادا؛ چاۋشيەنزۇدىن
رىك شىياۋيۈەن، جىن جې، تۇجيازۇدىن ۋاڭ چىڭدۇڭ، قازاق-
لاردىن قاۋسىلقان، قورمانئەلى، دۇڭشياڭزۇدىن ۋاڭ يولياڭ
قاتارلىقلار ئۆز مىللىتى ئىچىدە شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەت

بويىچە مەشھۇر يازغۇچىلار، شائىرلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي تۇرمۇش مۇھىتىدا ياشاپ كەلگەن بولۇپ، ئۆز مىللىتىنىڭ تۇرمۇشى، ھېسسىياتى بىلەن پىششىق تونۇش. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ ئۆز مىللىتىنىڭ تۇرمۇشىنى، ئۇلارنىڭ ھېس - تۇيغۇسىنى ئىپادىلەشتىكى زۆرۈر شەرتلەرنى ھازىرلىغان.

(2) تۇرغۇنلانغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىجات قىلىندى. بۇ ئەسەرلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپلا قالماي چەت ئەللەردىمۇ نۇرغۇنلىغان كىتابخانلارغا ئېرىشتى. «لىيۇشاخې دەرياسىنىڭ كۈيى»، «ھاياتنىڭ سوۋغىسى»، «ھەسەن - ھۆسەن»، «تەيزۇ خەلقىنىڭ ناخشىسى» قاتارلىق باللادا ۋە داستانلار؛ «جىنساجياڭ دەرياسىنىڭ شاتلىقى» «پايانسىز يايلاق»، «گۈزەل جەنۇب»، «شاقىراتما» «كۆرەشچان يىللار» «ئىزدىنىش»، «قاينام ئۇركىشى»، «ئىز» «ھايات قالغان كىشى» قاتارلىق رومانلار، «ئالتۇنرەڭ ھىنگان تاغلىرى»، «قارا تولپار» «لىشۇاڭ شۇاڭنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى»، «چېنىقىش»، «دەسلەپكى قەدەم»، «يىراقتىكى چول»، «ۋۇتەيشەن تېغىدىكى لەتىپە» قاتارلىق پوۋېست ۋە ھېكايىلار توپلاملىرى، «ئوردوس بورانلىرى»، «ئالتۇن بۇركۈت»، «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان» «خۇيزۇ خەلق قوشۇنى» قاتارلىق دىراما ۋە كىنو سىنارىيىلىرى مول ئىجادىيەت مەۋىلىرىنىڭ پەقەت بىر قىسمىلا خالاس، شېئىرلارنىڭ نامىنى ئاتاپ تو-

گىنىشمۇ تەس.

بۇ ئەسەرلەر ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۇلار كەڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاساسىدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈرەشلىرىنى، تۇرمۇشلىرىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئۇسۇلىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى شۇنىڭدەك مىللىي رايونلارنىڭ گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىلىرىنى ئىپادىلەپ بەردى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەرنىڭ باتۇرانە ئوبرازىنى يارىتىپ بەردى. «پايانسىز يايلاق» (مالچىنخۇ) «ئاتلىق ئەسكەرلەر ناخشىسى» (ئوۋدىسار) ئەسەرلىرى ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرىدە مۇڭغۇل خەلقى ئېلىپ بارغان ئازادلىق ئۈچۈن بولغان كۈرەشلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا «جىنساجياڭ دەرياسىنىڭ شاتلىقى» (لىچياۋ) ناملىق تىرىلوگىيە لياڭشەن رايونىدىكى لىزۇ خەلقىنىڭ ئازادلىقىنىڭ دەسلەپكى دېموكراتىك ئۆزگەرتىشتىن ئەكسىئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرۇشقىچە بولغان تارىخىي جەريانىدىكى كۈرەشلىرىنى تەسۋىرلەپ پارتىيەنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلغان. بۇ ئەسەرنى لىزۇ خەلقىنىڭ تۇرمۇشى، كۈرەشلىرى ۋە تەقدىرى ئەكس ئېتىلگەن تارىخىي كارتىنا دېيىشكە بولىدۇ. «شاقراتما» (لۇدى) رومانىنىڭ 1-قىسمى «ئۇزۇن تۈن» جۇاڭزۇ يىگىتى ۋېي بۇپىڭ قاتارلىق زىيالىيلارنىڭ ئىنقىلاب يولىغا مېڭىشقىچە بولغان كەچمىشلىرىنى ئاساسلىق سۇژىت لىنىيىسى قىلىپ تۇرۇپ گۇاڭشى جۇاڭزۇ

ۋە مىياۋزۇ رايونلىرىدىكى خەلقنىڭ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ
ئالدى كەينى ۋە 1 - قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش
دەۋرىدىكى تۇرمۇشى ۋە كۈرىشىنى كەڭ دائىرىدە يورۇتۇپ
بەرگەن.

بۇ ئەسەرلەر ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدە شەكلى
ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى، ئۈمىت - ئارزۇلىرىنى، كۈچلۈك ۋە
تەنپەرۋەرلىك روھىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ
سوتسىيالىزمنى مەدھىيىلىگەن، ئىتتىپاقلىقنى 1 - ئورۇنغا قويـ
غان. مانا بۇ — يېڭى دەۋردىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا
گەۋدىلەنگەن مەركىزىي ئىدىيەدۇر.

يېڭى جۇڭگو ھەر مىللەت خەلقىگە ھۆرلۈك ئازادلىق
ئېلىپ كەلدى. خەلق زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ بەختىيارلىققا چۆمدى
سوتسىيالىزمنىڭ داغدام يولىدا مەردانە قەدەملەر بىلەن ئالغا
ئىلگىرىلىدى، بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەتتا قۇللۇق تۈـ
زۈمدىن بىراقلا سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۆتتى. شۇنىڭ
ئۈچۈن يېڭى دەۋردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى
تۇرمۇشنىڭ بەختىيارلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ پارـ
تىيىگە، سوتسىيالىزمغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى.
سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى مەدھىيىلەش «مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابى»دىن ئىلگىرىكى 17 يىللىق ئاز سانلىق مىللەتلەر
ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. «تۆت
كىشىلىك گوروھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن بۇ ئەنئەنە داۋاملاشـ
تۇرۇلغاندىن سىرت «تۆت كىشىلىك گوروھ» ۋە ئۇلارنىڭ

گۇماشتىلىرى پاش قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۆرەشلەر داۋامىدا مىللىي رايونلاردا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر، زىددىي-يەتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇشقا باشلىدى. بۇ مەزگىلدىكى ئەسەر-لەر تېمىسىنىڭ خىلمۇ-خىللىقى پېكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن دىققەتكە سازاۋەر بولدى ۋە بولماقتا.

ئازادلىقتىن بويانقى قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا ئىجادىيەت ھەر خىل ژانىرلار بويىچە راۋاجلاندى. ئەسە-لەرنىڭ شەكلى كۆپ خىللىقتا يۈزلەندى.

شېئىر ژانىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەنئەنىۋى شەكلىدۇر. ئۇنىڭ يېڭى دەۋردىكى نەتىجىلىرى گەۋدىلىك بولدى. «يۇلتۇزلار توپى» (بابىلىنبېخ) «قۇدۇقنىڭ چۈشى» (جاڭ چاڭ)، «قارلىق تاغ توپلىمى» (ئىردەنسەيراڭ)، «گۈل بايرىمى» (شىياۋلى)،«يىللار ساداسى» (مەنروي) «شۇنداق يىللار بولغانىدى» (خۇاڭ يۈگيۇ) قا-تارلىقلار، ناھايىتى ياخشى يېزىلغان شېئىرىي توپلاملاردىندۇر. بۇ شېئىرىي ئەسەرلەر ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى تۇرمۇشىنى يۈكسەك ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى، ۋە ئېسىل ئەخلاقى پەزىلەتلىرىنى كۈچلۈك تەسەۋۋۇر، قايناق ھېسسىيات بىلەن ئەكس ئەتتۈردى ۋە خەلقنىڭ ۋەتەنگە، پارتىيەگە بول-غان مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى. ئۇيغۇر شائىرى تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ:

«ئانىجان تۇغقان ئېلىم جۇڭگو ئۇنىڭ پەرزەندىمەن،
رىشتىگە جىسمىم بىلەن ئىشقىم بىلەن پەيۋەندىمەن.

قىلالىغۇ ھېم پارتىيەم رولچىم مېنىڭ يولچىم مېنىڭ،
تويى بالاپ ئات سالىمەن ئۇ باشلىغان ھەر جەڭگە مەن».

دېگەن شېئىرىي مىسرالىرى ئەنە شۇنداق شېئىرىي مەزمۇن ۋە ئۇتتەك قىزغىن ھېسسىياتنىڭ كونكرېت مىسالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى يېڭى داستان ۋە باللادىلارنىڭ ئىجادىيىتىدۇر. داستانچىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى بىر ئەنئەنىۋىي تۈر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تارىخى ئۇزۇن، نەتىجىلىرى ئاجايىپ كۆركەم. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى يېڭى دەۋردە مۇشۇ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلدى. بۇرۇنقى ئەسەرلەرنى قېزىش ۋە رەتلەشتىن تاشقىرى يەنە يېڭى-يېڭى داستانلار ئىجات قىلىندى. جۇاڭزۇ شائىرى ۋېي چىلىننىڭ «توز تاخشىسى»، تۇجىيازۇ شائىرى ۋاڭ چېڭدۇڭنىڭ «قارلىق تاغدىكى بوران-چاپقۇن»، ئۇيغۇر شائىرى ئابدىرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «قەشقەر كېچىسى»، چاۋشيەنزۇ شائىرى جىن چېڭخۇينىڭ «سۆزلە، چاڭبەيشەن»، شىۋە شائىرى گوەن جۇڭسەينىڭ «ئەربىكە كۆچۈش ناخشىسى» قاتارلىقلار ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ تارىخىي ۋە رېئال تۇرمۇشى، كۈرەشلىرىنى تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن ھالدا ئەكس ئەتتۈردى. خاراكتېرى روشەن قەھرىمانلارنىڭ جانلىق ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ بەردى.

پروزا ۋە نەسىر ئىجادىيىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا نىسبەتەن ئاجىزراق تارماقلاردىن ئىدى. لېكىن ئازادلىقتىن كېيىن بۇ ئاجىزلىق تېزلىك بىلەن ئۆزگەردى

پروزا ۋە نەسرلەر تەدرىجى ھالدا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى ئاساسلىق ژانىرلاردىن بولۇپ قالدى.
50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ بىر تۈركۈم ياز- غۇچىلار ھېكايىچىلىقتا تونۇلۇشقا باشلىدى. كۆچلۈك لىرىكىلىقى، مىللىي تۇرمۇشنى تەسۋىرلەشتىكى ماھىرلىقى بىلەن تونۇلغان مالچىنخۇ، قىزىقارلىق ۋە مۇرەككەپ ھېكايىلار ئارقىلىق مۇڭ- غۇللارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىدىغان ئوۋدىسار، تۇلاراق شەرقىي شىمال ياپونغا قارشى بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ پائالىيەتلىرىنى يېزىپ شەرقىي شىمال رايونىدىكى خەلقنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى جەڭگىۋار تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مانجۇ يازغۇچىسى گۇەن مونەن، تىپىك ئوبراز يارىتىشتىكى مۇ- ۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ بەددىئىي تالانتىنى نامايەن قىلغان ئۇيغۇر يازغۇچىسى زۇنۇن قادىر، شېئىرىي ھېسسىيات ۋە شېئىرىي تىل بىلەن يۈننەن رايونىنىڭ گۈزەل تاغ ۋە دەريالىرىنى سۈرەتلەپ خەلقنىڭ بەختىيار تۇرمۇشىنى ئىپادىلەپ بەرگەن بەيزۇ يازغۇچىسى ياڭ سۇ قاتارلىقلار ئەنە شۇلارنىڭ ۋەكىللىرىدۇر. ماۋدۇن ئۆزىنىڭ «ھېكايىچىلىقتىكى مول - ھوسۇل ۋە ئىجادىيەتتىكى بىر قانچە مەسىلە»، «1960 - يىلدىكى ھېكايىلارغا باھا» ناملىق ماقالىلىرىدا ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى بولغان ئوۋدىسار، مالچىنخۇ، پوفېي، زۇنۇن قادىر، قاۋسالقان، قەييۇم تۇردى، ياڭ سۇ قاتارلىقلارنىڭ كۆپ ئەسەرلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرىگە يۇقىرى باھا بەرگەنىدى.
ھېكايىچىلىقنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى دەپ «تۆت

كىشلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىنكى مەزگىلنى ئېيتتىمشقا بولىدۇ. بۇ مەزگىلدىكى ھېكايىلارنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە بەدىئىيلىكىدە يېڭىچە ئالاھىدىلىكلەر بار. ئۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى يېڭى شەيئىلەرنى، يېڭى كىشىلەرنى تەسۋىرلەپ تۇرمۇشتىكى يېڭى كەيپىيات يېڭى پەزىلەتلەرنى مەدھىيىلەشتىن تاشقىرى ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققىيات يولىدىكى پۇتلىكاشاڭلارنى، «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» تىكى ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. زاڭزۇ يازغۇچىسى زاشداۋا ئۆزىنىڭ «يۇلتۇزسىز كېچە» ھېكايىسىدا ئۇرۇقداشلار ئارىسىدىكى ئىنتىقام ئېلىشتىن ئىبارەت كونا ئادەتنىڭ يېڭى جەمئىيەتتە پەيدا قىلغان تىراگېدىيىسىنى يېزىپ نادانلىقنى، كونىلىقنى قاتتىق سۆكتى. تۇجيازۇ مىللىتىدىن بولغان ياش يازغۇچى سەي زېخەي «يىراق ئورماندىكى سادا» ھېكايىسىدا قاينام تاشقىنلىق تۇرمۇشنىڭ كونا ئەنئەنە، كونا ئىدىيەلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدىكى بىر ياشنى ئۆزىگە تارتقانلىقىنى، بۇ ياشنىڭ ئاخىرى يېڭى تۇرمۇش يولىغا ئاتلانغانلىقىنى يېزىپ قالاق كۈچلەرنىڭ ۋە ئەنئەنىۋى كونا ئىدىيەلەرنىڭ مەغلۇبىيىتىنى جاكالىدى. بۇ مەزگىلدىكى ھېكايىلار ئۆز مىللەتلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ھېكايە تۈسى قويۇق بولىدىغان ئەنئەنىسى ئاساسىدا خەنزۇ ئەدەبىياتى ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ ئۇرغۇنلىغان ئەپلىك ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلاندى. پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى يورۇتۇش، پىسخىك پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلەش جەھەتلەردە يېڭىلىق ياراتتى.

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا رومانچىلىق پەقەت

ئـازادلىقتىن كېيىنلا بـاشلانغان ۋە تـەرەققى قىلغان. 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېزىلغان «جىنشاجياڭ دەريـاسىنىڭ شـاتلىقى» (لـى چياۋ)، «گـۈزەل جـەنۇب» (لـۇدى) نـاملىق ئەسىرى كـۈچلۈكرەك بولغان ئەسەرلەر بـاشقا ژانىرلارغا قا- رىغانـدا تـۇرمـۇشنى تېخىمۇ كـەڭ دائىرىدە، تېخىمۇ ئـۇزۇن تارىخىي جەريان ئىچىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. جانلىق ئوبراز- لارنى ياراتتى. لېكىن بۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەسەرلەرنىڭ سانى كۆپ ئەمەس ئىدى. رومانچىلىق «تۆت كىشلىك گۇروھ» بىت- چىت قىلىنغاندىن كېيىن گۈللىنىشكە باشلىدى. 1976 - يىلد- دىن 1981 - يىلغىچە بولغان 5 يىلنىڭ ئىچىدىلا ئاز سان- لىق مىللەت يـازغـۇچىلىرىنىڭ ئـۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىدا ۋە خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان رومانلىرىنىڭ سـانى 70 پار- چىدىن ئېشىپ كـەتتى. نـۇرغۇن ئـاز سـانلىق مىللەتلەرنىڭ رومانى يوق بـولۇپ كـەلگەن ئـەھۋالى تـۈپتىن ئۆزگەردى. پەقەت قازاق ئەدەبىياتىنىلا مىسال قىلساق مـۇشۇ 5 يىلنىڭ ئىچىدە قـازاق يازغۇچىلىرى ئون پـارچىدىن ئـارتۇق رومـان ۋە پـوۋېست ئىجات قىلدى. ئـۇلارنىڭ ئىچىدە «ئۆزگىرىش» (ئورازقان)، «غايە يولى» (جاقىپ مىرزاقان) رومانلىرى كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئارىسىدا خىلى كـەڭ تەسىر قوزغىدى. زاڭزۇ مىللىتى ئۇزۇن تارىخى بـار، قـەدىمكى مىللەت بـولسىمۇ تا «تۆت كىشلىك گوروھ» يوقىتىلغانغا قەدەر بىرمۇ رومانى يوق ئىدى. يېقىنقى بىر نـەچچە يىلنىڭ ئىچىدە «كىساڭمىلىن»، «ھايات قالغان كىشى»، «سەھەر» ناملىق ئۈچ پارچە رومانى ئېلان قىلىنىپ كونا تارىخقا خاتىمە بېرىلدى. بۇ رومانلارنىڭ

ئىچىدىكى «ھايات قالغان كىشى» (يىشى دەنىشنىڭ) ئۆزىنىڭ جانلىق تەسۋىرى، قىزىقارلىق ۋەقەلىكلىرى، ئۆزگىچە پىسخىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە پېرسوناژلىرى ئارقىلىق ژاڭزۇ خەلقى- نىڭ 30 نەچچە يىللىق تارىخىنى سۆرەتلەپ بەرگەن بولۇپ بۇ ئەسەر ئەدەبىيات ساسەسىدىكىلەرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى.

(3) قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش ۋە نەشىر قىلىش خىزمىتى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئىلىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ ئەسلىدە يېزىقى يوق بولغاچقا، خېلى ئۇزاق بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇلارنىڭ يازما ئەدەبىياتى يوق ئىدى. ئەمما بۇ دېگەنلىك ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتى يوق دېگەنلىك ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئاغزاكى تارقىلىپ يۈرگەن ئېغىز ئەدەبىياتى ئاجايىپ مول ۋە نەپىس. بولۇپمۇ ئېپوسلار، داستانلار، ئەپسانىلار كۆپ، قوشاقلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىلا ئەمەس، سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن خەلق ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش تەرجىمە قىلىش، نەشىر قىلىش ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن بۇ خىزمەتلەر ئۈنۈملۈك بولدى. گەرچە نەشىر قىلىنغانلىرى تېخىچە شۇپىتى تۈرۈۋاتقان ۋارىسلىنىشىنىڭ ئازغىنە بىر قىسمىلا بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ بىر قىسمىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ موللۇقىنى، جەزىبىدارلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

## مۇھاكىمە ۋە تەكرارلاش سوئاللىرى

1. يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى قانداق بولدى؟ ئۇنىڭ كۆتۈرۈلگەن ۋە پەسەيگەن مەزگىللىرى قايسىلار؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولدى؟
2. يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ نەتىجىلىرىنى قانداق يەكۈنلەيمىز؟
3. يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى تەجرىبە-ساۋاقلار قايسىلار؟
4. يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى؟
5. ئازادلىقتىن كېيىنكى قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى قانداق؟

## 2 - باب. پوئېزىيە

### 1 - §. يېڭى دەۋردىكى پوئېزىيەنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى تەرەققى قىلدۇردى. جۇملىدىن ياش شائىرلارنىڭ ئۆسۈشى، شائىرلار قوشۇنىنىڭ كېڭىيىشىنى قولايلىق ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىنلىدى. شېئىرىيەت ساھەسى باشقا ساھەلەرگە ئوخشاشلا گۈللەندى. بىراق ئازادلىقتىن كېيىنكى شېئىرىيەتنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىدە يۈكسىلىش بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ۋە سولدىن كەلگەن پۈتلىكاشاڭلار ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولدى. شۇڭا ئۇنىڭ تەرەققىيات يولى ئەگرى-توقاي بولدى. يېڭى دەۋردىكى پوئېزىيەنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ.

1. 17 يىللىق دەسلەپكى گۈللىنىش باسقۇچى
2. 10 يىللىق جۇدۇن - چاپقۇنلۇق باسقۇچى
3. ھازىرقى قايتا گۈللىنىش باسقۇچى

#### 1. دەسلەپكى گۈللىنىش باسقۇچى

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە خۇددى ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا ئوخشاش پوئېزىيەنىڭمۇ بۇ زور ئىجتىمائىي

ئۆزگۆرۈشكە ماسلىشىش، لايىقلىشىش مەزگىلى بولدى. شېئىر ئۆزىنىڭ دەۋرنىڭ ساداسى بولۇشتەك بۇرچىنى تېزلىك بىلەن ئادا قىلىشقا ۋە جۇشقۇنلۇق يىللاردىكى قاينام ـ تاشقىنلىق تۇرمۇش مەنزىرىسىنى ئىپادە قىلىشقا باشلىدى. ئومۇمىي جە-ھەتتىن ئېيتقاندا، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى سەككىز يىلدا پوئېزى-يەنىڭ تەرەققىياتى تېز، نەتىجىلىرى گەۋدىلىك بولدى. شېئىر ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا قارىغاندا شەكىل جەھەتتىن تېخىمۇ ئەپچىل بولغاچقا، يەنە بىر جەھەتتىن يېڭى دەۋر ۋە يېڭى تۇرمۇش شائىرلارغا كۈچلۈك ئىلھام بېغىشلاپ مول ئىجا-دىيەت ماتېرىيالللىرى بىلەن تەمىن ئەتكەچكە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەينى يىللاردىكى سىياسىي ۋەزىيەت بىر قەدەر تۇراقلىق ۋە سەنئەت دېموكراتىيىسى نىسبەتەن كاپالەتلىك بولغاچقا شېئىرىيەت گۈلزارىدا بىر خىل گۈللىنىش مەنزىرىسى شەكىل-لەندى.

50 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى شېئىرلاردا ئامې-رىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش كۆرىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەندىن سىرت ئاساسەن يېڭى جۇڭ-گونىڭ قۇرۇلغانلىقىغا تەنتەنە قىلىش، پارتىيە ۋە داھىنى، يېڭى تۇرمۇشنى مەدھىيىلەش قاتارلىق مەزمۇنلار ئىپادىلەندى. مەدھىيىلەش ــ بۇ مەزگىلدىكى شېئىرلارنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى بولدى. شى فاڭيۈنىڭ «تىنچلىق ساداسى»، خې جىڭجىنىڭ «ياڭرىتىمەن ناخشامنى» شېئىرلىرى مۇشۇنداق مەزمۇنغا بې-غىشلانغان ۋەكىل خاراكتېرىغا ئىگە ئەسەرلەردىن ھېسابلىنىدۇ.

كەڭ كۆلەملىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش دولقۇنىنىڭ قانات

يېپىشىغا ئەگىشىپ، ئەمگەكنى كۆيلەشمۇ مەدھىيە ناخشىلىرىنىڭ خېلى مۇھىم بىر تېمىسى بولۇپ قالدى. ئەمگەك ئەمگەكچىلەر ئۆزىنىڭ ۋە يەر زېمىنىنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلانغان يېڭى جەمئىيەتتىلا ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولالىدى. شۇڭا بۇ مەزگىلدىكى ئەمگەك گۈزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان شېئىرلار گۈزەل كېلەچەك ئۈچۈن تەر تۆكۈۋاتقان قورغۇچىلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى يورۇتۇپ ئۇلارنىڭ يۈكسەك پەزىلىتىنى، پىداكارانە روھىنى قىزغىن مەدھىيىلىدى. ئەمگەكنى كىشىلەرنىڭ ۋەتەنگە، يېڭى جەمئىيەتكە بولغان پوزىتسىيىسىنى بايقايدىغان سىياسىي ئۆلچەم دەپلا قارىماستىن، بەلكى ئۇنى يەنە ئىنساننىڭ ئىدىيىسى ۋە ھىسسىياتىنى بايقاشتىكى مۇھىم بىر ئېستېتىك ئۆلچەم دەپ تونىدى. ۋىن جىنىڭ شېئىرلىرىدا ئەمگەكنىڭ يىگىت ۋە قىزلار مۇھەببىتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە مۇھەببەتنىڭ يۈكسەك ئۆلچىمى قىلىپ تەسۋىرلەنگەنلىكى بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ.

«قوش قاچېن» نىڭ تۇرتكىسىدە شېئىر ئىجادىيىتى تەرەققى قىلدى. ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇش دائىرىسى كېڭىيىپ، شېئىر شەكىللىرى بېيىغانىدىن تاشقىرى تۇرمۇش چوڭقۇرلۇقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، زىددىيەتلەرنى ئىپادىلەش جەھەتلەردە يېڭى ئىزدىنىشلەر كۆرۈلدى. بۇنى گوشياۋچۈەننىڭ «ياش گىراژدانغا» شېئىرىدىن بولۇپمۇ «قار قەسىدىسى»، «چوكقۇر جىلغا»، «بىر ۋە سەككىز» ناملىق ئۈچ پارچە داستانىدىن ئاشكارە كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەي چىڭ، گوۋ لىۋ، لىۋ شاخې، شاۋ يەنشياڭ قاتارلىق شائىرلارمۇ بۇ جەھەتتە

ىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بىراق بۇ ئىزدىنىشلار تېخى كەڭ
دائىرىدىكى بۆسۈش بولۇپ شەكىللەنمەي تۇرۇپلا، ئوڭچىلارغا
قارشى ھەرىكەتنىڭ ئېغىر دەرىجىدە كېڭەيتىۋېتىلىشى تۈپەيلى-
دىن ناھايىتى تېزلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلدى.

ئالدىنقى سەككىز يىلدا ئىجادىيەتتىكى نەتىجىلەر ئاساسىي
ورۇندا تۇرسىمۇ مەسىلىلەر يوق ئەمەس. مەسىلەن: تېمىلار
ە شەكىللەرنىڭ خىلمۇ-خىللىقى تېخى تولۇق ئەمەلگە ئاش-
مىدى. ئاددىي ھالدا سىياسىي ھەرىكەتلەرگە، مەركىزىي ۋە-
زىپە، خىزمەتلەرگە ماسلىشىشنى مەقسەت قىلىدىغان ئەسەرلەر
از ئەمەس. بەزى شېئىرلار ئۇقۇملاشتۇرۇش خاھىشىنى ئاشكا-
ە ئىپادىلىدى. كۆپ شائىرلار ئۆز شېئىرلىرىدا يېڭى تۇرمۇش-
ى قىزغىن مەدھىيىلىگەن ۋە ئۆز شېئىرلىرىنى ئوپتىمىستىك
وھ بىلەن سۇغارغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇ-
ى چوڭقۇر بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شېئىرلارنىڭ بەدىئىي
فاسىلىقى تازا روشەنلەشمىدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى زور
ەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بەزى شائىرلار بۇ مەزگىلدە
ۆزلىرىنىڭ ئۇسلۇبلىرىنى جارى قىلالمىدى. ياكى يۈك-
ەلدۈرەلمىدى.

شائىرلار قوشۇنى توغرىسىدا مۇنداق ئىككى نۇقتىنى
ۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرى كېلىدۇ. بىرىنچىسى پىشقەدەم شا-
ىرلار بۇ مەزگىلدە جاپالىق ئىزدەندى. شېئىرىي ماتېرىيال
اللاش، شېئىرىي ئوبراز يارىتىش ۋە شېئىرىي شەكىللەرگە
ارىسلىق قىلىش ھەم ئۇنى يېڭىلاش شۇنىڭدەك ئىپادىلەش
ۇسۇللىرىنى بېيىتىش تەرەپلەردىن كۆپ ئەجىر قىلدى. گو-

مورو، زاڭ كېجيا، فىن جى، ئەي چىڭ، تىيەن جىيەن، لى جى، خې چىفاڭ، كې چۇڭپىڭ، جاڭ جىژمىن، گې بىيجۇ، يەن جىن، سەي چىچىياۋ، لى گۇاڭنيەن قاتارلىق پىشقەدەملىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئىجادىيەتىنىڭ ئەگرى - توقاي يولىدا ئۆگۈنىش، ماسلىشىش، ئىزدىنىش باسقۇچىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى ۋە يېڭىلىقلار ياراتتى. جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ ئاخىرقى چىرىك سۇلالىنىڭ بەربات بولۇشى ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ھەم قۇرۇلۇش بىلەن تەڭ قۇچاق ئاچقان يېپ - يېڭى تۇرمۇش، سىياسىي بىلەن ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۇلارغا يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭدەك ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ۋەزىپىسى ئۇلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىقاچان بەدىئىي ئۇسلۇب ياراتقان، مەلۇم ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولۇپ قالغان بۇ پىشقەدەملىرىمىز ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا بىر يېڭىلىق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئىندىۋىدىئاللىقىنىڭ بۇ يېڭى تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە ناباپ بولۇپ قالغان قىسمىنى ئۆزگەرتىشنى ئۆزلىرىنىڭ يېڭى نىشانى قىلىپ بەلگىلىدى. دەرۋەقە ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇرەككەپ ئەقلى ئەمگەك بولغاچقا ئۇنىڭ نۇرغۇن ئامىللارغا باغلىنىشلىق بولۇشى تەبىئىي. يۇقىرىقىدەك پىشقەدەم شائىرلار قاتارىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى تازا توغرى بولۇپ كېتەلمەسلىكى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئىزدىنىشلىرى نەتىجىلىك ۋە تەكشى بولدى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. قەلىمى

پىشقان ئايرىم شائىرلار ئىجادىيىتىنىڭ گايىدا ئۇنداق، گايى-
دا بۇنداق بولۇشى ھەتتا قىسمەنلىرىنىڭ ئىجادىيەت بوھرانى-
غا دۇچ كېلىشى بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

ئەمدى ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئىككىنچى بىر نۇقتا ياش شائىرلار مەسىلىسىدۇر، ئازادلىق تېڭى بىلەن تەڭ شېئىرىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ كەتكەن يېڭى شائىرلار گەرچە تېخى ناھايىتى ياش بولسىمۇ، قەلىمى تېخى پىشمىغان، تەجرىبىلىرى تېخى يېتەرلىك بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار دەۋرنىڭ قەدىمىگە جۈر بولغان شېئىرلىرى بىلەن يېڭى دەۋر پوئېزىيىسىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. بۇ شائىرلار كېيىنكى چاغلاردا شائىرلار قوشۇنىدىكى ئاساسلىق كۈچ بولۇپ قالدى. گوشياۋچۈەن، خې جىڭجى، ۋېن جيېي، لى يىڭ، گۇڭ ليۇ، شاۋيەنشياڭ، جۇلياڭ پېي، خەن شياۋ، يەن جېن، شۆبېي، كې يەن قاتارلىقلارنى شۇ شائىرلار قوشۇنىنىڭ ۋەكىللىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزىلىرى مەسىلەن: گوشياۋچۈەن، خې جىڭجى، ۋېن جيېي قاتارلىقلار ئازادلىقتىن ئىلگىرىلا شېئىر يېزىشنى باشلىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مۇھىم ئىجادىيەت نەتىجىلىرى ئازادلىقتىن كېيىن قولغا كەلگەن. 50 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مەيدانغا چىققان ياش شائىرلارنىڭ مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئالاھىدىلىكى بار. ئۇنىڭ بىرىنچىسى: بۇ شائىرلارنىڭ بىر قىسمى ئىنقىلابى كۈرەشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، بەر ئاستى خىزمەتلىرىگە، ئوقۇغۇچىلار ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقان. ئازادلىق ئارمىيەنىڭ قاتارىدا تۇرۇپ جەڭلەرنىڭ چېنىقتۇرۇشىدىن

ئۆتكەن. قىسقىسى، كۆپنى كۆرگەن. بۇ كەچمىش - كەچۈرمىشلەر ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشىغا، ئەدەبىياتقا بولغان كۆز قاراشلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئىككىنچىسى: بۇ ياش شائىرلارنىڭ خېلى زور بىر قىسمى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شىنجاڭ، يۈننەن، چىڭخەي، شىزاڭ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان چېگرا رايونلاردا تۇرۇپ ئۇنتۇلغۇسىز تۇرمۇش تەسىراتلىرىغا ئىگە بولغان. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، پىسخىك ئالاھىدىلىكلىرى، مول ئېغىز ئەدەبىياتى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەنئەنىسى بۇ شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىنى پايدىلىق ئاساسلار بىلەن تەمىنلىگەن.

كېيىنكى توققۇز يىلدا شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئەھۋالى سەل مۇرەككەپلەشتى. بۇ مۇرەككەپلىك ئوڭچىللارغا قارشى ھەرىكەتنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى كېڭەيتىۋېتىلىشى بىلەن باشلاندى. چېكىدىن ئاشقان «سول» چىللىق شېئىرلارنىڭ خاسلىقىغا تەسىر يەتكۈزدى، بىر قىسىم تالانتلىق شائىرلارغا خاتا ھالدا ئوڭچى قالپىقى كەيگۈزۈلۈپ ئىجادىيەت ھوقۇقى چەكلەندى. ئىككىنچىدىن ئۇچ چوڭ ئۆزگەرتىش تاماملانغاندىن كېيىن ئامىمىدا پەيدا بولغان بىرىنچىدىن ئاق، ئىككىنچىدىن كەمبەغەل قىياپەتنى تېزلىك بىلەن ئۆزگەرتىش ئۈستىكى بىلەن يېڭى قوشاقچىلىق ھەرىكىتى پەيدا بولدى.

يېڭى قوشاقچىلىق ھەرىكىتى 1958 - يىلىدىن باشلاپ كەڭ قانات يېيىپ كەتتى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە خەلق قوشاقلىرىنى توپلاش، ئىجات قىلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.

ئۇرغۇنلىغان قوشاق توپلاملىرى نەشر قىلىندى. گومورو، جو-ياڭ رەتلەپ تۈزگەن «قىزىل بايراق ناخشىلىرى» توپلىمى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە توپلام ھېسابلىنىدۇ. بۇ قوشاقلارنىڭ بىر قىسمى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ۋەتەننىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە بولغان ئارزۇسىنى، قىز-غىنلىقىنى، تۇرمۇش خۇشاللىقلىرىنى، ھېسسىياتىنى ئەكس ئەت-تۈرگەن بولۇپ بۇنداق قوشاقلارنى، ئەلۋەتتە، مۇئەييەن دەرىجىدە تونۇشقا ئىگىشىلىك، لېكىن ئۇمۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، قو-شاق ئىجادىيەت ھەرىكىتى شۇ ۋاقىتلاردا ئەۋج ئالغان مۇبا-لىغىچىلىك ۋە «مال - مۈلۈكنى ئۇمۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ساختا نەرسىلەر خېلى كۆپ مەيدانغا چىقتى. مەھسۇلاتلارنى يالغان دوكلات قىلىپ، «سۈنئىي ھەمرا قويۇپ بېرىش» لەر، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات قانۇ-نىيەتلىرىگە خىلاپ ھالدىكى پولات - تۆمۈر تاۋلاش دېگەندەك ئىشلار ماقتالدى. بۇ قوشاقلارنىڭ نۇقسانى شۇكى، ئۇنىڭ خاھىشى ناتوغرا بولۇشتىن سىرت ئىجادىيەت ئۇسۇلىمۇ خاتا بولدى. ئىجادىيەت خۇددى سىياسىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىل-غاندەك مەمۇرى بۇيرۇق، چارە - تەدبىرلەر بىلەن كونترول قىلىنغاچقا چوڭ سۆزلەش، كۆپچۈرۈش خاھىشلىرى ئىنقىلابىي رېئالىزم ۋە ئىنقىلابىي رومانتىزمدىن ئىبارەت ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ ئورنىغا دەسسەپ قالدى. ئەينى ۋاقىتتا قوشاق-لارنىڭ رولى ھەددىدىن تاشقىرى چوڭايتىلىۋېتىلگەچكە ۋە قوشاقچىلىقنىڭ ئۆزىنىڭمۇ يۇقىرىقىدەك پاسسىپ تەسىرلىرى بول-غاچقا پۈتكۈل شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىيات يولى تارى-

يىپ كەتتى. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە گەرچە شېئىرلار خېلى كۆپ يېزىلغان بولسىمۇ بىراق خاتا سىياسىي لۇشيەنىنىڭ تەسىرى ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىكى ئېغىشلار تۇ- پەيلىدىن نەتىجىلىك ئەسەرلەرنىڭ سانى كۆپ بولمىدى. نۇرغۇن شائىرلار تولاراق «قوشاق شەكلى» دە شېئىر يېزىپ «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» نى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بولۇپ كەتتى. ئۇلارنى ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي ئۇس- لۇبىنى تاشلاپ قويىدى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. قىسمەن شائىرلار تۇرمۇشنى مۇستەقىل كۆزىتىپ ئۆزگىچە شېئىرلارنى ئىجات قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى ئەيىپلەندى. سەي- چىچياۋنىڭ «تۇمانلىق خەنجياڭ دەرياسى»، گوشياۋچۇەنىنىڭ «يۇلتۇزلارغا باققاندا» شېئىرلىرى مۇشۇ مەزگىلدە تەنقىد قى- لىنغان ئىدى. بىراق شۇنىمۇ ئۇنتۇشقا بولمايدۇكى «گېنرال تىرىلوگىيىسى» (گوشياۋچۇەن)، «قىساس يالقۇنى» (ۋىن جيې)، «ياڭگاۋ قىسسىسى» (لى جى) دېگەندەك تارىخىي تېمىدىكى بىر قانچە مۇنەۋۋەر داستانمۇ مانا مۇشۇ مەزگىلدە يېزىلغانىدى.

60 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرى- لەش» خاتالىقى ۋە تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ كاساپىتىدىن پەيدا بولغان ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنىڭ ئالدىدا شائىرلار خەلقنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئىرادىسىدىن ۋە كۆرسەتكەن غەيرىتى- دىن ئىلھاملىنىپ جەڭگىۋار شېئىرلارنى ئىجات قىلدى. گو- شياۋچۇەنىنىڭ «شىكەر قومۇچلۇق ۋە يېشىل قورغان»، «ئور- مانلىق ھەققىدە ئوچ شېئىر» لىرى بۇ چاغدىكى ۋەكىل خا- راكتېرىگە ئىگە ئەسەرلەردىن ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر قىسىم

شائىرلار «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» تىكى خاتالىقلارنىڭ ئاقىۋە-
تىنى كۆرگەندىن كېيىن شېئىر ئارقىلىق مەركىزىي ۋەزىپىلەر
ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك بىر تەرەپلىمە ئىجادىيەت ئىستىلىنى
تاشلاپ ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق بولغان تەرەپلەردىن تۇرمۇشنى
ئەكس ئەتتۈرۈشكە باشلىدى، لى يىنىڭ ئۆز شېئىرلىرىدا ئاجا-
يىپ پەزىلەتلىك جەڭچىلىرىمىزنى كۆيلىسە، جاڭ جىمىن يېزا
تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھەر خىل پېرسوناژلارنىڭ جان-
لىق ئوبرازلىرىنى يارىتىپ بەردى. بۇ چاغدا شائىرلار كۆ-
پىنچە يېنىك، چاققان شېئىرلارنى يېزىشقا تۇتۇندى. بۇ شېئىر-
لارنىڭ كۆپىنچىسى تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە يۈزەرەك
بولۇپ تازا چوڭقۇرلاپ كىرەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما تۇرمۇش
كۆرۈنۈشلىرىنى كونكرېت ۋە تەسىرلىك قىلىپ تەسۋىرلەپ بې-
رەلىدى. شائىرلار سۆزلەرنى تاللاشقا، شەكىلنى يېڭىلاشقا
ئېتىبار قىلدى. بەدىئىيلىك جەھەتتىن خېلى ئىلگىرىلىدى.

1962 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا «سىنىپىي كۈرەشنى ھەرگىز
ئۇنتۇماسلىق كېرەك» دېگەن شۇئارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى
ۋە ئەينى ۋاقىتتىكى مەملىكەت ئىچى ھەم خەلقئارادىكى ۋە-
زىيەتنى خاتا مۆلچەرلەش، 1963 - يىلىدىن 1966 - يىلىنىڭ
بېشىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى شېئىر ئىجادىيىتىگە كۈچلۈك تە-
سىر كۆرسەتتى. بۇ مەزگىلدە شائىرلار دەۋر روھىنى ئەكس
ئەتتۈرۈپ نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يازدى. 50 - يىللاردا پەي-
دا بولغان سىياسىي لىرىكىلار بۇ ۋاقىتتا شېئىرلارنىڭ مۇھىم
شەكلى بولۇپ قالدى. «لېي فېڭنى ناخشىسى» (خې جىڭجى)،
«غەربكە ماڭغان پويىز دېرىزىسى ئالدىدا» (خې جىڭجى)،

«كوئىنلوُنغا سەپەر» (گوشياۋچۇەن)، «چۆلدە كوئىنىڭ چىقىشى» (لى يىڭ)، «بىپىجىگىنى سىغىنىمەن» (ۋىن جيې)، «قىش ناخ-شىسى» (يەن جىن)، «خۇاڭشەن قارغىيى» (جاڭ ۋەنشۇ) قا-تارلىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر يېزىلدى. قىيىنچىلىقلارنى مەنسىتە-مەسلىك ۋە ئۇنى يېڭىشقا بولغان ئىشەنچ؛ ئىنقىلاب يولىدا ئاداققىچە مېڭىش، مەڭگۈ سوۋېت ئۆزگەرتمەسلىك ئىرادىسى، ئىنقىلاب ئىز باسارلىرىنىڭ يۈكسەك قىياپىتى، يېزىلاردىكى سىنىپىي كۆرەش مەنزىرىسى، تۇرمۇش يولى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار بۇ چاغدىكى شېئىرلارنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بولۇپ قالدى. دەرۋەقە ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا قارىتا كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزۈش لازىم. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا ۋەزىيەتكە قارىتا مۆلچەرنىڭ توغرى بولمىغانلىقى، بولۇپمۇ سىنىپىي كۆرەش توغرىسىدىكى كۆز قاراشنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كۆپ شېئىرلارنىڭ مەزمۇنى قۇ-رۇق بولۇپ، شېئىرنىڭ چىنلىقى، تەسىرچانلىقى ئاجىزلاپ كەتتى. ھەيۋەتلىك «ئۇلۇغۋار سۆز-جۈملىلەر» كۆپىيىپ كەت-تى. تېما، ئۇسلۇب، شەكىللەرنىڭ خىلمۇ-خىللىقىغا ھەم كۆپ تەسىر يەتتى. بۇ ئەھۋاللار تەرەققىي قىلىپ ئاخىرى تۇرمۇ-شنى بۇرمىلاش، ھېسسىياتنى توقۇپ چىقىرىشقا بېرىپ يەتتى.

يىغىنچاقلىغاندا يېڭى دەۋردىكى پوئېزىيىنىڭ 17 يىلدىكى مۇھىم نەتىجىلىرى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

‹ 1 › «4-ماي» دىن كېيىن شەكىللەنگەن رېئالىستىك ئەنئەنە داۋاملاشتۇرۇلدى. شائىر دېمەك-جەڭچى دېمەكتۇر. مانا بۇ يېڭى دەۋردىكى شائىرلىرىمىزنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى.

ئۇلار زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى بىلەن رېئالىزمنىڭ ئەنئەنىسىنى قوغدىدى. شېئىرلارنى خەلق بىلەن دەۋر بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى.

‹2› شائىرلار يېڭى تۇرمۇشنى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك؟ شېئىرلارنىڭ بەدىئىيلىكىنى قانداق ئۆستۈرۈش لازىم؟ دېگەندەك مەسىلىلەردە كۆپ ئىزدىنىپ خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. مەسىلەن: پېشقەدەم شائىر گومورو ئازاتلىقتىن كېيىن يازغان «تۆگە» ناملىق شېئىرىدا تۇرمۇشنى شېئىرىي ئوبراز، شېئىرىي پىكىرلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، تۆگىنىڭ «مەن» دە پەيدا قىلغان ئالاھىدە تەسىرى ئارقىلىق دەۋر قىياپىتىنى، مىللەت خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بەرگەن. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ شېئىرىي ئۇسلۇبىنىمۇ تولۇق نامايەن قىلغان. گۇڭكايىيۇننىڭ «شىمالدا» ناملىق بىر يۈرۈش شېئىرلىرىدا چەكسىز چوڭقۇر مەزمۇن ۋە چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەر چەكلىك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغان.

زاڭ كېجىيانىڭ «بەزىلەر» دېگەن شېئىرىدا سېلىشتۇرما ئۇسۇلى ئارقىلىق تۇرمۇشنى يۈكسەك دەرىجىدە تىپىكلەشتۈرگەن. ۋېيياڭنىڭ «ماتىقنى ماڭا بېرىڭلار» شېئىرى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شەكىللەنگەن ئوبراز ئارقىلىق كىتابخانىنىڭ ھېسسىياتىنى ۋە تەسەۋۋۇرىنى قوزغاپ جەڭچىلىرىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنتېرناتسىيونالىزملىق روھىنى ئاددىي شۇنداقلا ناھايىتى مەركەزلىك شېئىرىي مۇھىت ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. شائىر تيەن جيەن ئۆزىنىڭ «لى فىڭ

ناخشىسى» شېئىرىدا شىددەتلىك يامغۇر، گۈلدۈرماما ۋە چېقىن-لىۋاتقان چاقماقنى كىچىك بالىنىڭ يىغىسى شۇنىڭدەك جەڭ-چىنىڭ قەلب ساداسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئاجايىپ بىر شې-ئىرىي مۇھىت ھاسىل قىلغان ۋە مۇشۇنداق جىددىي، كەسكىن توقۇنۇشلار ئارقىلىق بىر جەڭچىنىڭ يۈكسەك ئوبرازىنى گەۋ-دىلەندۈرگەن ۋە كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشىغا كەڭ ئورۇن قالدۇرغان.

‹ 3 › شېئىرلاردا تۇرمۇش رەڭدارلىقى ئەكس ئەتتۈرۈل-دى. شېئىرلارنىڭ تېما دائىرىسى كېڭەيدى. شائىرلار پارتىيە-نىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشتىكى رەھبەرلىك رولىنى مەدھىيىلىدى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش كۈرىشىنى ئەكس ئەتتۈردى. سانا-ئەت ۋە يېزا ئىگىلىك سەپلىرىدىكى يېڭى نەتىجىلەر ۋە ئۆز-گۈرۈشلەرنى ئىپادىلىدى. قىسىملارنىڭ تۇرمۇشىنى، ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە شۇ رايونلارنىڭ يېڭى قى-ياپەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى.

شەكىل جەھەتتە مۇھەببەت لىرىكىلىرى، سىياسىي لىرىكىلار، پېيزاژ لىرىكىلىرى، بالىلار شېئىرلىرى ھەجۋىي شېئىرلار، نەسرىي شېئىرلار، مەسەللەر قاتارلىق ھەر خىل شېئىر شەكىللىرىدە يېڭى-يېڭى ئەسەرلەر ئىجاد قىلىن-دى. بۇ باسقۇچتا بولۇپمۇ ئېپىك شېئىرلارنىڭ نەتىجىسى گەۋ-دىلىك بولدى. بۇ خىل شېئىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەكس ئەتتۈر-گەن تۇرمۇش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ خىلمۇ-خىللىقى قاتارلىق جەھەتلەر-

ده ئىلگىرىكى باسقۇچلاردىكى ئېپىك شېئىرلارنىڭ سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى.

‹ 4 › شائىرلار قوشۇنى زورايدى. گومورو، ئەيچىڭ، خې چىفاڭ، زاڭ كېجيا، تيەن جيەن، فىن جى، يەن جىڭ لى جى، جاڭ جىمىن قاتارلىق دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىلا مەشھۇر بولغان شائىرلار يېڭى دەۋردە ئىجادىيەتكە يېڭىچە ئىلھام بىلەن بېرىلىپ نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. خې جىڭجى، گوشياۋچۇەن، ۋىن جيې قاتارلىقلار ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئوتتۇرا ياشلىق شائىرلاردىن ھېسابلىناتتى، ئۇلار 17 يىلدا شېئىرىيەت ئاسمىنىدىكى نۇرلۇق چولپانلارغا ئايلاندى. ۋېي ياڭ، گوڭ ليۇ، لى يىڭ قاتارلىق ياش شائىرلار تەدرىجى پىشىپ يېتىلىپ سەپكە قېتىلدى. نەتىجىدە يېڭى جۇڭگونىڭ پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلاردىن تەشكىللەنگەن شائىرلار قوشۇنى شەكىللەندى. بىزنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىمىزدىن ماۋزېدۇڭ، دۇڭ بىۋۇ، يې جيەنيىڭ، جۇدې، چېن يى قاتارلىق يولداشلارمۇ بۇ 17 يىلدا خەلق ئالقىشلايدىغان ياخشى شېئىرلارنى يېزىپ، پوئېزىيىنىڭ گۈللىنىشىگە ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشتى.

## 2 . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى پوئېزىيە

يېڭى دەۋر ئەدەبىيات تارىخىدىكى 1966 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە بولغان كۆلپەتلىك ئون يىل پوئېزىيەمىزنىڭ تەرەققىياتىدىكى 2 - باسقۇچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەزگىل-

ده شېئىرىيەت سەھنىسى لىن بياۋ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا قالدى. شائىرلار قوشۇنى خانە-ۋەيران قىلىندى. ئەسەرلەر دەپسەندە قىلىندى. دۆلەت ۋە خەلققە بالايى ئاپەت ئېلىپ كەلگەن بۇ قارانىيەتچىلەر خەلق-نىڭ سادانسىنى بوغۇپ تاشلىماق بولدى. بىراق 1976 - يىلى مارت ۋە ئاپرېل ئايلىرىدا مەيدانغا كەلگەن «تيەنئەن-مېن شېئىرلىرى» خەلقنىڭ ھېسسىياتىنى تولۇق ئىپادىلەپ شې-ئىرىيەت تارىخىدا يېپ-يېڭى بىر سەھىپە ئاچتى. كەڭ خەلق ئاممىسى گەرچە شائىر بولمىسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ يۈرىكى بىلەن، قېنى بىلەن، كۈچلۈك مۇھەببەت-نەپرىتى بىلەن ئەدە-بىياتنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس ئاۋازىنى جاراڭلاتتى.

1976 - يىلى ئەۋرە سۈپۈرۈش بايرىمىنىڭ ئالدى ۋە كەي-نىدە پايتەختتىكى كەڭ خەلق ئاممىسى جۇئىنلەي زۇڭلىنى خاتىرى-لەش، شۇنداقلا «4 كىشىلىك گۇرۇھ» بىلەن كۈرەش قىلىش ئۈچۈن، ئۆزلۈكىدىن تيەنئەنمېن مەيدانىغا كېلىشتى. پارتىيە، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قېلىۋاتقان مۇشۇ ھالقىلىق پەيتتە ئۇلار گۈلچەمبىرەك ۋە شېئىرنى قورال قىلىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخىنىڭ شۇنداقلا شېئىرىيەت تارىخىنىڭ سەھىپىسىدىن يېپ-يېڭى بىر بەت ئاچتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى قەھرىمانلار خاتىرە مۇنارىسىنىڭ مەر-مەر قاشا لىرىغا چاپلىدى. مەيداندىكى چىراق تۈۋرۈكلىرىگە چاپلىدى. قارىغاي شاخلىرىغا ئېسىپ قويدى. گۈلچەمبىرەكلەرنىڭ لېن-تىلىرىغا يېزىپ قويدى. ماتەم قايغۇسىدىن ئېزىلگەن شۇنىڭ بىلەن بىرگە چەكسىز غەزەپكە كەلگەن ئاممىنا ئارىسىدا دىك-

لاماتسيە قىلىپ ئوقۇدى. بۇ شېئىرلار خەلقنىڭ ياش بىلەن تولغان ھەرسىيىسى ۋە غەزەبلىك شىكايەتنامىسى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئېغىر بېسىمنى يېرىپ تاشلاپ، بىراقلا پارتلاپ چىققان چۇقان ساداسى ئىدى. تيەنئەنمېن شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچە ئاپتورلىرى كەسپىي شائىرلاردىن ئەمەس. ئۇلار شېئىرنى قانداق يېزىش ئۇستىدىمۇ كۆپ باش قاتۇرۇپ ئولتۇرۇشمىغان. ئۇلاردا ئۆزلىرىنىڭ ماتەم قايغۇسىنى ئىپادىلەش، كۈچلۈك ۋە ھەققىي ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىش ھەم بۇ شېئىرلارنى كۆرەشتىكى «بومبا ۋە بايراق» قىلىشتىن باشقا مۇددىئا يوق ئىدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بۇ «5-ئاپرېل» ھەرىكىتىنى باستۇرغاندا، بۇ شېئىرلارنىڭ ئاپتورلىرىغا زىيانكەشلىك قىلدى. ئۇلارنى تۈرمىگە تاشلىدى ۋە تۇتۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. لېكىن خەلق ئاممىسى كىملىۋاتقان خەۋپ-خەتەرگە پىسەنت قىلماي، بۇ شېئىرلارنى كۆچۈرۈۋالدى، توپلىدى، تارقاتتى ۋە ساقلىدى.

1979-يىلىنىڭ بېشىدا بېيجىڭ چەت تىل 2-ئىنىستىتۇتى خەنزۇ تىلى كافېدراسىدىكى 16 نەپەر يولداش ئۆزلىرى توپلىغان ۋە ساقلاپ كەلگەن «تيەنئەنمېن شېئىرلىرى»نى توپلام قىلىپ ئىشلىدى.

بۇ شېئىرلارنىڭ مەزمۇنى شۇنداقلا مەركىزىي ئىدىيىسى جۇزۇئېنلىنى ئەسلەش، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى ئەيىبلەش بولۇپ، بۇنى لۇشۈن ئەپەندىنىڭ:

«ئەجدادلارغا مۇھەببەتتىن ياسالغان تۇغ،
زالىملارغا نەپرەتتىن ئېتىلغان ئوق»

دېگەن ئىككى مىسرا شېئىرى بىلەن يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

«تىيەنئەنمېن شېئىرلىرى» دا جوئېنلەي زوڭلىنىڭ يۈك-سەك پەزىلىتى، شانلىق ھاياتى، يارىتقان تۆھپىلىرى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلقنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىل-غانلىق بىلەن پەيدا بولغان ئېغىر قايغۇسى ئىپادىلەنگەن. بۇ شېئىرلاردا خەلقنىڭ قەلبىنى ئۆرتەۋاتقان جۇدالىق زارى:

ئۆزئارا سۆزلەشكە كەلمەيدۇ بۇ تىل،
چىقىدۇ سۆز ئورنىغا ياش تۆكۈلۈپ.
قۇلىقىمغا مەن زادى چۈمپۈتمىدىم،
بىلگىنىمدە چۈشتى يۈرىكىم ئۈزۈلۈپ.

دەپ ئىزھار قىلىنغان. ئەينى ۋاقىتتا جۇزۇڭلىنى سېغىنىشنىڭ ئۆزى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى ئەيىپلەش ئىدى. ئەڭ سە-مىمى ئەسلىمىنىڭ ئۆزى ئەڭ قەتئىي كۈرەش ئىكەنلىكى ئې-نىق. تۆۋەندىكى بىر كوپلېت شېئىردىن بىز خەلقنىڭ غەزەپ-لىك چۇقىنىنى ئوچۇق ئاڭلىيالايمىز.

بىز يىغان-ھەسرەتتە، شەيتان نەغمىدە،
يىغلىساق بىز بۇندا، بۆرە بەزمىدە.
ئەسلىدۇق باتۇرنى كۆزدىن ياش تۆكۈپ،
دىل غەزەپتە، قول قىلىچنىڭ دەستىدە.

قىسقىغىنە بىر كۇپلېت شېئىردىكى 20 دانە سۆز خەلق-نىڭ غەزەپ-نەپرىتىنى، ئىرادە-قەسىمىنى ئاجايىپ تولۇق ئىپادىلەپ بەرگەن. شۇڭا بۇ شېئىردىن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ۋە ئۇنىڭ قولچوماقلىرىنىڭ ئۆلگۈدەك چۆچۈپ كەتكەنلىكى

ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.

بەدىئىيلىكتىن سۆز ئاچىدىغان بولساق «تىيەنئەنمەن شېئىرلىرى» نىڭ ئىچىدىكى كۆپ ساندىكىلىرى قالتىس ياخشى شېئىرلار ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئاددىي، ئۆتكۈر، ھېسسىياتقا باي شۇنىڭدەك مەزمۇنى چوڭقۇر. ئۇلاردىكى ئوخشىتىشلار جانلىق، شېئىرلارنىڭ تىلى تاۋلانغان. مەسىلەن:

خەلقىمىنىڭ زۇڭلىسى سۆيەر خەلقىنى،
قەدىردان زۇڭلىنى سۆيەر خەلقىمىز.
جاپايۇ-راھەتنى تەڭ كۆرۈپ كەلدۇق،
قەلبىگە زۇڭلىنىڭ تۇتاش قەلبىمىز.

يۇقىرىقى شېئىر ئاغزاكى تىل بىلەن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا دەبدەبىلىك سۆزلەر يوق. ئاددىي تىل ئارقىلىق چوڭقۇر بىر ھەقىقەت شەرھلەنگەن. بىز يەنە «زۇڭلىدىن يوليورۇق سوراش» دېگەن شېئىرنى كۆرۈپ باقايلى:

خۇاڭپۇجياڭنىڭ ① كۆۋرۈكى②
چىرىپ لىڭشىپ③ تۇۋرۈكى
كېتەي دېدى ئۆرۈلۈپ،
بىرىڭ بىزگە يوليورۇق،
بۇزامدىمىز بىز ئۇنى،
يە تاشلامدۇق كۆيدۈرۈپ؟

بۇنىڭدەك ئاھاڭداش سۆزلەر ئىشلىتىلىدىغان شېئىردى

①②③ خەنزۇچىدا «江» دەريا. «桥» كۆۋرۈك «摇» لىڭشىش مەنىسىدە بولۇپ. بۇ يەردە جىياڭ چىڭ، جاڭ چۇنچياۋ. ياۋۋىنيۈەنلەر كۆزدە تۇتۇلغان

شەكىل قەدىمي ۋە ھازىرقى ناخشا - قوشاقلارنىڭ ئىچىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ شېئىر چوڭقۇر مەنىلىك ۋە يۇمۇرلۇق بولۇپ ئۇنىڭدا جەڭگىۋارلىق ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.

«تىيەنئەنمېن شېئىرلىرى» خەلقنىڭ بولغاشقا ئۇنىڭدا خەلق ناخشا - قوشاقلىرىنىڭ پۇرىقى بولۇشى ۋە ئۇنىڭ خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان شەكىللەردە ھەم ئۇسلۇبتا يېزىلىشى تەبىئىي.

ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن شېئىرلارنى قولغا ئېلىپلا دېكلاماتسىيە قىلغىلى بولىدۇ. ئەستە ئوبدان قالىدۇ. شۇڭا خەلق ئارىسىدا ناھايىتى تېز تارقىلالايدۇ. «تىيەنئەنمېن شېئىرلىرى» نىڭ ئارىسىدا تۆت بوغۇم، بەش بوغۇملۇق قوشاق شەكلىمۇ، چاچما شەكىلدىكى ئەركىن شېئىرلارمۇ، باللار شېئىرلىرىمۇ، نەسرىي شېئىر، مەسەللەرمۇ، ساتىرالارمۇ بار. ئومۇمەن خەلق چۈشىنىدىغان، ئوڭاي قوبۇل قىلىدىغان، ياقتۇرىدىغان شەكىللەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. ئۇسلۇبى ياقتىن ئېيتقاندا، بەزىلىرى قايغۇلۇق، بەزىلىرى جاراڭلىق، بەزىلىرى ھېسسىياتلىق بەزىلىرى ئوچۇق ۋە روشەن، يەنە بەزىلىرى چوڭقۇر، بەزىلىرى ھەجۋى. مانا بۇلار «تىيەنئەنمېن شېئىرلىرى» نىڭ بەدىئىي ياقتىكى ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ سانىلىدۇ.

تارىخ ھەقىقانىيدۇر، شۇنداقلا كومىدىيىلىكتۇر. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئۆزلىرىنىڭ قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەدەبىياتنى قورال قىلىۋىدى، خەلق ئوخشاشلا يەنە شۇ ئەدەبىياتنىڭ قۇدرەتلىك بازغىنى بولغان تىيەنئەنمېن شېئىرلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەجەل سىگنالىنى چالدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بىت - چىت قىلىنغاندىن كېيىن، شېئىرىيەت سەھنىسى جانلاندى. يېڭى دەۋردىكى شېئىر ئىجادىيىتى ئۆز تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بىر باسقۇچىنى باشلىدى. بۇ باسقۇچ باشلانغىلى ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئىجادىيەتتىكى نەتىجىلەر كۆرۈنەرلىك بولدى. بۇ نەتىجىلەرنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلاردىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

(1) ئون يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى قولىغا قەلەم ئالمىغان شائىرلار يېزىشنى قايتا باشلىۋەتتى. بەزى مەسىلىلەرگە قارىتا تونۇش يېڭىلانغانلىقى ئۈچۈن، ئون يىللىق قالايمىقانچىلىقتا چەتكە قېقىلغان شائىرلار پۇت - قوللىرىدىكى كىشەنلەردىن خالى بولۇپلا قالماي، 50 - يىللاردا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىجادىيەت سېپىدىن چەتنىتىلگەن شائىرلارمۇ شېئىرىيەت سەھنىسىگە قايتىپ كەلدى. ئۇلار ئاتالمىش «خۇفېڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى» غا چېتىلغانلىقى ئۈچۈن خاتا بىر تەرەپ قىلىنغان خۇفېڭ، لۈيۈەن، نيۇخەن قاتارلىقلار، شۇنىڭدەك ئوڭچىلارغا قارشى ھەرىكەتنىڭ كېڭەيتىلىۋېتىشى بىلەن ئوڭچى قىلىپ قويۇلغان ئەي چىڭ، گوڭلىيۇ، ليۇشاخې، شاۋيەنشياڭ، بەيخۇا، جۇلياڭپېي قاتارلىقلار، ئىدىيە ۋە ئىجادىيەتتىكى بەزى مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن بىر مەزگىل چەتكە چىقىرىلغان سەي چىياۋ، شىن مياۋ قاتارلىقلار بولۇپ، زور بىر تۈركۈم شائىرلار شائىرلار قوشۇنىغا قايتىپ كەلدى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى بۇ چاغدا يەنە بىر تۈركۈم

يېڭى شائىرلار مەيدانغا چىقتى. تۇرمۇش ئاساسى مۇستەھكەم، مەسىلىلەرنى كۆزىتىشى چوڭقۇر، تونۇشى يېڭى بولغان بۇ شائىرلار ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى يېڭىلاشقا تىرىشتى ۋە جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغايدىغان شېئىرلارنى يېزىپ ئۆزلىرىنىڭ ئۇسلۇبلىرىنىڭ يېڭىلىقى بىلەن بەدىئىي تالانتلىرىنى نامايەن قىلدى. لى شۇيەن، جاڭ شۈمىڭ، ياڭ مىن، لىنىزى، شۇ تىڭ، بىيداۋ، لى فامو قاتارلىقلار بۇ بىر تۈركۈم يېڭى شائىرلارنىڭ ۋەكىللىرىدۇر.

شائىرلىرىمىز مۇشۇ بىرقانچە يىلنىڭ ئىچىدە ئاز بولمىغان مۇنەۋۋەر شېئىرىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. «يامغۇر قايغۇسى» (لى يىڭ)، «جۇزۇڭلى، سىز قەيەردە؟» (كې يەن) شېئىرلىرى خەلقنىڭ جۇزۇڭلىغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتىنى، سېغىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. «نۇر قەسىدىسى»، «دولقۇنلار ئەۋجىدە» (ئەيچىڭ) تارىختىكى ۋە رېئاللىقتىكى ئادالەت ۋە رەزىللىكنىڭ، يورۇقلۇق ۋە زۇلمەتنىڭ گۈزەللىك ۋە پەسكەشلىكنىڭ كۈرەشلىرىنى ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدىن ئىبارەت كەڭ كۆرۈنۈش ئاستىدا يىغىنچاقلاپ بېرىدۇ. «زامانىۋىلىك ۋە بىز» (جاڭ شۈمىڭ)، «رازى، ئەمەس» (لو گىڭيەن) شېئىرلىرى «تۆتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» يولىدىكى توسقۇنلۇقلارنى كۆرسىتىپ، نادانلىقنى، كونىلىقنى ياقىلاش ئىللەتلىرىنى كۈچلۈك قامچىلايدۇ، ئىسلاھات سادىسىنى جاراڭلىتىپ پەن ۋە دېموكراتىيىگە بولغان تەشنالىقنى ئىپادىلەيدۇ. جاڭ جىيشىن ۋەقەسىدە بارلىق شائىرلار شېئىرلار يازدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «ئەي، ئورمان» (گۇڭلىيۇ) «بىر گىيا ئىپىتماقتا ناخشا» (لىي شۇيەن) شېئىرلىرد-

نىڭ تەسىرى چوڭ بولدى. بۇ مەزگىلدە يېزىلغان «يۇلتۇز» (گۇگلىيۇ)، «قۇياش» (ليو شاخې) «ۋەتىنىم، ئېخ سۆيۈملۈك ۋەتىنىم» (شۇ تىڭ)، «جاۋاب» (بىيداۋ) «بىز بىرلىكتە پەرۋاز قىلايلى» (جياڭ خې)، «ئۇنىڭغا بەر» (لىنزى) «مەن بىر ياش» (ياڭ مىن)، «نامىسىز دەريا» (لىن شى) شېئىرلىرى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردىن ھېسابلىنىدۇ.

(2) بۇ مەزگىلدە شېئىرلارنىڭ تېمىسى، مەركىزىي ئىدىيىسى، ئوبرازى قاتارلىقلاردا خېلى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. بولۇپمۇ شېئىرلارنىڭ ئىدىيىۋى كۈچى ھەسسىلەپ ئاشتى.

ئازادلىقتىن كېيىنكى 17 يىل ئەگرى - توقاي، ئىگىز - پەسلىكلەرگە تولغان يىللار بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقەت جاراڭلىق ناخشىلارنى ياڭرىتىشقا تېگىشلىك يىللار ئىدى. شۇڭا بىزنىڭ شائىرلىرىمىز خەلق يارىتىۋاتقان تارىخنى ۋە تارىخ يارىتىۋاتقان خەلقنى مەدھىيىلىگەن ئىدى. ۋەتەنگە، پارتىيىگە بولغان چىن مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغان ئىدى. دەۋرنىڭ ئەڭ جاراڭلىق كۈيىنى ياڭراتقان بۇ شېئىرلار تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقاتقىنى يوق. لېكىن بىز شېئىر ئىجادىيىتىدە بىر خاھىش سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلگەن قەسىدىچىلىكنى ماكرو جەھەتتىن كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇنىڭ بەزىبىر نۇقسانلىرىنى ئاشكارا كۆرۈپ ئالالايمىز. شائىر گوشياۋ چۇەن: «بىزنىڭ شېئىرلىرىمىز ئەگەر تۇرمۇشتىكى زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرمىسە، ھەممىسىلا ئۇلۇغ، ئۇلۇغ، دەپ توۋلاۋەرسە، بۇ پەقەت چاكىنا ۋە يۈزەكى مەدھىيىلەش بو-

لۇپ قالىدۇ، خالاس» ① دېگەن ئىدى. دەرۋەقە ئەينى يىل-لاردا بەزى شېئىرلار تۇرمۇش رېئاللىقىدىن چەتنىگەن ئىدى. ئۇلار ھەممىلا شەيئى ۋە ھادىسىگە ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ مۇكەممەل، دېگەن ماركىنى چاپلاپ شېئىر ئىجادىيىتىدە «يۈزە»، «چاكىنا» بولغان، قۇرۇق شوئار توۋلايدىغان ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. نەتىجىدە ئىجادىيەت يولى تارىيىپ، شېئىرلار خەلقنىڭ ئېستېتىك تەلەپلىرىنى قاندۇرالمىدى. ئۇن يىللىق مالىمانچىلىقتا بولسا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» مانا مۇشۇنداق سۇنئىي قەسىدىچىلىكتىن پايدىلىنىپ، ئۆز جىنايەتلىرىنى نىقاپلىغان ۋە پەردازلىغان ئىدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن شائىرلىرىمىز ئوخشاشلا مەدھىيە ناخشىلىرىنى ياڭراتتى. لېكىن يېڭى باسقۇچتىكى بۇ خىل مەدھىيە شېئىرلىرى ئىلگىرىكى سۇنئىي «قەسىدە»لەردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى بۇ چاغدا شائىرلىرىمىز مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇن يىللىق ئاپەتنىڭ كەلتۈرگەن بالايى قازالىرى ئالدىدا كۆزنى چوڭ ئېچىپ قارىغان ئىدى، ئۇلار ئارقىغا بۇرۇلۇپ، بېسىپ ئۆتكەن يولنى قايتىدىن كۆزىتىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى بىلەن مەسىلىلەرگە قايتا باھا بەرگەن، ئۇلارنى قايتا تونىغان ۋە باشقىدىن ئەكس ئەتتۈرگەنىدى. شۇڭا شېئىرلارنىڭ ئىدىيىۋى كۈچىمۇ ھەسسىلەپ ئاشتى. مەزمۇنى چوڭقۇرلىدى. شېئىرلارنىڭ خەلقتىن ئايرىلىپ قالىدىغان، ئەمەلىيەتتىن چەتنەيدىغان ئەھ-

①: «قايناق تۇرمۇش ۋە شېئىر» ناملىق ماقالىدىن ئېلىندى. «ئەدەبىيات-سەنئەت گېزىتى» 1956 - يىل 3 - ساندىن.

ۋاللىرىغا خاتىمە بېرىلدى.
شائىر ئەي چىلىك مۇنداق دەپ يازىدۇ:

بىز تالاي دۇچ كەلدۇق قايمۇقتۇرۇشقا،
ئېرىشتۇق دۆتلۈكتىن ئەقىل ۋە ھۇشقا.
ھەرىكەتتە بولىدۇ يەنە زىددىيەت،
ئايلىنىش بولىدۇ يول ـ سوقماقلاردا.

خائىنلىق بولىدۇ ئىنقىلابلاردا،
تۇسقۇنىسىز ھەرىكەتلەر بولمايدۇ پەقەت.
(ئەي چىلىك: «نۇر قەسىدىسى» دىن)

ئەي چىڭنىڭ يازغىنى، ئەمەلىيەتتە ئۇيغىنىش شېئىرىدۇر. يېڭى باسقۇچتىكى شېئىرلارنىڭ ئۇيغىنىشنى ئىپادىلىگەنلىكى، پەردازلاش ۋە بۇرمىلاش، ئارىلاشقان، شەخسكە چوقۇنۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ئىجادىيەت خاھىشىنىڭ ئايا قلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ خىل ئۇيغىنىش ۋە چوڭقۇر تەپەككۇر، ئىلمىيلىككە زىت ھالدىكى مەدھىيلەش ۋە ئىلاھلاشتۇرۇشلارنى تۈگىتىپ، تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ شېئىرىي مەزمۇنىدىكى نوپۇزىنى قايتىدىن تىكلىدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىجاد قىلىنغان شېئىرلار بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىنى خۇلاسىلاپ، تارىخنىڭ ئەگرى ـ توقايلىقلىرى ۋە ئۇنىڭ كىشىلەر قەلبىگە سىڭىپ ئۆتكەن ئىزناسى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلدى. بۇ شېئىرلار كىشىنى پىكىر قىلىشقا ئۈندەيدۇ، كىشىنى غەزەپلەندۈرىدۇ ۋە ئۈمىدلەندۈرىدۇ. كۈچ ـ قۇۋەت بېغىشلايدۇ.
يېقىنقى يىللاردىن بېرى، شائىرلىرىمىز تارىخىي مۇسا ـ

پىغا يـۈزلىنىپ كـۆزەتكەچكە ۋە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزگەچكە، نۇرغۇن ياخشى شېئىرلارنى يېزىپ چىقتى. بۇ شېئىرلاردا ئا ـ دەتتىكى «بىر تال گىيا»، «زېمىننىڭ قىزى» غا ھېسسىداشلىق قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى. (لى شۈيەن: «بىر تال گىيا ئىپىتماقتا ناخشا» شېئىرى)، تارىخىي ساۋاقلار ۋە مەنىۋى جاراھەتلەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىققا دەۋەت قىلدى (جاڭ جىيىننىڭ: «20 ـ ئەسىرنىڭ ‹ئۇلۇك جانلىرى› »شېئىرى)، ئادەمنىڭ تەقدىرى ۋە قىممىتىگە باھا بەردى (لى شى «نام ـ سىز دەريا» شېئىرى)، تۇنۇگۇنكى ئازاب ۋە بۈگۈنكى شاتلىق ـ نى كۆزىتىپ، يېزىلارنىڭ ئون يىللىق سەرگۈزەشتىلىرىنى تەھلىل قىلدى (جۇ يومىڭنىڭ «شى موۋەنگە قايتا بېرىش)،شېئىرى تارىخ ـ نىڭ ئەسلىمىلىرى ئۈستىدە تۇغۇلغان ئۈمىد ۋە ھەقىقەتكە بولغان تەشنالىقنى ئىپادىلىدى (جيا گىخې: «خاتىرە مۇنارى» شېئىرى) سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە ئىسلاھاتنىڭ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ «ماسلىشالماسلىق ئارىسىدىكى ماسلىشىش» نى بەدىئىي ياقتىن يەكۈنلەپ بەردى (ليۇزۇسى «ئىگىز كۆتۈرۈلگەن ۋە كۆتۈرۈلمىگەن بىلەكلەر توغرۇلۇق ناخشا ئېيتىمەن» شېئىرى). شائىر ۋىي ياڭ ئۆزىنىڭ «مۇبادا قايتىدىن ياشىغان بولسام» شېئىرىدا سىنىپىي كۆرەشنى ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىش ۋە كەڭەيتىۋېتىش خاتالىقى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، شېئىردا تەسۋىرلەنگەن «بىر پېشقەدەمنىڭ» ئۈمىدسىزلەنگەنلىكى، ئويلانغانلىقى، ئويغان ـ غانلىقىنى، ئۇنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدا كىشىلەرگە، يولداشلار ـ غا ۋە ئىنقىلابقا بولغان ھېسسىيات ئۇچقۇنلىرىنىڭ يەنە قاي ـ تىدىن ئۇتتۇشۇپ، گۈلخانغا ئايلانغانلىقىنى يازدى.

يېڭى باسقۇچتىكى شېئىرلاردا يەنە «مەدھىيىلەش» بىلەن «پاش قىلىش» نىڭ مۇناسىۋىتى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىنىشى. يورۇقلۇق مەدھىيىلىنىشى، قاراڭغۇلۇق پاش قىلىنىشى كېرەك. يولداش ماۋزېدۇڭ ئۆزىنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ناملىق ماقالىسىدا بۇ مەسىلىنى ناھايىتى ئوبدان شەرھلەپ بەرگەن ئىدى: لېكىن بۇ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسى كېيىنكى چاغلاردا ئېغىر ھالدا بۇرمىلانغان بولۇپ، يورۇقلۇقنى مەدھىيىلەش (مەيلى ساغلام نەرسىلەرنى مەدھىيىلەش ياكى ساختا نەرسىلەرنى مەدھىيىلەش بولسۇن) توغرا نىيەتتىن بولىدۇ، قاراڭغۇلۇقنى پاش قىلىش (مەيلى نىيەت خالىس بولسۇن ياكى نىيەت يامان بولسۇن) بەرىبىر يامان غەرەزدىن بولىدۇ، دەپ قارالغانىدى؛ يېڭى باسقۇچتا گەرچە تۇرمۇشنى پەردازلاپ كۆرسىتىدىغان بەزى شېئىرلار يېزىلغان بولسىمۇ، تەنقىدنى يامان غەرەزلىك ھۇجۇم، دەپ قارايدىغان ئەھۋاللار سادىر بولغان بولسىمۇ، ياكى ئۇ قۇتقۇبتىن بۇ قۇتۇبقا ئۆتكۈزۋېتىدىغان ئېغىشلار بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ باسقۇچتىكى شېئىرلارنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا قارىغاندا، مەدھىيىلەش بىلەن پاش قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى مىتافىزىكىلىق كۆز قاراشلارغا ئاساسەن بەرھەم بېرىلدى. شائىرلىرىمىز جاراھەتمۇ بار، ئۈمىد ۋە ئىشەنچمۇ بار قەلبلەرنى، يورۇقلۇقمۇ بار شۇنىڭدەك قاراڭغۇلۇقمۇ بار رېئاللىقنى توغرا كۆزىتىپ، خەلققە ۋە سوتسىيالىزمغا پايدىلىق بولغانلارنى ئىككىلەنمەي مەدھىيىلىدى، زىيانلىق بولغانلارنى قەتئىي پاش قىلدى. بۇ مەزگىلدە پارتى-

يىنى، خەلقنى، پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنى، ئالغا بېسىش يولىدىكى يېڭى شەيئىلەرنى مەدھىيىلەش يەنىلا شېئىرلارنىڭ ئاساسلىق تېمىسى بولىسىمۇ، ئەمما جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان بارلىق توسقۇنلۇقلارنى، چىرىك شەيئىلەرنى، قاراڭغۇ تەرەپلەرنى پاش قىلىدىغان، پىپەن قىلىدىغان ياخشى شېئىرلار يېزىلىپ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

يىغىنچاقلىغاندا، بۇ مەزگىلدىكى شېئىرلار ئۆزلىرىنىڭ پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئۆزگىچىلىكى، ئىلمىيلىكى ئارقىلىق غايەت زور ئىدىيىۋى كۈچىنى ئىپادىلىدى. «تارىخ ئويلارغا پاتسا بەك چوڭقۇر، بولامدۇ ئويلانماي تارىخ ھەققىدە»① دېگەندەك ئەھۋال يېڭى باسقۇچتىكى شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى.

‹ 3 › شېئىرلارنىڭ لىرىكىلىقى كۈچەيدى.

ھەممىگە ئېنىقكى، شېئىرلارنىڭ لىرىكىلىقى ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا قارىغاندا كۈچلۈك بولىدۇ. شېئىر تۇرمۇشنى ئوبيېكتىپ ھالدا ئىنچىكىلەپ تەسۋىرلىمەيدۇ، بەلكى شائىرنىڭ ھېسسىياتىغا (تۇرمۇشتىن كەلگەن ھېسسىيات) يۇغۇرۇلۇپ شائىرنىڭ يۈرەك ساداسىنى (تۇرمۇشتىن ھاسىل بولغان) ئىپادىلەيدۇ. شائىرنىڭ تۇرمۇشتىن ئالغان تەسىراتى ئارقىلىق دەۋرنى، خەلقنى ۋە رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مانا مۇشۇندا ھەقىقىي شېئىرلاردا لىرىكا قىلغۇچىنىڭ ئوبرازى تىكلەنگەن بولىدۇ. لىرىكا قىلغۇچى ئوبرازىنىڭ تىك-

---

① گۇڭلىيۇنىڭ «خىياللار» شېئىرىدىن.

لەنگەنلىكى لىرىكا خاسلىقىنىڭ مۇھىم ئامىتىدۇر.
ئازادلىقتىن كېيىن يېزىلغان، لىرىكا خاسلىقى كۈچلۈك بولغان «تۆگە» (گومورو)، «جاۋاب» (خې چىڧاڭ)، «لىبې فىڭ ناخشىسى» (خې جىڭجى)، «دېڭىزغا خىتاب» (گوشياۋچۇەن) دې- گەندەك شېئىرلارنىڭ «كىچىك مەن» ئارقىلىق «چوڭ مەن» نى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇۋەپپە- قىيەت قازانغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن. لېكىن 17 يىللىق شېئىر ئىجادىيىتىدە «سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» ۋە «ئىجتىمائىي رولى» دېگەنلەرنىڭ بىر تەرەپلىمە تەكىتلىنىشىگە ئەگىشىپ «كىچىك مەن» بىلەن «چوڭ مەن» نى، «ئوبيېكتىپ- لىق» بىلەن «سوبيېكتىپلىق» نى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇ- دىغان ئەھۋال شەكىللەنگەندى. لىرىكا قىلغۇچى ئوبراز ئاجىز- لاشقاچقا، ھەتتا ئاتالمىش «خەلق ئۈچۈن سۆزلىگەن» دەپ تەرىپلەنگەن شېئىرلارمۇ شۇئارلارنى دۆۋىلەپ قويۇش، تەييار ئىبارىلەرنى كۆچۈرۈپ قويۇشتەك ئىجادىيەت ئىستىلىنىڭ مەھ- سۇلاتى بولۇپ قالدى.
يېڭى باسقۇچتىكى شېئىرلارنىڭ بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتى، ئۇلاردىكى لىرىكا قىلغۇچى ئوبرازنىڭ كۈچەيگەنلىكىدۇر. ئەي- چىڭ «مەر-مەر تاش» شېئىرىدا ياراتقان «ھاياتلا بولسام قىلىمەن كۈرەش» دەيدىغان «مەن» نىڭ ئوبرازى، ۋە «شەھ- شاتقا خىتاب» شېئىرىدا ياراتقان ئىگىلمەس-سۇنماس خاسلىق- نىڭ ئوبرازى، لوگىڭيىنىڭ «نارازى»نامىلىق شېئىرىدىكى ئىدى- يىۋى قاتماللىققا بولغان «نارازى» لىق سادىسى قاتارلىقلار- نىڭ ھەممىسى «مەن» نىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئالغان

ئۆزگىچە تەسىراتلىرىنى ئىپادىلىگەن.

يېقىنقى يىللاردا يېزىلغان نۇرغۇن شېئىرلار «مەن»نىڭ خەلق بىلەن ئورتاقلىقى بار خۇشلۇقى ۋە قايغۇلىرىنى چوڭ تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، يەنە «مەن» نىڭ خەلق بىلەن بىللە شاتلىنىپ بىللە غەمناك بولۇۋاتقانلىقىنى ئىنچىكە تەرەپلەردىن يورۇتۇپ بەردى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن شېئىرلار چىنلىقى تېخىمۇ يېقىنلاشتى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز شېئىرلاردىن دەۋر روھىنى كۆرەلەيدىغان، خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلىيالايدىغان بولدۇق. شائىرلارنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى ئىجادىيەتلىرى ئېستېتىك ئوبيېكتىپ بىلەن ئېستېتىك سۇبيېكتىپنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتكەنلىكى ئۈچۈن شائىرلار بىلەن خەلقنىڭ ھېسسىياتى ئۆزئارا ئالمىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. رەڭدار تۇرمۇشمۇ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىك ئىپادىلەشكە ئېرىشتى.

〈 4 〉 شېئىرلارنىڭ قۇرۇلمىسى مۇرەككەپلەشتى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بېيىدى. بۇنداق ئۆزگىرىش ئالدى بىلەن شائىرلارنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىش ۋە ئۇنىڭدىن تەسىرات ئېلىشتىكى نۇقتىلىرىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. شېئىرنىڭ خۇسۇسىيىتىدىن قارىغاندا، تەسىراتنى بىۋاسىتە ئىزھار قىلىش، بىر خىل بەدىئىي ئۇسۇل بولۇپ سانىلىدۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىز بىردىن بىر ئۇسۇل ئەمەس. «تەقلىد قىلىپ يېزىش» نىمۇ شېئىرنىڭ ئەڭ ئوبدان شەكلى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. بىراق ئۆزۈڭدىن بېرى بەزى كىشىلەر ئوبيېكتىپ دۇنياغىلا ئەھمىيەت بېرىپ سوبيېكتىپ دۇنياغا سەل قاراپ كەلگەنىدى.

«ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشى» نى ئاددىي هالدا تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى كوبلىتلارغا كۆچۈرۈپ قويۇش، ياكى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرۈش، دەپ قاراپ كەلگەنىدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى شائىرلار، ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي چىن ھېسسىياتىنى قەدىرلەيدىغان، ھېسسىيات بىلەن تەساۋۋۇرنىڭ شېئىردىكى ئالاھىدە ئورنىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى. كىتابخانلارنىڭ شېئىرنىڭ «تەمىنى» تېتىشى ئۈچۈن ۋاقىت ۋە ئورۇندىن ئىبارەت ئىمكانىيەت قالدۇرىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن بەدىئىي ئۇسۇل ۋە شەكىللەر كۈنسېرى بېيىدى ۋە خىلمۇ خىللاشتى. تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشمۇ ئىلگىرىكىدىن خېلىلا جانلىق بولۇشقا باشلىدى.

شېئىر قۇرۇلمىسى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن تۆۋەندىكىدەك يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇ: ئەدەبىيات-سەنئەت تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرەمدۇ ياكى ئەكس ئەتتۈرمەمدۇ؟ ئەكس ئەتتۈرسە، قانداق ئۇسۇل، قانداق شەكىل ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ؟ دېگەنلەر خاراكتېرى ئوخشاشمايدىغان مەسىلىلەردۇر. شۇڭا پەقەت رېئالىستىك ئىجادىيەت ئۇسۇلىلا تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ، ھەقىقىي ھېسسىياتنى ئىپادىلىيەلەيدۇ؛ باشقا ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسى تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ، دېگەن قاراش ئىدېئالىستىك كۆز قاراشتۇر. دەرۋەقە شېئىرلار تۇرمۇشتىن كېلىدۇ. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، شېئىر دېگىنىمىز، سۇبيېكتىپلىققا ئىگە، لىرىكىلىقى كۈچلۈك سەنئەت شەكلىدۇر. شېئىرلارنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئۆزگىچە تۇرمۇشنى توغرا ئەكس

ئەتتۇرۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ شۇنداقلا ئىپادىلەش ئۇ-سۇللىرى ۋە ۋاسىتىلىرى خىلمۇ خىل لىرىكىلىق تۇسى قويۇق بولغان بەدىئىي زېمىننىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

يېقىنقى باسقۇچتىكى نۇرغۇن شېئىرلار بۇ خۇلاسىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. مەسىلەن: ئەي چىلىڭ رېئالىس-تىك شائىر، لېكىن ئۇنىڭ «شەھەر، چۈش ۋە باشقىلار»، «يىلان»، «مىيونخېن» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ياراتقان شېئىرى مۇھىت غۇۋا، شەكىل گۇڭگا بولۇپ ئۇلارنى پۈتۈنلەي رېئا-لىستىك ئۇسۇل بويىچە يېزىلغان دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. لى يىڭنىڭ «مەن مەغرۇرلىنىمەن. مەن بىر تۇپ دەرەخ» شې-ئىرى جەڭچىلىرىمىزنىڭ خەلق ئۈچۈن قۇربان بېرىشكە تەي-يار بولۇشتەك روھىي ھالىتىنى سىمۋولىستىك ئۇسۇل ئارقىلىق ئىپادىلىگەن بولۇپ، جانسىز نەرسىلەر ئادەملەشتۈرۈلگەن ۋە خاراكتېرلەشتۈرۈلگەن. شۇتىڭنىڭ «ۋەتىنىم، ئېخ سۆيۈملۈك ۋەتىنىم» شېئىرىدا كۈچلۈك رومانتىزملىق پۇراق بار. دېمەك بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئىپادىلەش شەكىل ۋە ۋاسىتىلىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقتا يۈزلىنىشى شېئىرىيىتىمىزنى مۇ-كەممەللەشتۈرمەكتە. يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈشكە ئۈندەلەندۈر-مەكتە.

(5) يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى شېئىر ئىجادى-يىتىدىكى بىر قاتار مەسىلىلەر توغرىسىدا قىزغىن مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىلدى. ھەر خىل پىكىر، كۆز قاراشلار مۇھاكىمى-گە قاتناشتى. بۇ مۇزاكىرىلەرنىڭ ئىچىدە كۆلىمى زورراق بولغىنى، «گۇڭگا شېئىرلار» توغرىسىدىكى مۇنازىرە بىلەن

«يېڭى ئېستېتىك پرىنسىپلار» توغرىسىدىكى مۇزاكىرەدۇر.

«گۇڭگا شېئىرلار» توغرىسىدىكى بەس مۇنازىرە ئاسا- سەن يېقىنقى يىللاردا شېئىرىيەت مۇنبىرىگە چىققان ئىدىيىۋى پىكىرلىرى نىسبەتەن يوشۇرۇن ئىپادىلەنگەن، ھېسسىياتى تولا ئاشكارا ئەمەس، شەكلى غەلىتە شەكىلدىكى شېئىرلارنىڭ پەيدا - زىيىنى توغرىسىدا بولدى.

«گۇڭگا شېئىرلار» نى تولاراق ياش شائىرلار يازغان بولۇپ، بۇ ھەممىلا ياش شائىر «گۇڭگا شېئىر» يېزىۋاتىدۇ، دېگەن سۆز ئەمەس. بۇ خىل شېئىرلار ئالاھىدە تارىخىي شا- رائىتنىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى بار. شۇڭا ئۇنىڭغا كونكرېت تەھلىل قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش كېرەك. بۇ خىل شېئىرلارنىڭ ئىچىدىكى ئىدىيىۋى خاھىشى ساغلام، ئاكتىپ ئەھمىيىتى بار، ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق بارلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم. ئىدىيىۋى پىكرى ساغلام بولمىغان، تەسىرى ياخشى بولمايدىغان، شەكىل جەھەتتە يې- ڭىلىق ياراتقاندەك قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئەتەي سىرلىق- لاشتۇرۇلىدىغان، سۆز ئويۇنى قىلىدىغانلىرىنى تەشەببۇس قىلما- ماسلىق، تەنقىد قىلىش كېرەك.

«گۇڭگا شېئىرلار» دىن ئىبارەت ئىجادىيەت ھادىسىسى مۇزاكىرە قىلىنغاندىن كېيىن، شېئىر ئىجادىيەت نەزەرىيىسىدىكى ئوخشاشمىغان پىكىرلەرنىڭ بەس - مۇنازىرىسى بولدى. گەرچە ۋاقىت سەۋەبىدىن بەزى مەسىلىلەردە پىكىر بىرلىكى ھاسىل بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ مۇزاكىرىلەر كىشىلەرنىڭ تونۇشى- نى ئۆستۈردى، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. «گۇڭگا شېئىر-

لار» دىن «يېڭى ئېستېتىك پرىنسىپلار»نى مۇزاكىرە قىلىشـ
قىچە بولغان مۇھاكىمە مەنزىرىسىدىن بىز ئويلاشقا، پىكىر قىـ
لىشقا، مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلىدىغان
ئىلمىي كەيپىياتنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى، سەنئەت دېموكراتىـ
يىسىنىڭ ئەمەلىيلەشكەنلىكىنى، شېئىر نەزەرىيىسىنىڭ تەتقىقات
جەھەتتە ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، يېڭى دەۋر شېئىرىمىز 30 نەچـ
چە يىللىق جەڭگىۋار مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ تەرەقـ
قىيات يولى ئەگرى-توقاي بولسىمۇ ئەمما نەتىجىلىرى كۆرۈـ
نەرلىك بولدى. بىز بۇ نەتىجىلەرنى كۆرۈشىمىز شۇنىڭ بىـ
لەن بىرگە نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان بەزىبىر مەسىلىلەرنىمۇ كۆـ
رۈشىمىز لازىم. هازىر شېئىر ئىجادىيىتىدە، شېئىرلاردا سىياـ
سىيلىك بىلەن بەدىئىيلىكنى قانداق بىرلەشتۈرۈش، خەلقنىڭ
ساداسىنى ۋە مەۋجۇت بولغان زىددىيەتلەرنى قانداق ئەكس
ئەتتۈرۈش، شېئىرلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى، ئاممىباپلىقىـ
نى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش دېگەندەك مەسىلىلەر بىزنىڭ
ھەل قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. بىز تەجرىبە-ساۋاقلارنى
يەكۈنلەپ، شېئىرلارنى دەۋر بىلەن، خەلق بىلەن تۇرمۇش
بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدىغان بولساق شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ
ئالتۇن دەۋرى چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ.

## 2 - §. ئەيچىك ۋە ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى

ئەي چىڭ 1910 - يىلى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ جىن خۇا
ناھىيىسىدە پومېشچىك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئىجادىي

هاياتىنى تۇنجى شېئىرى ئېلان قىلىنغان 1932 - يىلدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا ھازىرغىچە يېرىم ئەسىردىن ئاشىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «دايەنخې دەرياسى — مېنىڭ ئانام» شېئىرى بىلەن جامائەتكە تونۇلغان. بىر قىسىم شائىرلار ئېستېتىزم خاھىشىغا بېرىلىپ يۈرگەن ئەينى يىللاردا ئەيچىڭنىڭ تۇرمىدە تۇرۇپ يازغان بۇ شېئىرى شېئىرىيەت سەھنىسىنى زىلزىلىگە سالغانىدى. شائىر بۇ شېئىرىدا كونا دۇنيانى غەزەپ بىلەن سۆكۈپ، ئەمگەكچى خەلققە چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىدۇ. بۇ شېئىر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن ئەيچىڭ ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئىزدىنىشلىرىنى توختاتمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بويىچە يېڭى تۇرمۇشنى، يېڭى شەيئىلەرنى ئەكس ئەتتۇرۇشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن 1957 - يىلغىچە يېزىلغان شېئىرلىرى «گۈلەردەك قىزىل يۇلتۇز»، «باھار»، «دېڭىز بوغىزىدا»، «تەنتەنە» ناملىق توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدىكى شېئىرلىرىنىڭ خېلى زور قىسمى خەلقئارا تېمىلارغا بېغىشلانغان. 1950 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلغىنىدىن كېيىن يازغان بىر گۇرۇپپا مەدھىيىلەش خاراكتېرىدىكى شېئىرلىرىنىڭ ئىچىدە شېئىرىي ھېسسىياتى قويۇق، شەكلى ئەپچىل چىققانلىرىمۇ ۋە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى خاتىرىلەپ قويۇش سەۋىيىسىدە توختاپ خالغانلىرىمۇ بار. بىراق ئۇنىڭ بۇ تېمىدىكى شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى رېئاللىقنىڭ ئۇدۇللۇمۇ - ئۇدۇل ۋە ئەينەن ئىنكاسى ئەمەس. شائىر ئۆزىنىڭ «دۇنيا»، «چىلى دېڭىز ساھىلىدە»، «ئاتلانتىك

ئوكيان»، «نېگىر قىزى ئېيتماقتا ناخشا» قاتارلىق ياخشى شېئىرلىدا كۆچلۈك تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ كىشىدە چوڭقۇر تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ نەزىرى كونكرېت ئورۇن ۋە كونكرېت ۋەقە بىلەن چەكلىنىپ قالماي، بەلكى پۈتۈن دۇنيا، يىراق كەلگۈسى ۋە ئۇزاق ئۆتمۈشنىڭ تارىخ سەھىپىلىرىگىچە يېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ بۇ شېئىرىي ئەسەرلىرى مۇنقەررزچىلىككە، ئىرقىي كەمسىتىشكە، تەڭسىزلىككە قارشى جەڭگىۋار روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان بولۇپ، تىنچلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى قاتارلىق زور تېمىلارنى يورۇتۇپ بەرگەن.

«باھار» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىكى «نېگىر قىزى ئېيتماقتا ناخشا» شېئىرىدا ئاپتور بىر نېگىر قىزنىڭ بىر بوۋاق بالىنى، يەنى ئۆزىنىڭ خوجايىنىنى قۇچىقىدا كۆتەرگەن ھالدا ئەللەي ناخشىسى ئېيتىۋاتقانلىقىنى تەسۋىرلەپ، روشەن سېلىشتۇرما ئارقىلىق بۇ كۆرۈنۈشنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان ماھىيەتلىك مەسىلىنى — مىللىي زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىكنى توغرا ئىپادىلەپ بەرگەن.

بىرسى شۇنداق قارا ئىدى،
قارا ئىدى كۆمۈردىن.
بىرسى شۇنچە ئاق ئىدى،
ئاپئاق ئىدى پاختىدىن.

بىرسى زەپمۇ راھەتتە،
ئەمما يىغلار تىنجىماي.

بىرسى بەكمۇ بىچارە،
ئېيتار ناخشا توختىماي.

شائىر زىيارەت ئۈستىدە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەشۇ ھادىسىدىن ئاددىي ۋە تىپىك شېئىرىي ئوبرازىنى يارىتىپ ئېنىق ۋە ئىخچام جۈملىلەر ئارقىلىق يۇقىرىقىدەك قىسقا ئەمما ئۇنتۇلغۇسىز شېئىرنى يېزىپ چىققان. ئۇنىڭدىن باشقا شائىر يەنە ئامېرىكا دوللىرىنىڭ يۈزىگە «ئەركىنلىك» دېگەن سۆزنىڭ پۈتۈپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ «ئەركىنلىك» دېگەن شېئىرنى يازغان. بۇ شېئىر مۇنداق:

بولسا ئۇ پۇلى بارلارنىڭ
ئەركىنلىك پۈتەر. گېپى دائىم ئوك.
بولمىسا ئەگەر، پۇلى يوقلارنىڭ،
ئەركىنلىك يۈتەر. گېپى دائىم توك.

كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئەيچىك تۇرمۇشنى كۈزىتىشكە ماھىر، ماتېرىيال تاللاشقا ئۇستا، ئەكس ئەتتۈرۈشتە تېز ۋە توغرا شائىردۇر.

ئەيچىك بۇ مەزگىلدە يەنە پەلسەپىۋىي تۈسى قويۇقراق بولغان، ئۆزىنىڭ پىكىر - ھېسسىياتىنى ۋاستىلىق ئىپادىلەيدىغان شېئىرلارنىمۇ يازىدۇ. «لەنخۇا گۈلى»، «خادا تاش» لار مۇشۇ خىلدىكى شېئىرلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

يىپىلىپ كېلىشەر كەينى - كەينىدىن
ئېتىلىپ دولقۇنلار ئۇنىڭغا قاراپ،
تاپىنى ئاستىغا چۈشكەندە ئاخىر،
كېتىشەر پارە بوپ ھەر يەرگە تاراپ.

يۈز - كۆزى تىلغىنىپ كەتسىمۇ تامام،
تىزلىرى زادىلا كەتمەس پۈكۈلۈپ.
چېھرىدە تەبەسسۇم پارلىغان پېتى،
ئۇ ھامان ئوكيانغا تۇرار يۈزلىنىپ.

— «خادا تاش»

ئۆز ۋاقتىدا خېلى تالاش - تارتىشلارغا سەۋەبكار بولغان يۇقىرىقى شېئىرنى ئەيچىڭ ئۆزى مۇنداق دەپ چۈشەندۈرىدۇ: «بىر مىللەت، ياشاش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىۋاتقان بىرەر شەخسى ئۆزلۈكسىز قىلىنغان زىيانكەشلىكلەرگە دۇچ كەلگەندە قانداق قىلىشى كېرەك؟» «تەبىئىيكى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىدا قارشىلىق پەيدا بولىدۇ» *

1957 - يىلى 7 -، 8 - ئايلاردا ئەي چىڭ مەسەل شەكلىدىكى «گۈلچىنىڭ چۈشى»، «تۇمۇزغىنىڭ ناخشىسى»، «سېرىق قۇشقاچ» قاتارلىق ساتىرىك شېئىرلارنى يازدى. «گۈلچىنىڭ چۈشى» بىر كىشىنىڭ يالغۇز ئەتىر گۈلنىلا ئەتىۋارلاپ ھويلىسىغا نەچچە يۈز تۈپ ئەتىرگۈل تىكىپ ئۆستۈرگەنلىكىنى، نەتىجىدە پۈتۈن قورا زېرىكىشلىك بىر خىللىققا چۆمگەنلىكىنى، بىر كۈنى بۇ ئادەم چۈشىدە نۇرغۇن گۈللەرنىڭ ئەرز - دادىنى ئاڭلىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قەدرىلىنىشىنى، چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئويغىنىپ كېتىپ، بۇنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكتىن، يان باسقانلىق

* «ئەي چىڭ شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار» غا 1979 - يىلى يېزىپ بەرگەن كىرىش سۆزىدىن.

قتتىن پەيدا بولغان نارازىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ «بۇگۈن-دىن باشلاپ بۇ قورا خىلمۇ - خىل گۈللەرنىڭ باغچىسى بولسۇن» دېگەن ئىرادىگە كەلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. «تو-مۇزغىنىڭ ناخشىسى» بولسا تومۇزغىنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە بىرلا خىل ناخشىنى ئېيتىدىغانلىقىنى ۋە: مەن بىرلا نە-پەستە ناھايىتى ئۇزاققىچە دەم ئالماي ناخشا توۋلىيالايمەن، دەپ مەغرۇرلىنىدىغانلىقىنى بىراق ئۇنىڭغا نارازى بولغان شاتۇتى-نىڭ بۇ بىرلا خىل ناخشىدىن زېرىكىپ: سەن ھارمايدىغان نەرسىكەنسەن. مەن قورقۇپ قالدىم. ئەتىلا كۆچۈپ كېتىمەن، دېسىمۇ تومۇزغىنىڭ ئۆزىنى بىلىمەي چىرقىلداۋەرگەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. «سېرىق قۇشقاچ» تا سېغىزخان سېرىق قۇشقاچنىڭ ئېسىل ناخشىلىرىغا تارلىقى كەلگەچكە، ئۇنى ھايدىۋېتىپ پۈتۈن بىر شاخنى يالغۇز بىر ئۆزى ئىگىلىۋالىدۇ ۋە قۇش-قاچقا سېرىق قۇشقاچنى يامانلاپ بېرىدۇ. قۇشقاچ خوشامەت قىلىپ ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى راس دەپ بېرىدۇ. مانا مۇشۇ ۋاقىتتا سېرىق قۇشقاچنىڭ ناخشىسى يەنە ئاڭلىنىدۇ.

يۇقىرىقى ئۈچ شېئىرنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى روشەن ۋە ئېنىق بولۇپ ئۇنىڭ بىرسى يازغۇچىلارنىڭ ئوخشاش قا-راشقا ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ تەكىتلىككە قارشى تۇ-رىدۇ. ئىككىنچىسى يازغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى ساقلىشىنى، ھەممە ئادەم بىر مۇقامغا توۋلىماسلىقىنى تەكىت-لەيدۇ. ئۈچىنچىسى قابىلىيەتلىك يازغۇچىلارنىڭ ھەنىۋاسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، مەزھەپچىلىك قىلماسلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. بۇ شېئىرلارنى ئەينىۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دوگما-

تېزم، سېخىماتىزم دېگەندەك ناچار خاھىشلارغا قارىتا بىر خىل نارازىلىقنى ئىپادىلىگەن دېيىشكە بولىدۇ. بۇ شېئىرلار «قۇش فاكچىن» نى ئىجرا قىلىشنى ۋە سەنئەتتە دېموكرا- تىيە بولۇشنى مۇراجىئەت قىلغان. بۇ شېئىرلار ھەتتا ھازىر- قى كۈندىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى، ھاياتىي كۈچىنى يوقات- قىنى يوق. يالغانچىلىق ۋە ساختىلىق شېئىرنىڭ دۈشمىنى. شېئىرنىڭ كۈچى ئۇنىڭ چىنلىقىدا كۆرۈلىدۇ. شائىر ئەيچىك تۇرمۇشنى بېزەپ كۆرسەتمىگەن، شامالغا قارشى مېڭىشقا جۈر- ئەت قىلغان كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى سۆزىنى ئېيتىشقا جۈر- ئەت قىلالىغان. مانا بۇلار ئۇنىڭ رېئاللىقتا چىڭ تۇرالاي- دىغان، قەيسەر شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

1957 - يىلى بۇ شېئىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتورى ئوخشاشلا يامان ئاقىۋەتكە دۇچ كەلدى، لېكىن ئەڭ قەدىر- لىك يېرى شۇكى، ئەيچىك بۇنىڭ بىلەنلا توگىشىپ، ئۈچۈ- قۇپ كەتكىنى يوق. ئارىدىن 20 يىل ئۆتۈپ «تۆت كىشى- لىك گوروھ» گۇمران بولۇش بىلەن ئۇ يەنە قولىغا قەلەم- نى ئېلىپ جۇزۇڭلىنى ئەسلەيدىغان ۋە ئۇنى مەدھىيىلەيدىغان «دولقۇنلار ئەۋجىدە» شېئىرىنى يازدى. ئۇ ئۆز ئىجادىيىتى- نىڭ بۇ مەۋسۇمىدە خەلقنىڭ يۈرەك ساداسىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى، ھەسرىتى ئۇلارنىڭ خىياللىرى ۋە ئارزۇلىرىنى ئىزھار قىلىشقا باشلىدى. ئۇ 1978 - ۋە 1979 - يىللىرى مۇشۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە «ھەر - مەر تاش»، «توك»، «ئەينەك»، «مەن ئۇنىڭ ناخشى- سىغا ئاشىق» ۋە بولۇپمۇ «نۇر قەسىدىسى» ھەم «دولقۇن-

لار ئەۋجىدە» قاتارلىق ياخشى شېئىرلارنى يېزىپ چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «نۇر قەسىدىسى» ۋە «دولقۇنلار ئەۋجىدە» شېئىرلىرى ئۇنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەسىنى نامايەن قىلدى.

ئەيچىڭنىڭ شېئىر توپلاملىرى 15 پارچە بولۇپ ئۇ-نىڭ يەنە «شېئىر توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىمۇ بار. ئۇ-نىڭ شېئىرلىرى ۋە شېئىر ھەققىدىكى نەزەرىيىلىرى نۇرغۇن شائىرلارغا تەسىر كۆرسەتكەن. ھازىرمۇ تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ناھايىتى كۆپ، بۇ شېئىرلارنىڭ سەۋىيىسى ھەر خىل. ئۇلار بەزىبىر يېتەرسىزلىكلەردىنمۇ خالى ئەمەس. بىراق ئۇ ئېلىمىز يېڭى زامان پوئېزىيىسىدە ئالدىنقى قاتار-دىن ئورۇن ئالالايدىغان شائىردۇر: چۈنكى ئۇ تۆۋەندىكىدەك شائىر

بۇ چەكسىز - پايانسىز دۇنيادا مەغرۇر،
كۈيلەيمەن ئېزىلگەن، خارلانغانلارنى.
كۈيلەيمەن زۇلۇمدىن زارلانغانلارنى،
كۈيلەيمەن قارشىلىق ۋە ئىسيانلارنى.
ئۈمىدۋار بولىمەن تاڭلارغا تۈندە
قۇياشنى كۈيلەيمەن زەپەرلىك كۈندە.

## ئەيچىڭ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

ئەيچىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تۆۋەندىكى-دەك بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

1. تۇرمۇش چىنلىقىغا سادىق بولۇش، تۇرمۇشتىن

چىقىش.

چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنى مەدھىيىلەش، ساختىلىق رەزىللىك، سەتلىكنى سۆكۈش ۋە پاش قىلىش ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي ئاھاڭىدۇر. شائىر: «شائىر ئۆزىنىڭ تەسىراتلىرىغا سادىق بولۇشى كېرەك، تەسىرات دېگىنىمىز ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئىنكاسىدۇر.» ① دەيدۇ. ئەي چىڭ «4-ماي» يېڭى ئەدەبىياتىنىڭ دېموكراتىك روھىغا ۋە كۈرەشچان ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، دەۋرگە سادىق شۇنىڭدەك ئۆزىگە داۋاملىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىدۇ. ئۇ تۇرمۇشتىكى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنى كۆرۈپلا قالماي يەنە شۇ ئاكتىپ ئېلېمېنتلار بىلەن بىللە مەۋجۇت بولغان ساختىلىق، رەزىللىك، سەتلىكتىن چەتنەپ ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. قارايدىغان بولساق ئۇنىڭ مەيلى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىغا تەۋە بولغان شېئىرلىرىدا بولسۇن، ياكى ئازادلىقتىن كېيىنكى شېئىرلىرىدا بولسۇن، يۇقىرىقىدەك ئىككى خىل قارمۇ-قارشى كۈچنىڭ ئېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ باشتىن ئاياق گۈزەللىكنىڭ غەلىبىسىگە تولۇق ئىشەنچىدە بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

2. شېئىرىي ئىلھامغا باي يېڭى تۇيغۇنى ئىگەللەشكە ماھىر بولۇش.

ئەي چىڭ «كىشىگە يېڭى ئوبراز تەسىرى بېرەلەيدىغان ۋە كىشىدە يېڭى ھەۋەس قوزغىيالايدىغانلىكى نەرسىلەر-

---

② «ئەي چىڭ «شېئىرىيەت توغرىسىدا» مىللەتلەر نەشرىياتى 1982-يىلى 1-ئايدىكى نەشرى، 9-بەت

نىڭ ھەممىسىدە شېئىرىي ئىلھام بولىدۇ.» دەيدۇ. ئەيچىلىك ھەقىقەتەن، ئادەتتىكى ھادىسىلەردىن شېئىرىي ئىلھامغا باي ھېس - تۇيغۇلارنى تېپىپ، ئۇنى چىڭ تۇتۇۋېلىشقا ماھىر شائىردۇر. ئۇنىڭ «ئەينەك»، «كۆنلۈك»، «دېڭىز سۈيى ۋە كىشىنىڭ كۆز يېشى» قاتارلىق قىسقا شېئىرلىرى شائىرنىڭ يۇقىرىقى دەك ئالاھىدە ماھارىتىنى دەلىللەپ بېرەلەيدۇ. تۆۋەندە بىز ئۇنىڭ «ئەينەك» شېئىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

ئېزىزىغىنا ئەشۇ بىر ئەينەك،
ئۆلچەپ بولماس چوڭقۇردۇر شۇنچە.
راستچىللىقنى ياقتۇرىدۇ بەك،
ئەيىبۇڭنى يوشۇرماس قىلچە.

سادىق بولار ئاگا باققانغا،
ھەركىم كۆرەر ئۇندىن ئۆزىنى.
قىرو چۈشكەن چاچ ساقىلىنى،
ھەم مەستانە قىزدىل يۈزىنى.

ياقتۇرىدۇ بەزىلەر ئۇنى،
چۈنكى گۈزەل بولغاچ جامالى ....
بىراق ئۇنىڭدىن قاچار بىراۋلار.
بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ ئاشكارا،

نەپرەتلىنەر ھەتتا بەزىلەر،
چېقىپ تاشلار بولسا ئامالى ....

بۇ شېئىردا ئادەتتىكى تۇرمۇش ھادىسىسىنى، كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ سىرلىرىنى يوكسەك بەدىئىي دىت بىلەن كۆزىتىپ ئۆ-

زىنىڭ پىكىر چوڭقۇرلۇقىنى ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت ماھارىتى-نىڭ يۇقىرىلىقىنى نامايەن قىلغان.

### 3 . ئوبراز يارىتىش شېئىرىي مۇھىتنى كېڭەيتىشتىكى ئۆزگىچىلىك

ئەي چىلى شېئىرلىرىدا بىر تەرەپتىن ھېس - تۇيغۇنى تاۋلاپ جىسىملىق بار، روھىي بار بەدىئىي ئوبرازلارنى ياراتسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۆپ خىللىق بەدىئىي ئۇسۇللار ئارقىلىق شېئىرىي مۇھىتنى كېڭەيتىدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ «نور-قەسىدىسى» ناملىق شېئىرىدا ئالدى بىلەن تەبىئىي نۇرنى ھەقىقەت نۇرى ۋە ئىلىم - پەن نۇرىغا سىمۋول قىلىدىغان دەسلەپكى تۇيغۇ ئىپادىلەنگەن. ئاندىن بۇ سىمۋوللارنى ۋاقىت ۋە ئورۇننىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە، جىمىكى بوشلۇقلىرىغا كۆ-چۈرۈپ ئاپىرىپ كونكرېت ۋە ھېس قىلغىلى بولىدىغان، ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ھەم ئېستېتىك كۆز قاراشلىرى ئاشكارىلىنىپ تۇرىدىغان سىماغا ئىگە قىلغان. شائىر «گۈل-خان»، «ماياك» ۋە «ئوت» دېگەندەك گۈزەل نەرسىلەر ئار-قىلىق بۇ:

«ئۇ شۇنداق ئاجايىپ نازۇك بىر ماددا،
ئالتۇندەك چاقنايدۇ ئەمما ۋەزنى يوق.
كۆرگىلى بولىدۇ بولماس تۇتقىلى،

دۇنياغا تولغان ئۇ، ئەمما شەكلى يوق» دەپ تەرىپلەنگەن بۇ مەۋجۇدىيەتكە ئىدىيە ۋە خاراكتېر ئاتا قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ دۇنيادا ئەڭ تېز ھەرىكەتلىنىدىغان ھەم تېز ئۆزگىرىدىغان نەرسە ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا سەزگىلى بولىدىغان كونكرېت ئوبرازغا ئايلىنىدۇ — دە، يورۇقلۇق، ھۆرلۈك، پەن ۋە پاراسەتنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالىدۇ. شائىرنىڭ نۇرنى مەدھىيىلىشى ئەمەلىيەتتە ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى يورۇقلۇق بىلەن زۇلمەتنىڭ، پەن ۋە نادانلىقنىڭ، ئادالەت ۋە رەزىللىكنىڭ ھايات - ماماتلىق ئېلىشىشلىرىنى بەدىئىي يىغىنچاقلىشىدۇر. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ، تۇرمۇش قاراشلىرىنىڭ ھەم ئېستېتىك كۆز قارىشىنىڭ نامايەن قىلىنىشىدۇر. بۇ شېئىردا شائىر تۇيغۇدىن ناھايىتى جانلىق ئوبرازنى تاۋلاپ چىققان بولۇپ، مول مەزمۇن ئارقىلىق ئوبراز، ھېسسىيات، پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى يۈكسەك دەرىجىدە بىرلەشتۈرگەن.

ئەي چىڭ تۇيغۇنى يادرو قىلىپ تۇرۇپ، سىمانى ھاسىل قىلىدۇ. ئاندىن سىما ئارقىلىق بىر پۈتۈن شېئىرىي ئوبرازغا ئىگە بولىدۇ. ئۇ سىما ۋە ئوبرازلارغا «گۈزەللىكنىڭ ئۇيۇلمىسىغا ئايلانسۇن»①، «ئېغىرلىقى ۋە قاتتىقلىق شەكلىگە ئىگە جىسىم»② بولسۇن دەپ تەلەپ قويىدۇ. ئۇ رەسساملاردا بولىدىغان نەزەر ئارقىلىق ئوبرازنىڭ رەڭ - سۈپىتى شەكىل ۋە قۇرۇلما، تۈزۈلۈشىگىچە كۆزىتىپ، گۆشىمۇ، ئۇستىخىنىمۇ بولغان سىترولۇق ئوبرازغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. «ئېگىز قىزى ئېيتماقتا ناخشا» شېئىرىدا ئەنە شۇنداق سۈۋەت ۋە ھېسسىياتى-

①، ② ئەي چىڭ «شېئىرىيەت توغۇسىدا» مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 - يىلى 1 - ئاي نەشرى، 108 - بەت.

نىڭ روشەن سىماشتۇرەيسى ئارقىلىق شېئىردىي مۇھىت ياراتـ
قان بولۇپ، شائىرنىڭ كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە ھېس قىلغان
كىشىلەر ئارىسىدىكى تەڭسىزلىككە نىسبەتەن قوزغالغان كۈچلۈك
تەسىراتىنى ئىپادىلىگەن. بۇ خىل تەسىرات ۋە تۇيغۇ قويۇق
ھېسسىيات شۇنىڭدەك يۈكسەك بەدىئىي دىت ئارقىلىق بىر
گۈزەل بەدىئىي ئوبراز بولۇپ چىققان. ئۇ ئوبرازنىڭ سىرتقى
شەكلى ئاددىي ئەمما مەزمۇنى مول.

ئەي چىڭنىڭ شېئىرىي ئوبراز يارىتىشتىكى ئاساسلىق
ئۇسۇلى: (1) تۇيغۇنى ھاسىل قىلغان ھادىسەلەرنىڭ ماھىيەتـ
لىك ئالاھىدىلىكلىرىنى توغرى تونۇپ ئېلىش ۋە ئۇنى ئوبـ
رازلىق ئىپادىلەش.

بۇنداق ئۇسۇلنى بىز «مەرۋايىت» شېئىرىدا ئېنىق
ھېس قىلالايمىز.

تويۇنسەن كۈن جەۋھىرىگە،
سۇ ئاستىدا تۇرساڭمۇ ھامان.
تاڭ شەپقى، ھەسەن - ھۈسەنسەن،
كۆز چاقنىتىپ ۋالىلداپ تۇرغان.

پاكلىق سىنىڭ سۆيگەن مەشۇقەڭ
پاك شەبنەمسەن گۈللەرگە قونغان.
ئەقىدىسەن يۈرەك قېتىدا
تۆرىلىپ ئۈنچە - مەرۋايىت بولغان.

(2) سىمۋول ۋە تەسەۋۋۇر ئارقىلىق شېئىرىي مىسرالارنى ئەسـ
كەرتىملىك خاراكتېرغا ۋە بىشارەت بېرەلەيدىغان ئىقتىدارغا

ئىگە قىلىش.

ئەي چىلەك شېئىرلىرىدا چوڭقۇر ۋە كەڭ شېئىرى مۇھىت يارىتىلغان بولغاچقا ئۇنىڭ شېئىرلىرى تەملىك ۋە ئاجايىپ مەنىلىك بولالىغان. بۇ خىل بەدىئىي ئۇنۇمنى شائىرنىڭ ئۇچۇق يېزىش ۋە گوڭگا يېزىش ئۇسۇلىدىن ئاجرىتىپ قارىغىلى بولمايدۇ. «نۇر قەسىدىسى»، «ئىنتىزارلىق» قاتارلىق شېئىرلاردا شائىر يۇقىرىقىدەك ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ تەسۋىرلىنىۋاتقان سەل غۇۋا، گوڭگا ئوبرازلارنى كونكرېتلاشتۇرغان. ئاددىيلىق بىلەن مۇرەككەپلىكنى بىرلەشتۇرۇپ، شېئىرىي مىسرالىرىنى سىمۋوللۇق مەنىگە، بىشارەت قىلىش رولىغا ئىگە قىلغان.

## 4 . تىلىدىكى ئۆزگىچىلىك

(1) ئوبرازلىق بولۇش: ئەي چىلەك شېئىر دېگەن:

«بىرىدۇ جۇپ قانات ئىدىيەگىمۇ،
ھېسسىياتقا كەيدۈرەر كىيىم - كېچەكنى.
ئاۋازغا بېرىپ رەڭ، رەڭگە ھەم ئاۋاز،
توختىتار دولقۇنلۇق دەريا - ئېقىننى...»

دېگەندەك بولۇشى كېرەك دەپ قارىغاچقا، شېئىرلارنىڭ يۇقىرىقىدەك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ باب، ئەڭ توغرا ۋە بىردىن - بىر سۆزلەرنى تاللاپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۆزلەر شەكىللەندۈرگەن ئوبرازلار تېخىمۇ يېپيېڭى، تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ جانلىق بولالايدۇ. ئەي چىلەك يەنە

ئوخشىتىشلاردىن ھەم كۆپ، ھەم ئەپچىل پايدىلىنىدۇ.

(2) تىلى ئەسكەرتمىلىك بولۇش ۋە بىشارەت بېرەلەيدىغان بولۇش: ئۇنىڭ ئوبرازلىق سۆزلىرىنىڭ مېغىزىنى چاقالاندا، بۇ سۆزلەرنىڭ بىر خىل چوڭقۇر ئىدىيىدىن، قالتىس پەلسەپەۋىي پىكىردىن ۋە كۈچلۈك ھېسسىياتتىن بىشارەت بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

مەسىلەن: «مەرۋايىت»، «دولقۇنلار ئەۋجىدە»

(3) ئاممىباب تىل: ئەي چىڭ ھازىرقى زامانغا خاس ئاغزاكى تىلدىن كۆپ پايدىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئاددىي، يېقىملىق، ئۇ ئېنىق، ئاددىي ئاغزاكى تىللارنى تاللىۋېلىپ شېئىرنىڭ سىماسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

مەسىلەن: «دولقۇنلار ئەۋجىدە»، «كۈنلۈك»

(4) تىلدىكى نەسرىي گۈزەللىك: ئەي چىڭ شېئىرلىرى ئاساسەن ئاغزاكى تىل ئارقىلىق چاچما شەكىلدە يېزىلغان. ئۇنىڭ كوپلېتلىرىدىكى مىسرالار تەڭ بولمايدۇ، مىسرالارنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. قاپىيىسىگىمۇ قاتتىق رىئايە قىلىپ كەتمەيدۇ، قارىماققا نەسرلەرنىڭ جۈملىلىرىدىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ شېئىرلىرى نەسرىي شېئىرلاردىن روشەن پەرقلىق، شېئىرىي پۇرىقى كۈچلۈك، ئۇنىڭ تىلىدا ساپ ۋە سەممىي، چىن ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. بۇ خىل چىن ھېسسىيات بىر خىل رىتىم، بىر خىل ئاھاڭ بولۇپ جارالىدۇ. ئەي چىڭنى چاچما شېئىر شەكلىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن شائىر دېيىشكە بولىدۇ.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئەي چىڭنىڭ شېئىرلىرى ئاسا-

سەن رېئالىستىك مېتود بويىچە يېزىلغان بولۇپ ئۇنىڭدا يەنە قويۇق رومانتىزملىق پۇراقمۇ بار. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئوبراز بىلەن پەلسەپەۋى پىكىرنىڭ، قىزغىنلىق بىلەن جىددىيلىكنىڭ، ئاددىيلىق بىلەن مۇرەككەپلىكنىڭ، ئاددىيلىق بىلەن ئاجايىپلىقنىڭ بىرلىكمىسىدۇر. ئۇنىڭ شېئىرلىرى تۇرمۇشنىڭ ئەينەن خاتىرىسى ئەمەس. بەلكى تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي يىغىنچاقلىنىشى، ئەڭ گۈزەل ۋە ئەپچىل شەكىل ئارقىلىق مول مەزمۇنىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ — ئەي چىڭنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبىدۇر.

### 3 - §. ۋېن جيې ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

ئازادلىقتىن كېيىن يېڭى جۇڭگونىڭ شېئىرىيەت سەھنىسىگە بىر تۈركۈم ياش شائىرلارنىڭ چىقىشى شائىرلار قوشۇنىنى كېڭەيتتى. ئۇلارنىڭ شېئىرىي ئىجادىيەتلىرى يېڭى زامان پوئېزىيىسىنى بېيىتتى. تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپ، ھەممە بۇلۇڭلىرىدا ياشاپ ۋە پائالىيەت قىلىۋاتقان بۇ ياش شائىرلار ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق بولغان يېزا ۋە شەھەر تۇرمۇشىنى، سانائەتنى، يېزا ئىگىلىكىنى ياكى دېڭىز ياقىسىدىكى خەلقنىڭ ھاياتى، چېگرا رايون، يېزا - قىشلاقلارنىڭ ئاجايىپ مەنزىرىلىرىنى ياشلارغا خاس قىزغىنلىق بىلەن تەسۋىرلەشكە باشلىدى. ۋېن جيې — ئەنە شۇنداق ياش شائىرلار ئىچىدىكى نەتىجىسى نىسبەتەن كۆرۈنەرلىك بولغان شائىرلارنىڭ بىرى.

ۋېن جيې — ئەسلى ئىسمى جاۋۋېنجيې بولۇپ، جاڭسۇ

ئۆلكىسىنىڭ دەنتۇ ناھىيىسىدە 1923 - يىلى تۇغۇلغان. نام-
راتلىق سەۋەبىدىن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بەشىنچى يىللىقىغا
چىقىپلا ئوقۇشتىن توختاشقا مەجبۇر بولغان ۋە نەتىجىدە بىر
كۆمۈر كانىدا شاگىرت بولۇپ ئىشلىگەن. ياپونغا قارشى ئۇ-
رۇش باشلانغاندىن كېيىن، سەرگەردان بولۇپ ۋۇخەنگە بار-
غان. ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى تەشۋىق
قىلىدىغان تىياتىرلارنى ئوينىغان. 1940 - يىلى يەنئەنگە
كېلىپ مەكتەپتە ئوقۇغان ۋە غەربىي شىمال سەنئەت ئۆمىكىدە
ئىشلىگەن. تىرىشىپ ئۆگىنىش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ مەدەنىيەت
سەۋىيىسى ۋە يېزىقچىلىق ماھارىتى ئۆسكەن. 1945 - يىلى
«ئاممىۋى گېزىت»نىڭ تەھرىرلىك، مۇخبىرلىق خىزمەتلىرىنى
ئىشلىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇن نەچچە يىلغىچە ئاخبارات-
چىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىمۇ
ئەنە شۇ چاغدىن باشلانغان. ئۇ شۇ مەزگىلدە «يەر - جاھان-
نى زىلزىلىگە سالغان كىشىلەر»، «گۇۋاردىيەنى كۈچەيتىمىش»
قاتارلىق ئوپېرالىرى، «ئەڭ ئاخىرقى زەربە»، «ماددىي ۋە
مەنىۋىي داۋالاش»قا ئوخشاش ھېكايە - ئۇچېرىكلارنى يازغان.
ۋىن جيې ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ جامائەتكە تونۇلغان. ئۇ
ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە ئارمىيىگە بىلەن بىللە شىنجاڭغا
كىرگەن بولۇپ شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ غەربىي شىمال پۇنكىتىدا
ئىشلىگەن. ئازادلىقتىن كېيىن شىنخۇا ئاگېنتلىقى شىنجاڭ شۆ-
بىسىنىڭ شېجاڭى بولۇپ ئىشلىگەن. ۋىن جيې غەربىي شىمال-
نى ئازاد قىلىش كۈرەشلىرىگە قاتناشقان ۋە كېيىن مۇشۇ
رايوندا خىزمەت قىلغان بولغاشقا، بۇلار ئۇنىڭ كېيىن داڭ

چىقارغان «تىيانشان چوپان ناخشىلىرى» (توپلام)نى ۋە «قى-
ساس يالقۇنى» ناملىق شېئىرىي رومانىنى ئىجاد قىلىشى ئۇ-
چۇن باي تۇرمۇش ئاساسى بىلەن تەمىن ئەتكەن. 1955-
يىلى ئۇنىڭ 1952-يىلىدىن باشلاپ يازغان شېئىرلىرى
«خەلق ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئېلان
قىلىندى ۋە كېيىن بۇ شېئىرلار «تىيانشان چوپان ناخشىلىرى»
دېگەن نام بىلەن توپلام قىلىندى. بۇ توپلامدىكى شېئىرلار
ئۆزىنىڭ يېڭىلىقى، قىزغىنلىقى، مىللىي خۇسۇسىيەتلەرگە باي
بولغانلىقى بىلەن دەرھاللا خەلقنىڭ قىزغىن ياقتۇرۇپ ئوقۇي-
دىغان شېئىرلىرىغا ئايلاندى. شائىرمۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىجادىيەت
مېۋىسى بىلەن شېئىرىيەت ئاسمىنىدا گويا يېڭى پەيدا بولغان
بىر يورۇق يۇلتۇزدەك چاقناشقا باشلىدى.

ۋىن جيې 1957-يىلىدىن باشلاپ مەخسۇس ئەدەبىي
ئىجادىيەت بىلەنلا شۇغۇللاندى. 1958-يىلى گەنسۇدا ئۇل-
تۇراقلىشىپ قالغىنىدىن كېيىن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى
لەنجۇ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. ئۇنىڭ گەنسۇدا
يازغان شېئىرلىرى «ۋەتىنىنىڭ شانلىق ئۆكتەبىر ئېيى»، «خې-
شى كارىدورىغا سەپەر» توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلدى. ئۇ بۇ مەز-
گىلدە يەنە «شەرق شامىلى خۇاڭخېنى دولقۇنلاتماقتا» داس-
تانىنى يازدى. ۋىن جيېنىڭ بۇ مەزگىلدە يازغان نۇرغۇن
شېئىرلىرىنىڭ ئىچىدە خېلى كۆپ ياخشى ئەسەرلىرى بولسىمۇ،
ئەمما ئاز بولمىغان شېئىرلىرى ۋەزىپە قوغلۇشۇپ يېزىلغان
بولغاشقا، بۇلارنى ياخشى شېئىرلار دەپ كەتكىلى بولمايدۇ.
ئىدىيەۋى تەرەپتىكى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ۋە بەدىئىيلىك

جەھەتتە تەلەپنىڭ بوشۇشۇپ كەتكەنلىكىدىن، ئۇ خېلى كۆپ شېئىرلىرىدا تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى خەۋەر قىلىپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان. ئۇ شېئىرلار گويا مەلۇم بىر ئىدىيىنىڭ شەرھلىنىشى، مەلۇم بىر سىياسەتنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى بولۇپ قالغان. قارىماققا بۇ شېئىرلار تۇرمۇشنى بىۋاستە ئەكس ئەتتۈرگەندەك كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدا تۇرمۇش چىنلىقىغا خىلاپلىق قىلىنغان. ئۇنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئىجادىيەت كۆز قاراشلىرى ۋە ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى ئەينى ۋاقىتلاردىكى ناتوغرا پىكىر ئېقىملىرىنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولالمىدى.

50 - يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ۋىن جيې ئۆزىنىڭ «قىساس يالقۇنى» ناملىق شېئىرىي رومانىنى يېزىشقا كىرىشىپ، 1959 - يىلى ئۇنىڭ 1 - قىسمى «ئەنسىز يىللار»نى ئېلان قىلدى. ئىككىنچى قىسمى «يايلاقتىكى توپىلاڭ» 1962 - يىلى نەشىردىن چىقتى. ئۈچىنچى قىسمى «ئويغانغان كىشىلەر»نىڭ ئايرىم بابلىرى پۈتۈن ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، تولۇق تاماملانمىدى. ئېپوس بولالىغىدەك مەزمۇنغا ۋە ئەشۇنداق ھەيۋەت شەكىلگە ئىگە بولغان بۇ شېئىرىي رومان ئېلىمىز شېئىرىيىتىدە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە.

مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا (1971 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى) ۋىن جيې لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن ۋاقىتسىز قازا قىلدى. 1978 - يىلى ئۇنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ تالانتلىق شائىرنى ئەسلەش يۈزىسىدىن 1979 - يىلى خەلق ئەدەبىياتى

نەشرىياتى «ۋىن جىپ شېئىرلىرىدىن تاللانمىلارنى»نى نەشر قىلدى.

ۋىن جىپ شېئىرىيەت بابىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان لىرىك شېئىرلىرى بىلەن تونۇلغان شائىردۇر. «تىيانشان چوپان ناخشىلىرى» ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى لىرىكىلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ توپلامدىكى شېئىرلار ئۇنىڭ لىرىك شېئىرلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە ۋەكالىك قىلالايدۇ.

شائىر «تىيانشان چوپان ناخشىلىرىغا مۇقەددىمە»دە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

قالمىدى مەن بارمىغان يەر، كەزدىم زېمىننى
كۆردۈم كۆرمىگەن سۈيى زىلال ئالتۇن بۇلاقنى.

دەرۋەقە بۇ توپلامدىكى شېئىرلار ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى تەسۋىرلىگەن بولۇپ، يېڭى دەۋرگە، يېڭى كىشىلەرگە ۋە يېڭى تۇرمۇشقا تەنتەنە قىلغان.

ئازادلىق تېڭى بىلەن خەلقنىڭ ئاھۇ - زارى تاماملاندى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولدى. ئۇلار يەر - زېمىننىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلاندى. تۈنۈگۈنكى چۆش بۈگۈن رېئاللىققا ئايلاندى. مانا بۇ رېئاللىق ۋىن جىپ شېئىرلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شائىر ئۆتمۈشتە «كۆرۈنمەس بىر تۈپ دەرەخ ۋە بىر ئادەم قارىسى» دېگەن ئەھۋالدىكى چۆل - جەزىرىلەردە بۈگۈن «قۇرۇلۇپتۇ يېڭى كەنت، ئاپئاق ئۆيلەر رەتمۇ - رەت» («يېڭى كەنت» شېئىرىدىن) بولۇپ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى، «بىرەر ئىشتان كىيەلمەي بالىلىقى كەتكەن ئۆ-

توپ، ياشلىقمۇ تۈگىگەن كىيەلمەستىن بىر ئۆتۈك» دېگەندەك بىچارە ھالەتتىكى بىر يوقسۇل چارۋىچىنىڭ بەختىيار ئائىلە قۇرۇۋالغانلىقىنى ۋە ئۆزىگە تەئەللۇق مال چارۋىسى بار «خوجايىن» بولۇپ قالغانلىقىنى يازىدۇ.

تۇرمۇشتىكى ئۆزگىرىشلەر ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭ. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئىجادىيەت ئىستىكىدىكى كىشىلەرگە شېئىرىي ئىلھام بېغىشلاپ، ئۇلارنى ئىجادىيەتكە ئۈندەيدۇ. بىراق تۇرمۇش يېڭىلىقلىرىدىن ھاسىل بولغان ئىجادىيەت ماتېرىيالىنىڭ بولغانلىقى ۋە تۇرمۇش تەسىراتىنىڭ بولغانلىقىلا بەدىئىي ئەسەرنىڭ پۈتۈپ چىققانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ يەردە يەنە تەسىراتلارنى قانداق چۈشىنىش، ئۇلارنى قانداق پىششىقلاش، ئىخچاملاش قانداق بايان قىلىش مەسىلىلىرى بار.شائىر ۋىن جيې تۇرمۇشنىڭ يۈزەكى كۆرۈنۈشلىرىدە توختاپ قالمىغان. ئۇ كىشىلەرنىڭ مەنىۋىي دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى گۈزەللىك ئېلېمېنتلىرىنى تېپىپ چىقىپ، تۇرمۇش گۈزەللىكىنى تولۇق مەناغا ئىگە قىلغان. مەسىلەن «يېڭى كەنت» شېئىرىدا مەدھىيىلەنگىنى يالغۇز چۆلدىكى يېڭى كەنتلا ئەمەس، ئۇنىڭ مەدھىيىلەش نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئەنە شۇ يېڭى كەنتتە ياشاۋاتقان كىشىلەرگە قارىتىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ خوشاللىقى، بەختلىك ھاياتى ئەمگەكتىن كەلگەنلىكىنى، ۋەتەننىڭ تېز يۈكسىلىۋاتقانلىقىدىن پەيدا بولغانلىقىنى تەكىتلەپ ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى بايان قىلىپ كېلىپ، يېڭى تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. «ئارزۇ» شېئىرىدىكى موڭغۇل قىزى لىنا «بوۋايلارغا

ئۆزۈن ئۆمۈر، باللارغا شات ـ خوراملىق» بېرىش ئۈچۈن سانسىز ئارىلىقتا بولۇشقا ئىرادە قىلىدۇ. «بۇلبۇل ئۈچۈپ كەتتى» شېئىرىدىكى ياش يىگىت يېڭى تۇرمۇشنى تېخىمۇ مول مەزمۇنغا ئىگە قىلىش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن نېفىت ئىشچىسى بولۇشقا بەل باغلاپ، ئۆزىنىڭ «سۆلىرى زىلال، ئۆزۈمى ھەسەل» ئانا يۇرتىنى ھەم يۇرتىنىڭ «ھېسسىياتلىق ۋە گۈزەل» قىزلىرىنى تاشلاپ كېتىدۇ. يۇقىرىقى شېئىرلاردا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار يېڭى زامان كىشىلىرى بولۇپ، شائىر ئۇلارنىڭ يۈكسەك روھىي دۇنياسىدىكى چاقناپ تۇرغان گۈزەللىكلەرنى تېپىپ چىققان ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ تۇرمۇش كۈيلىرىدىكى چوڭقۇر ئىدىيەۋىي مەزمۇن ۋە قويۇق دەۋر پۇرىقىنى سىڭدۈرگەن.

«تىيانشان چوپان ناخشىلىرى» دا مۇھەببەت شېئىرلىرى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ شېئىرلار كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. چۈنكى ئازادلىقتىن كېيىن بىزنىڭ شېئىرلىرىمىزدا مۇھەببەت ناھايىتى ئاز تەسۋىرلەندى. بۇ خىلدىكى شېئىرلارنى بار دېگەندىمۇ، ئەمما ئۇلاردا بىر تۈرلۈك قورۇنۇش ئەھۋالى، قورقۇش كەيپىياتى مەۋجۇت ئىدى. مۇھەببەت تېمىسىدا ئىلگىرى ۋىن جېيدەك ئۈچۈق، قىزغىن يازغان، كۆپ يازغان شائىر ئانچە كۆپ تېپىلمايدۇ.

ۋىن جېيىنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە توختىلىشتىن ئىلگىرى بىز ئۇنىڭ بىر قانچە پارچە لىرىكىسىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى.

..............................

باھاردا قىز ئىشلەر ئالمىلىق باغدا،

يىگىتنىڭ ناخشىسى ئەگىپدۇ ئۇنى.
مۇنىەر چېچەكلەپ بولمىغان تۇرۇپ،
سورايدۇ ناخشىدا: چېچىگىڭ قېنى؟
چۈشەنمەي بۇ سىرنى قىز بولۇپ ھەيران،
دەيدۇكى: تويغازدى دېنى بۇ ناخشاڭ.

ياز بىلەن بو يىگىت ئۆتىدۇ باغدىن،
ئۆتىدۇ ئىشلىگەچ قىزغا سېلىپ كۆز،
ئالمىلار ئوخشىغان، ئۆزۈملەر ھەر خىل،
سۆيلەيدۇ ناخشىدا: قېنى چاپسان ئۆز!
چۈشەنمەي بۇ سىرنى قىز دەيدۇ رەنجىپ:
ھەجەپمۇ چاپلاشتىڭ سايەمدەك ئەگىپ.

كۆز كەلدى، سېخى كۆز ـ ھوسۇل بايرىمى،
قىپ ـ قىزىل ئالمىلار ئەگدى شېخىنى.
تۆنبويى قىز زادى كىرپىك قاقمىدى.
ئويلامدۇ ئوخشىغان ئەشۇ ئالمىنى؟
يىگىتكە ئايدىڭغۇ ھەممە ئىش ھەجەپ،
دەيدۇ قىز نىمىشقا ئېيتمايدۇ بىر گەپ؟

بولدى قىل، ئەي يىگىت ئالما توۋىدە
بولدى قىل، ناخشاڭنى كەلمەكتە ئۇ قىز.
كەلمەكتە چىمەندە مايسىنى دەسسەپ،
چھرىدە بار ئەنە خۇشاللىقتىن ئىز.

ئەمدى ئېيت گېپىڭنى، يىگىت قېنى بول،
چىن مۇھەببەتتىنمۇ ئالغىن مول - ھوسۇل.
(«ئالما تۈۋىدە» شېئىرىدىن)

يۇقىرىقى شېئىردا شائىر ناھايىتى ئاددىي گويا ھېچقانداق پەرداز بېرىلمىگەندەك مىسرالىرى بىلەن بىر نەچچە ئاددىي كۆرۈنۈشلەرنى ياكى ئاددىيغىنە بىر ۋەقەنى تەسۋىرلەپ پېرسوناژلارنىڭ روھى دۇنياسىنى ناھايىتى روشەن يورۇتۇپ بەرگەن. شائىر يىگىت ۋە قىزنىڭ ئىشقى مۇھەببىتىنىلا تەسۋىرلەش بىلەن چەكلەنمىگەن، ئۇ مۇھەببەت ناخشىسىنى زامانىمىز ياشلىرىنىڭ ئەمگەكنى، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان، غايىگە باي پەزىلەتلىرىنى مەدھىيىلەش بىلەن بىيىتقان. «قىپقىزىل ئالمىلار ئەگدى شېخىنى» دېگەندەك مول ھوسول مەۋسۇمىدە «چىن مۇھەببەتتىنمۇ ئالغىن مول ھوسۇل» دەپ يېزىپ، ئەمگەك بىلەن مۇھەببەتنى ماسلاشتۇرغان. ئالمىنىڭ پىشىشىنى مۇھەببەتنىڭ تەرەققى قىلىشىغا سىمۋول قىلغان. شۇڭا شېئىر ھەم تەبىئىي، ھەم تەسىرلىك چىققان.

«4 - ماي» مەزگىلىدە مۇھەببەت ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مۇھىم تېمىسى قىلىنغانىدى. ئەسەرلەردە ھەممىدىن ئەلا، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇھەببەت كۈيلەنگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ شېئىرلارنىڭ ئىلغارلىقى بار بولۇپ، فېئودالىزمغا قارشى كەيپىياتنى ئۇلغايتاتتى. بوران - چاپقۇنلۇق يىللاردا مۇھەببەت شېئىرلىرى ئازىيىپ كەتتى. چۈنكى بۇ مەزگىللەردە يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ تېمىسى باشقا مەزمۇنلارغا يۆتكەلگەنىدى. ئاز ساندىكى مۇھەببەت تەسۋىرلىنىدىغان

شېئىرلاردىمۇ مۇھەببەت مىللەتنىڭ ئازادلىقىغا، ئىنقىلابىي كۆ-
رەشلەرگە بويسۇندۇرۇلغان ھالەتتە تەسۋىرلەندى. ئازادلىقتىن
كېيىن ۋىن جىيې مۇھەببەتنى ئەمگەك بىلەن، يېڭى تۇرمۇش
بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇھەببەت كۆز قارىشىمىزدىكى بۇ ئۆزگىرىش-
نى نىسبەتەن تولۇق ۋە قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يورۇتۇپ
بەردى. ئۇ شېئىرلىرىدا گۈزەل تۇرمۇشنى تېخىمۇ گۈزەل قى-
لىش ئۈچۈن بولۇۋاتقان ئەمگەكنى مۇھەببەتنىڭ مەقسىدى دەپ
ئوتتۇرىغا قويدى. مەسىلەن: ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئانا يۇرتى-
نى، يۇرتىنىڭ گۈزەل قىزلارنى تاشلاپ، تاغ - داۋانلارنى ئات-
لاپ نېفىتلىكىگە كەتكەن يىگىت («بۇلبۇل ئۇچۇپ كەتتى»
شېئىردا) گېئولوگ ئەترىتىگە ئەگىشىپ ئېرتىش دەرياسىغا كەت-
كەن يىگىت («خەت» شېئىرىدا) ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى راۋاپچى
ۋە داپچىغا ئەمەس، بەلكى ئىلغار ئىستانسىدىكى ئىشچىغا
بەرگەن قىز («تانسىدىن كېيىن» شېئىرىدا) قەھرىمانلىق كۆ-
رسەتكەن، لېكىن جىسمانىي جەھەتتىن مېيىپ بولۇپ قالغان
يىگىتنى يەنىلا سۆيۈپ كەلگەن قىز («مۇھەببەت» شېئىرىدا)
لارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ خىلدىكى ياشلاردىندۇر. كىشىنى
تېخىمۇ بەكرەك تەسىرلەندۈرىدىغىنى «مۇھەببەت» شېئىرىدىكى
قىزدۇر. ئۇنىڭ مېيىپ جەڭچىگە بولغان مۇھەببىتىنى يۈكسەك
مۇھەببەت، ھەقىقىي مۇھەببەت دەپ ئېيتىمىشقا بولىدۇ. بۇ قىز-
نىڭ سۆيگىنى ئەسلىدە «ئوسمان باندىتلىرىغا ئەجەل يوللى-
غان، ئەلئارا نام ئېلىپ مەرگەن تالىنىپ، سول قولىدىن
ئايرىلىپ فرونتتىن كەتتۇ، تاشيولىنى ئاسراشقا دۇيجاڭ ساي-
لىنىپ» دەپ ئېيتىلغاندەك بىر قەھرىمان جەڭچى بولۇپ، ئۇ ئۆز

يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەكسىچە قىزچاققا سوغاق مۇئامىلىدە بولۇپ ئۆزىنى چەتنىتىدۇ. ئەمما قىز ئۇنى يەنىلا ئەۋەلقىدەك چىن كۆڭلىدىن سۆيىدۇ.

تاڭ بىلەن چاندۇرماي دېرىزىسىگە،
چىنىدە يېڭى سۈت قويۇپ كېتىمەن.
شۇ سۈتتەك ساپ سۆيگۈ - مۇھەببىتىمنى
يادىغا ئالسۇن دەپ تەشنا بولىمەن.

كېچىسى ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇپ،
تىكىلىپ قارايمەن ئۇ تۇرغان ياققا،
ئۇيقۇسىز قەلبىمنى ئويلىسا دەيمەن،
ئۆچمىگەن چىراقنى ھەر كۆرگەن چاغدا.

قىزنىڭ كۆڭلى ئەندىشە، تىگىر قاش، تەقەززالىق بىلەن ئازاپلىنىدۇ. ئۇ ھەتتا «ئەجەبا، ئۆزگىرىپ كەتتىمۇ قەلبى؟»، «باشقىغا كۆڭلىنى بەردىمۇ ياكى؟» دەپ گۇمانىمۇ قىلىدۇ. ئاخىرى يىگىت ئۆزىنىڭ يۈرەك قېتىدىكى ئىچ - سىرىنى قىزغا تۆككەندە ئۇلارنىڭ پاك مۇھەببەت غۇنچىسى بىردىنلا چاراقلاپ ھۇپپىدە ئېچىلىپ كېتىدۇ.

دەريانىڭ بويىدا قېيىنزارلىقتا،
ئاڭلىدىم شۇ مۇڭلۇق يۈرەكنى پەقەت.
ئۇ دېدى: «سۆيۈمەن سېنى ھېلىمۇ،
مەن ئۇچۇن ياشلىغىڭ ھەممىدىن قىممەت.»

شۇڭلاشقا ئەپۇ قىل ئۇنۇت ئۆتمۇشنى،
تىلەيمەن قەلبىمدىن ساڭا بەختىنى».
مۇمكىنمۇ؟ ياق ئەسلا، باشتىلا تەغدىر،
بىر ساڭا چەمبەر چەس باغلىغان مىنى.

يۇقىرىقىدەك ئورتاق غايە، ئورتاق تىل، ئورتاق ئەمگەك، ئوخشاش ئەخلاقىي - پەزىلەت ئاساسىدا قۇرۇلغان مۇھەببەت پەقەت سوتسيالىستىك جەمئىيەتتىكى ياشلارغىلا خاس. شۇڭا ۋىن جيېنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرى قويۇق دەۋر روھىنى ئىپادىلىگەن. ۋىن جيېنىڭ لىرىكىلىرى تەسىرلىك. ئۇ گويا سۇزۇك سۇدەك كىشىنىڭ كۆڭۈل ئېتىزلىرىغا سىڭىپ كىرەلەيدۇ، ژۇرەك تارىلىرىنى چېكەلەيدۇ. بۇنداق بولالىشىدىكى سەۋەب ئۇنىڭ مۇھەببەتنىڭ ئۆزىنى تەسۋىرلىگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، تەسۋىرلىگىنىنىڭ يۈكسەك مۇھەببەت بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تۇرمۇشنى توغرا ۋە ئىنچىكە كۆزەتكەنلىكى، شۇنىڭدەك قايناق ھېسسىياتنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.
يىغىنچاقلىغاندا، ۋىن جيې لىرىكىلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.
(1) ۋىن جيې ئۆز شېئىرلىرىنى يۇمۇرلۇق، قىزىقارلىق قىلىپ يېزىشقا ئامراق. شۇڭا ئۇنىڭ لىرىكىلىرى كومېدىيىلىك تۈسكە ئىگە. «ئۈزۈم پىشقاندا» شېئىرىدا يۇقىرىقى ئالاھىدىلىك ناھايىتى روشەن ئىپادە قىلىنغان.
... ... ... ...
(يىگىتلەر) ئۇقماقچى بولۇشۇپ قىزلار كۆڭلىنى،

چالدى ساز يول ئارا سەپ بولغان پىتى.
ناخشىدىن گەللىرى قۇرۇپ كەتسىمۇ،
بىر ساپاق ئۈزۈمگە تەگمىدى قولى.

يىگىتلەر رەنجىشىپ، كۆڭلى قىپ ئاخىر،
كەتمەكچى بولۇشتى، لېكىن يانمىدى.
دېيىشتى: «ئەي پىششىق، تاش يۈرەك قىزلار،
بىلمەيتۇق ئۈزۈمىڭلار تېخى خاممىدى»

ئاڭلىشىپ بۇ سۆزنى كۈلۈشتى قىزلار،
پىشمىغان ئۈزۈمنى ئالدى ئاتايىن.
سوزۇلغان قوللارغا بەردى تەك بۆلۈپ،
ۋە تۇردى دېيىشىپ: قانداق قىلاركىن ......

يىگىتلەر يىغىدى ئاچچىق ئۈزۈمنى،
كۆزلىرى يۇمۇلدى، بەرمەي يەنە تەن:
دېيىشتى: «تاتلىقسەن سۆيگۈ ئۈزۈمى،
بىلمىدۇق باغۇنىڭ قاتقانىمىدى قەن؟»

شېئىر جانلىق، يېنىك. يۇمۇرلۇق ھەم قىزىقارلىق بولۇپ كۈچلۈك كومېدىيىلىك پۇراقىقا ئىگە بولغان. ئوقۇغان كىشى يېڭى زامانىنىڭ ياشلىرىنىڭ شوخ، بەختىيارلىقىنى ھېس قىلالايدۇ.

ۋىن جىيى شېئىرلىرىدا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل تەسۋىرلەشنى ئەمەس، بەلكى ۋاستىلىق تەسۋىرلەرنى كۆپ ئىشلىتىلدۇ. ئىدىيىۋى پىكىر ۋە ھېسسىياتنى كومېدىيىلىك ۋەقەلىكلەرگە سىڭ-

دۈرۋېتىپ، دەۋر روھىنى تىۈرمۇشقا باي كىچىك كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ.

ئاخشىمى تانسىدىن يانغاندىن كېيىن،
داپچى ھەم راۋابچى سازى قولىدا؛
ماگدى تۇردىخاننى ئۇزۇتۇپ بىللە،
بىرسى ئوڭ يېقىدا بىرسى سولىدا.

... راۋابقا تەگكەش بوپ شۇىرلار ياپراق،
دەيدۇ ئۇ: «يۈرۈگۈم بەختىگە قانماي، —
تەكلەرگە ئېسىلغان سۆزۈك ئۇزۈمدەك،
قايسى قىز چېچىدىن تاپارسەنكىن جاي؟»

دەرەخلەر شاراخلار داپقا جۆر بولۇپ،
دەيدۇ ئۇ: «ئېقىللىق قىزلار قانچىسى.
نەقەدەر بەختلىك كېلىشتى توىغا،
كېلىشتى قۇربان ھېيت كۈنى ئاخشىمى»

قىز جىم-جىت كۆڭلىدە نېمە ئوي باردۇ؟
نىمىشقا ئۇن قاتماي تىلى تۇتۇلۇپ؟
داپچى ھەم راۋابچى قاراپ كەينىدىن،
بىر پەس شۇىرلىشىپ كەتتى قوغلۇشۇپ.

«قىينىما ئۆزەڭنى بۇ قەدەر ئارتۇق،
راۋابنى تاللامسەن، داپنى تاللامسەن؟»
«ياقامدۇ كۆڭلۈڭگە مەن چالغان راۋاپ؟»
«ۋە ياكى مەن چالغان داپنى خالامسەن؟»

«سەن چالغان داپ ئېسىل، قانمايدۇ قەلبى،
قانمايدۇ قىز-يىگىت ئويىنۇشۇپ ئۇسسۇل.
سەن چالغان راۋاپمۇ شۇ قەدەر پەيزى،
ئالدىدا خىجىلدۇر ھەتتاكى بۇلبۇل»

راۋابچى ھەم داپچى كۈلۈپ خۇشلۇقتا،
ۋە چېكىپ بېقىشتى قىزنىڭ كۆڭلىنى،
«راۋابنى سۆيەمسەن، ياكى داپنىمۇ،
قېنى، تاللىغىن ئىككىدىن بىرىنى؟»

«ئۆتكەن يىل مۇشۇ كۈن تاللاپ بولغانمەن،
تاللىغان بەختىمنى-ئۇمىدىمنىمۇ.
ئۈرۈمچى دىيەنچاڭغا ① سۆيگۈنۈم ھاشىر،
بىللە ئېلىپ كەتكەن يۈرۈگۈمنىمۇ...

«تانىسىدىن كېيىن»

مۇھەببەتكە بولغان سادىقلىق مەدھىيىلەنگەن بۇ شېئىردا سۇژېت بار، دىئالوگ، ھەرىكەت ۋە مۇھىت تەسۋىرلىرىمۇ بار. بۇ شېئىردىكى تەسۋىرلەر ناھايىتى ئىنچىكە ۋە تۇرمۇشقا بەكمۇ يېقىن بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي كۆرۈنۈشىنى كىتابخانىنىڭ كۆز ئالدىغا سۆرەتلەپ ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ جانلىق شوخ، يۇمۇرىستىك خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

(3) كىشىلەرنىڭ روھى دۇنياسىدا يۈز بەرگەن ھەر

① دىيەنچاڭ — ئېلېكتىر ئىستانسى

بىر كىچىككىنە ئۆزگۈرۈشنىمۇ چىڭ تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ، شۇلار ئارقىلىق يېڭى زامانىنى، يېڭى تۇرمۇشنى كۈيلەيدۇ. بۇ لىرىكىلار داۋاملىق بىر ساپاق ئۈزۈم، بىر تۇپ ئالما، بىر دانە بۇلبۇل، بىر بۇلاق، بىر كىچىك دەريا، بىر پارچە قوغۇنلۇق، بىر پارچە خەت قاتارلىقلار ئارقىلىق يېڭى زامان كىشىلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىنى يورۇتۇپ، ئۇلارنىڭ مۇھەببەت كۆز قارىشلىرىدا يۈز بەرگەن ئۆزگۈرۈشلەردىن دەرەك بېرىدۇ. مەسىلەن: «شەپەق»، «قايتىش» شېئىرلىرىدا چارۋىچىلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان روھىي ھالىتىنى تۇغرا ئىپادە قىلىپ يايلاقنىڭ كەلگۈسىگە خوجايىنلارچە نەزەر تاشلىغانلىقىنى ۋە باي تەسەۋۋۇرغا ئىگە ئىكەنلىكىنى يازىدۇ.

(4) ۋىن جىيىنىڭ شېئىرلىرىدا روھىي ھالەت ۋە ھېسسىيات ناھايىتى ئىنچىكە تەسۋىرلىنىدۇ. مەسىلەن: «مۇھەببەت» شېئىرىدىكى تەسۋىرلەر يالغۇز پېرسوناژلارنىڭ پىسخىكىسى، خاسلىقى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى يورۇتۇپ بېرىپلا قالماستىن، يەنە شېئىرىي موھىت يارىتىشقىمۇ كۆپ تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا بۇ لىرىكا ناھايىتى تەبىئىي، چوڭقۇر ۋە ئۆزگىچە بولالىغان،

(5) ۋىن جىيې لىرىكىلىرى يېقىملىق ۋە يېنىك. ئۇلار خۇددى سۈزۈك بۇلاققا ئوخشاش كىشى كۆڭلىگە ناھايىتى تېزلا سىڭىپ كىرىپ، كىشىنى ھوزۇرلاندۇرىدۇ. كىشى قەلبىنى پاسكىنا ئىللەتلەردىن خالى قىلىپ پاكلاشتۇرۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇلار خۇددى ئېگىز تاغ، تىك قىيالاردا ئېچىلغان قار

لەيلىسىدەك ئۆزىنىڭ جەزبىدارلىقى بىلەن كىشىگە گۈزەللىك ۋە يۈكسەكلىك تۇيغۇسى بېرىدۇ. بۇنداق لىرىكىلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلماقچى بولغان شېئىرىي پىكىر گۈزەل ۋە كونكرېت ئوبـ راز بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئوبرازلار كۆزلەنگەن قاماشتۇرغىدەك نۇر چاقنىتىدۇ. مەسىلەن:

................................................

ئويلۇدۇم: دۇلدۇلدەك يۈگرۈك ئاتىنىمۇ
توختىماي قامچىلاپ بارغىنى ھەجەپ؟
مەن ئۇنىڭ سۆزىگە تۇرسام ئىنتىزار،
بولسۇنمۇ مېنىڭدە قوغلاشقا جۇرئەت.

مەن نادان قىز ئەمەس، قانداقچە ئۇنى،
ئازاپلاپ ئۇرغىلى بارسۇن بۇ قولۇم؟
جامائەت كۆلمىسۇن مېنىڭدىن دەپلا،
كۆپ ئەمەس ئاستىلا بىر قامچا ئۇردۇم.

يۇقىرىقى مىسرالاردا ناھايىتى تەسىرلىك ئوبراز بار بو- لۇپ، بۇ ئوبراز ئارقىلىق قىزنىڭ يىگىتكە بولغان چىن مۇھەببىتى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ئىپادىلەپ بېرىلگەن. بۇنداق مۇۋەپپىقىيەتلىك چىققان ئوبرازلارنى ۋىن جىيېنىڭ خېلى كۆپ لىرىكىلىرىدا ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بۇ ئوبرازلار ئۆز نۆۋىتىدە شائىرنىڭ كىشلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى كۆزىتىش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى نامايەن قىلىدۇ.

يۇقىرىدا بىز كۆرسىتىپ ئەتكەن ئاخىرقى نوقتا ۋىن

جيپ لىرىكلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىدۇر.

ۋىن جىپىنىڭ يەنە بىر بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى «قىساس يالقۇنى» نىڭ ئىجادىيىتىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ شېئىرىي رومان شائىرنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنى ۋە بەدىئىي ئۇسلۇبىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

شائىر ئۆز ئەسىرىدە ئىككى قېتىم ماۋجۇشىنىڭ سىياسىي كېڭەشنىڭ تۇنجى قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا قىلغان سۆزىنىڭ «جاھانگىرلار ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئەكسىيەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە ھەرگىز تەن بەرمەيدۇ، ئۇلار يەنە ئاخىرقى قېتىم جان تالىشىدۇ......» دېگەن بىر جۈملىسىنى ئىشلەتكەن. ئۇنى ئۇچىنچى بابىنىڭ مۇقەددىمىسىگە يازغاندىن سىرىت يەنە بىرىنچى تومىنىڭ خاتىمىسىدىمۇ تىلغا ئالغان. بۇ بىر تاسادىپىيلىق ئەمەس. چۈنكى بۇ سۆز ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى يىغىنچاقلاپ بېرەلەيدۇ. شىنجاڭدا كۆرەش قىلىۋاتقان مىللىي ئارمىيىنىڭ ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە بەرگەن قاخشاتقۇچ زەربىلىرى شۇنىڭدەك ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ قىستاپ كېلىشى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىنى ۋۇجۇتقا چىقاردى. بىراق ئازادلىقتىن كېيىنلا ئەكسىيەتچىلەر تىنجىپ قالمىدى. مەملىكەت ئىچىدىكى ئەكسىيەتچىلەر جاھانگىرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ يەنە بىر قېتىم جان تالاشتى. بۇ ئەسەردە بايان قىلىنغىنى ئوسمان باندىتىنىڭ توپىلىڭى بولۇپ، ئاپتور مانا مۇشۇ تارىخىي ۋەقەنى تاللىۋېلىپ يۇقىرىقى مەركىزىي ئىدىيىنى يورۇتۇپ بەرگەن. ۋىن جىپ ئۆزى «‹قىساس يالقۇنى› نىڭ

بىرىنچى - قىسمى «ئەنىسىز يىللار» نىڭ نەشرىگە ئىلاۋە» ①سىدە بۇ ھەقتە توختۇلۇپ: «مېنىڭ مەقسىدىم بۇ داستان ئارقىلىق ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بارىكول يايلىقىدىكى قازاق خەلقىنىڭ كومپارتىيىگە ئىشەنمەسلىك، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتىن ئۆزگىرىپ ئۇنى ھىمايە قىلغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي جەرياننى خاتىرىلەش ۋە جاھانگىرلار شۇنىڭدەك مىللىي ئەكسىيەتچىلەرنىڭ خام خىياللىرى، ئۇلارنىڭ ھالاكىتىنى خاتىرىلەپ بېرىش ئىدى» دەيدۇ. بۇ سۆز، ئەمەلىيەتتە، ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەسەرنىڭ بېشىدىلا «ئىككى چوڭ ئەژدىھا ھازىر ھەرىكەتتە،

قاتمۇ - قات تاغلارنى بويلاپ كەلمەكتە.
قوشۇنىنىڭ بېشىغا زادى كۆز يەتمەس،
ئايىغى بەك ئۇزۇن ئەسلا كۆرۈنمەس»

دەپ تەسۋىر بېرىلىپ، گەپ 1946 - يىلى يازدا ئازادلىق ئارمىيە 1 - دالا ئارمىيىسىنىڭ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىگەنلىكىدىن باشلىنىدۇ - دە دەسلەپتىلا كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بىر مەنزىرە گەۋدىلەندۈرۈلۈپ ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىرىدىن ئۇچۇر بېرىلىدۇ. 2 - بابنىڭ بېشىدىلا خانتەڭرى تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئارىسىدىن 13 نەپەر زەبەردەست ئۇۋۇچىنىڭ ئات سىلىپ چىقىپ كەلگەنلىكى يېزىلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئاپتور قەلەمنى بارىكول يايلىقىغا يۆتكەيدۇ. بىرىنچى بابقا كەلگەندە، ئالدى بىلەن ئازدلىق تەنتە-

① بۇ ماقالە «ھاسلات» ژورنىلىنىڭ 1959- يىل 3- سانىغا بىسىلغان

نىسى توسۇلىندۇ. يەنى 1949 - يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈنى بېيجىڭ شەھرىدىكى خۇەيرېنتاڭ زالىغا شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولغانلىق خەۋىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى، شىنجاڭ ۋەكىللىرىنىڭ ماۋجۇشىغا سوۋغا تەقدىم قىلغانلىقى يېزىلىدۇ.

ماۋجۇشى بېشىغا كىيدى دوپپىنى،
يېپىندى خوتەننىڭ شايى تونىنى.
چىراقلار چاراقلاپ قىلدى تەنتەنە،
ئاپپاراتلار شۇ زامات تارتتى سۈرەتنى.

نۆۋۈشكە بولىدۇكى بۇنىڭدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى زور ئۆزگىرىشلەر، تارىخنىڭ بۇرۇلۇش پەيتىدىكى مۇھىم ۋەقەلەر ناھايىتى تەپسىلىي ۋە ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن. شۇڭا بۇ ئەسەرنى دەۋرىمىزنىڭ ھەر - بىر نەپەسىدىن، يۈرەك سوقۇشىدىن دېرەك بەرگەن ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ. بىزنىڭ بۇ شېئىرىي رومانىنى ئېپوسلۇق خاراكتېرغا ئىگە دېگەنلىكىمىزدە دەسلەپتە مۇشۇ نوقتا كۆزدە تۇتۇلغان.

ئېپوسلارنىڭ مۇھىم بىر خۇسۇسىيىتى سۈرئەت بولۇپ، بۇ سۈرئەت ئەسەرنىڭ غايەت زور كۆلىمى ۋە مۇرەككەپ كومپوزىتسىيىسى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولىدۇ. ئەگەر ئېپوسلاردا ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولىدىغان بولسا، ھەر قانداق كىتابخانلار ئۇنىڭدىن زېرىكىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك «قىساس يالقۇنى» دا روشەن ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭدىكى سۇژېت تەرەققىياتى تېز. مەسىلەن: بىز پەقەت ئازادلىق ئارمى-

يىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغانلىقىنىلا مىسال قىلىدىغان بولساق، 1-بابنىڭ 1-بۆلىكىدىن ئارمىيىمىزنىڭ غەربكە يۈرۈش باشلىغانلىقىنى بىلسەك، 2-بۆلىكىدە ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى ماككېرناننىڭ رادىئوسىدىن لەنجۇنىڭ ئازاد قىلىنغانلىق خەۋىرىنى ئىشىتىمىز 3-بۆلىكىدە لەنجۇدا ئېچىلغان ئالدىنقى سەپ كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ھەققىدىكى تەسۋىرلەرنى كۆرىمىز. 5-بۆلەكتە ئامېرىكا باش كونسۇلى ماكېنەنگە «كوممۇنىستلار ۋۇۋېيدىن يۈرۈش قىلدى جيۇچۇەنگە» دەپ خەۋەر يەتكۈزگەن بولسا 2-باپتىكى يايلاق تۇرمۇشىنىڭ تەسۋىرلىرىدىن ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ جەڭ نەتىجىلىرىنى بىلىپ تۇرغىلى بولىدۇ. يايلاقتا كىشىلەر بىر-بىرىگە پەس ئاۋازدا «يۈيمىن ئېغىزىدىكى توپ ساداسى» ھەققىدە پىچىرلاشقان بولسا، بۇ بابنىڭ ئاخىرىدا يۈيمىنگۇەندىكى توپ سادالىرى، جەڭ تۇتەكلىرى شىڭشىڭشياغا ۋە خان تەڭرى تاغلىرىنىڭ ئېتىكىگە يېتىپ كېلىدۇ. دېمەك بۇ ئەسەر ئېپوسلاردا بولۇشقا تېگىشلىك كۆركەم ھەيۋەتلىك ۋە تېز سۈرئەتلىك بولۇشتەك شەكىل جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلەرنى ھازىرلىغان.

بىراق شەكىل جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بولغانلىقى بىلەنلا ئېپوسلار ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ. ئېپوسلارنىڭ توپ ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ ياراتقان ئوبرازلىرى ئارقىلىقلا ئىپادە قىلىنىدۇ. ئوبرازنىڭ بولۇشى، دەرۋەقە ئەدەبىي ئەسەرلەرگە قويۇلىدىغان ئورتاق بىر تەلەپ بولسىمۇ، ئەمما ئېپوسلاردا تەلەپ قىلىنىدىغىنى بىر ياكى بىر قانچە ئوبراز ئەمەس، بەلكى ئوبرازلارنىڭ تۈرى يەنى ئوبرازلار تۈركۈمىدۇر.

ئەسەردىكى بىر تۈركۈم جانلىق ئوبرازلار مۇۋاپپىقىيەتلىك يارىتىلغان. ئەر-ئايال قازاق چارۋىچىلىرى، ئەكسىيەتچىل ئاقساقال ۋە ئاتامانلار، باندىتلار شايكىسىنىڭ چوڭ كىچىك باشلىقلىرى، چەت ئەل جاسۇسلىرى بولۇپ يىگىرمە نەچچە پېرسوناژنىڭ خارەكتېرى ئېنىق ۋە كونكرېت تەسۋىرلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئوبرازى تەبىئىي ۋە ئىشەنەرلىك قىلىپ يارىتىلغان. ئاپتورنىڭ نوقتىلىق تەسۋىرلىگىنى چارۋىچى يىگىت باھارنىڭ ئوبرازى بولۇپ، ئۇنى مۇرەككەپ سىنىپىي كۈرەشلەر قاينىمىغا ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئارىسىغا قويۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆزگىچە ۋە تىراگېدىيىلىك تۇس ئالغان كەچمىشلىرىنى، ئەگىر-توقاي تۇرمۇش يولىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ مۇرەككەپ ۋە روشەن ئىندىۋىدىئال خاراكتېرىنى يورۇتۇپ بەرگەن. ئۇنىڭ بوران-چاپقۇنلاردىكى باتۇرلۇقى، جاسارىتى بەيگىدىكى ماھارىتى كىتابخاننىڭ كۆز ئالدىغا كۆكتە پەرۋاز قىلغان مەغرۇر ۋە جەسۇر «قىران بۈركۈت» نى كەلتۈرىدۇ. ئاپتور ئۇنى:

«قاشلىرى قارا ئۇنىڭ خۇددى كۆكتىكى بۈلۈت،
كۆزلىرى چاقناپ تۇرار چېقىلغان چاقماق بولۇپ»

دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ئەنە شۇ يايلاق بۈركۈتىنى مەھلىيا قىلغان گۈزەل قىزنى بولسا:

«سارىيا نىمانچە گۈزەلدۇر بۈگۈن،
ئوكىسى تەۋرىنەر بېشىدا بۈنچە؟
يارىشىغى ھاۋارەڭ كۆينىكى ئىكەن.

چىلتىكى باب كەپتۇ پىنجەككە شۇنچە» دەپ
سۈپەتلەپ ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنى:

«تاڭ بىلەن ھەر كۈنى باھار ئەن قىتىپ
كۆڭلىنى ناخشىدا ئىزھار قىلىدۇ.
بۇ ناخشا يىگىتنىڭ ئاغزىدا ئەمەس،
تومۇرلىرىدا شاۋقۇن سالىدۇ.
ھەر سەھەر ناخشىدىن ساريىا قىزنىڭ،
يۈرىكى تايچاقتەك ئويناپ كېتىدۇ.
كى ئاتەش ۋۇجۇدى ناخشا تەپتىدىن،
زىختىكى كاۋاپتەك كۆيۈپ كېتىدۇ.»دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

بۇ قىسقىغىنا ئىككى كۇبلىت، قىز ۋە يىگىتنىڭ پاك
مۇھەببىتىنى شۇنچىلىك چىن، تۇرمۇشقا شۇنچە يېقىن ئىپادى-
لەپ بەرگەنكى كىتابخانىلار بۇ مىسرالاردىن ناخشا ئېيتىۋاتى-
قان باھارنىڭ قېشىدا ئۆزى تۇرغاندەك. كىمكىم ئۆيدىكى سا-
رىيانىڭ ھالىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك بىر تۇيغۇغا
كېلىدۇ. بۇ مۇھەببەت لىرىكىسى باھار ۋە ساريىا ئوبرازىنى-
تېخىمۇ مۇكەممەللىككە ئىگە قىلىدۇ. بىراق ئەشۇنداق مەردانە
يىگىت باھار دەل مۇشۇ مۇھەببەت سەۋداسىدا يۇرت ئاقسا-
قىلىنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىپ باندىتلارنى يادرو قىلغان تو-
پىلاڭچىلارغا ئەگىشىپ كېتىدۇ. ھەتتا سۆيۈملۈك خوتۇنى سار-
يانىڭ سۆزلىرىنىمۇ ئىلىك ئالمايدۇ. ئۇ «مىللىتىم ئۈچۈن
جەڭگە ئاتلاندىم. دىنىنى قوغداشنى زىممەمگە ئالدىم» دەپ
جاكالاپ، پاتقاققا چوڭقۇر پاتىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ

پاك مۇھەببىتىگە توپا چاچقانلىق بولسىمۇ، قازاق خەلقىنىڭ ھەقىقىي ئازادلىق يولىدىن يۈز ئۆرۈش بولسىمۇ، ئۇ بۇلارنى ئەسلا چۈشەنمەيدۇ. ئوبرازنىڭ تىراگدىيىلىك تۈسى دەل مۇشۇ ئىككى نۇقتىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئاپتور بۇ ئوبرازنى ياراتقاندا، ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرىنى تۇرمۇشقا ۋە خاراكتېرىگە مەنتىقىي جەھەتتىن ئۇيغۇن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

باھار بەرىبىر بىر ئەمگەكچى بولغانلىقى ۋە ئاقكۆڭۈل مەرت يىگىت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ خاراكتېرىدە ئىككى خىل زىددىيەتنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇشى چۈشىنىشلىك. ئاقساقال ئۇنىڭغا بىر خەنجەر بېرىپ، ئازادلىق ئارمىيە يايلاققا ئەۋەتكەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى سارىبايىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىغاندا، باھار ئۇنىڭ چېدىرىغا كىرىپ «ئېغىر نەپەس ئالىدۇ» ۋە خەنجەرنى تالاغا تاشلىۋېتىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئېتىنى ئۆز سىڭلىسىغا (سارىبايىنىڭ سۆيگۈنىگە) بېرىدۇ. ئەمما سارىباي بىلەن يارىشىشنى ئەسلا خالىمايدۇ. ئۇ: «مۇبادا جەڭگاھتا يولۇقساق ماڭا، بىلىپ قوي مىلتىقىم يول قويماس ساڭا» دەيدۇ. مانا بۇلاردىن باھارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى كەسكىن توقۇنۇشنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مانا بۇلار باھارنىڭ ئاخىرى ئويغۇنالايدىغانلىقىنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. باھارنىڭ خاراكتېرىدە مۇشۇنداق پاقراپ تۇرىدىغان گۈزەللىك ئېلېمېنتلىرىمۇ بولغانلىقى ئۈچۈن، باھارنىڭ ئەڭ ئاخىرى توغرا يولغا قايتىپ كەلگەنلىكى كىشىنى ئىشەندۈرەلەيدۇ. باھار باندىتلارنىڭ قىلغان - ئەتكەنلى-

رىنى كۆرۈپ ۋە ئازادلىق ئارمىيىنىڭ پەيجاڭى گاۋ جىمىن نىڭ باندىتلارنىڭ قىيىن - قىستاقلىرى ئالدىدا ئىپادىلىگەن باتۇرلۇقىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ ماڭغان يولىدىن تۇنجى قېتىم گۇمانلىنىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭ-قۇر قاتلىمىدا ساقلىنىۋاتقان ئىنسانىي ھېسسىيات باش كۆتۈ-رۈشكە باشلايدۇ ۋە سۆيۈملۈك يارىنى، تۇغۇلغان يۇرتىنى، ئەل - ئاغىنىلىرىنى سېغىنىشقا باشلايدۇ.

ئۇ: «ئىشەنگىن، پۇشايمان ئىلكىدە قەلبىم،
يۈرىكىم سۇ بولدى ۋىجدان سوتىدىن،
ياردەم قىل مەن كېتەي ئۆز ماكانىمغا،
قۇتۇلاي بۇ مۇدھىش مىسلى دوزاقتىن.» دەپ

نىدا قىلىدۇ. شائىر باھارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقنى ۋە زىددىيەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشىنى كىشى قايىل بولغىدەك تەبىئىي قىلىپ تەسۋىرلىگەن. باھارنىڭ ئەڭ ئاخى-رى باندىتلاردىن تەلتۆكۈس چىگرا ئاجراتقانلىقىنى شا-ئىر ناھايىتى تەپسىلى ۋە ئىنچىكە تەسۋىرلەيدۇ. ئوسمان ئۇ-نى ئامېرىكا كونسۇلى ماكېنانىڭ قېچىپ كېتىشى ئۈچۈن يول باشلاپ بېرىشكە بۇيرۇغاندا ئۇ كېتىۋېتىپ، يەنى تۇرمۇشنىڭ مۇشۇ تۈت كوچىسىغا دۇچ كېلىۋېتىپ تۇساتتىنلا

«بولدى ئۇ كۆرگەندەك يۈرەك كۆزىدە،
يۇرتىنىڭ سۈرەتتەك گۈزەللىكىنى.» دېگەندەك

بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كۆكۈللۈك خا-تىرىلەر بىر - بىرلەپ ئۆتۈپ قەلبى يۇرت مۇھەببىتى بىلەن

ھاياجانلىنىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا:

«چامدىسا جەنۇبقا ئېتى بىر قەدەم،
يۈرىكى موجۇلار ئازابتىن شۇ دەم.» بولۇپ

تۇيۇلىدۇ. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە:

«ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغان بىر كىشى،
مىسالى گۈلزارىدىن ئايرىلغان بۇلبۇل.
گۈلزارىدىن ئايرىلسا ناۋادا بۇلبۇل،
ئۆلمەمدۇ ياشاشقا تاپالماي بىر يول» دەپ

پىچىرلايدۇ - دە، ئامېرىكا جاسۇسىنى تاشلاپ ئېتىنىڭ بېشىنى قايرىپ يۇرت قوينىغا — قېرىنداشلىرىنىڭ قوينىغا قاراپ چاپىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئاپتور ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ئاقكۆڭۈل، سەممىي، ساددا بىر تەرەپنى تەسۋىرلەپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ تار دائىرىدىكى مىللەتچىلىك ۋە دىنىي قاراشلار بىلەن قايمۇقۇپ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى پاكىتلارنىڭ تەربىيىسى بولۇپمۇ ئۇنىڭ قەلبىدە ۋەتەنگە ۋە يۇرتقا بولغان مۇھەببەتلىك ھېسسىيات بولغانلىقى ئۈچۈن خاتا يولدىن قايتىپ كەلگەنلىكىنىمۇ كىشى ئىشەنگۈدەك قىلىپ بايان قىلىپ بەرگەن. ئازادلىقتىن كېيىنكى داستانلاردا يارىتىلغان ئوبرازلارنىڭ ئىچىدە باھاردەك مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققانلىرى كۆپ ئەمەس، ئاپتور بۇ ئوبراز ئارقىلىق ئۇتۇقلۇق ھالدا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆسۈپ يېتىلىش

يولىنىڭ ئەگرى - توقاي ۋە مۇرەككەپ بولىدىغانلىقىنى توغرا كۆرسىتىپ بەرگەن.

بۇ داستان لىرىكىغا باي شۇنىڭدەك مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرگە باي، ۋەن جىيې شېئىرىدا لىرىكىغا كۆپ ئەھمىيەت بېرىدىغان شائىر بولغاچقا، مەيلى ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيە قۇرۇلۇشى بولسۇن ياكى ئوبراز يارىتىش ۋە تۇرمۇش مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەشلەردە بولسۇن لىرىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىغان. بولۇپمۇ پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى راسا ئوبدان يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان ۋەقەلەردە ھەرگىز قەلىمىنى ئاياپ قالماي ئىنچىكە تەسۋىرلەپ يېتەرلىك دەرىجىدە لىرىكىلاشتۇرغان. مەسىلەن: بىرىنچى قىسمىدىكى «جىم - جىت بارىكۆل» ۋە ئىككىنچى قىسمىدىكى «يايلاقتىكى توي» لاردىن بۇ نۇقتىنى روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەتلەر شېئىرىدىن، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ قوشاقچىلىق سەنئىتىدىن ئوزۇقلۇق ئالغانلىقى ئۇنىڭ بۇ داستانىنى ئېلىمىزنىڭ باشقا داستانلىرىدىن ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلغان. مەسىلەن: داستاندا «شېئىرنىڭ ئىچىدىكى شېئىر»، «ناخشىنىڭ ئىچىدىكى ناخشا» قاتارلىق شەكىللەرنى خىلى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بىرىنچى قىسمىنىڭ بىرىنچى بابىدىكى «دومبىرانىڭ كۈيى»، بىرىنچى قىسمىنىڭ ئۈچىنچى بابىدىكى «سېغىنىش كۈيى»، «جەرەن كۈيى»، ئىككىنچى قىسمىنىڭ ئۈچىنچى بابىدىكى «توي قوشىقى»، «يۈز ئېچىش قوشىقى» ۋە يىگىت - قىزلارنىڭ ئېيتىشقان بېيىتلىرى ئەنە شۇنداق «شېئىر ئىچىدىكى شېئىر»، «ناخشا ئىچىدىكى ناخشا» لاردۇر. بۇلا

ئەسەرنىڭ مىللىي پۇرىقىنى قويۇقلاشتۇرۇپلا قالماي، شەكىل جەھەتتىكى بىر خىللىقىنى يوقىتىپ مەركىزىي ئىدىيىنى يورۇ-تۇش، سۇژىت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئوبراز يارى-تىش، ھېسسىياتنى ئىپادىلەش جەھەتلەردە ئاكتىۋئال رول ئوينىغان.

بۇ داستان ئوبراز يارىتىشتا، كۆلىمى زور، مۇرەككەپ سۇژىتلىق داستانلاردىكى لىرىكا بىلەن باياننى زىچ بىر-لەشتۈرۈشتە، مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشتە بىزنى قىممەتلىك تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىدى. بۇ ھەقتە بىز خې-چىڭفاڭنىڭ بىر ئابزاس سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈش بىلەن كۇ-پايىلىنىمىز: «بۇنداق چوڭ كۆلەملىك، ۋەقەلىكى مۇرەككەپ، پېرسوناژلىرى كۆپ ئېپىك شېئىرنى يېزىش قىسقا لىرىكىلارنى يازغانغا قارىغاندا، تېخىمۇ چوڭ تالانت ۋە تېخىمۇ زور بەدىئىي ماھارەتنى تەلەپ قىلىدۇ...... ئۇنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئۇنۇمىدىن قارىغاندا، بەزى بىر قىسىملىرىنىڭ سەل قوپال بولۇپ قالغان-لىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ ئەسەر گويا كۆز ئالدىمىزدا زور بىر ئىمارەتنى بىنا قىلغاندەك ھەيۋەتلىك تەسىر قوزغاي-دۇ. بۇ كەڭ ئارقا كۆرۈنۈشلەرگە ئىگە بولغان مۇشۇنداق مۇ-رەككەپ ئۇرۇشنى، مۇشۇنداق رەڭدار تۇرمۇشنى تەسۋىرلىگەن؛ يېڭى شېئىرىيەت تارىخىدا تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەسەر-دۇر»①

---

① خې چىڭفاڭنىڭ «شېئىرلاردىن بەدىئىي زوق ئېلىش» ئەسەرىدىن. يازغۇچىلار نەشرىياتى 1958 - يىلى نەشرى

## 4 - §. گوشياۋ چۇەن ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيتى

### 1 . ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيتى

گوشياۋچۇەن (1919 — 1976) زامانىمىزدىكى مەشھۇر شائىرلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ ھاياتى ۋە پۈتكۈل ئىجادىي پائالىيىتى ئۇنىڭ چوڭقۇر پىكىرلىك، جەسۇر، يۈرەكلىك ۋە تالانتلىق شائىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇ خېبېي ئۆلكىسى فىڭنىڭ ناھىيىسىدە بىر زىيالى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، باللىق دەۋرى غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئائىلىسى بېيپىڭ (ھازىرقى بېيجىڭ) شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئەشۇ يەردە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان. ئۇ «7 - ئىيول» ئۆزگىرىشىدىن كېيىن ئازاد رايونغا بېرىپ 8 - ئارمىيىگە قاتناشقان. 1937 - يىلىدىن 1941 - يىلغىچە بىرىگادا سىياسىي باشقارمىسىدا تەشۋىقات گەنسىسى بولغان ۋە سىياسەت ئوقۇتقۇچىسى، قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ كاتىپى قاتارلىق خىزمەتلەردىمۇ بولغان. 1941 - يىلىدىن 1945 - يىلغىچە يەنئەن ماركسىزم - لېنىنىزم ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرىدە فىڭنىڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ۋە رېشى ۋالى مەھكىمىسى خەلق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇ بۇ مەزگىلدە باندىتلارنى تازىلاش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، پارتىزانلىق ئۇرۇشى، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق كۈرەشلەرنىڭ ئالدىدا تۇر-

غان. ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي جۇڭگو بىيۇ-روسى تەشۋىقات بۆلۈمىدە، ج. ك. پ مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىدە ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيەتلىرىدە ئىش-لىگەن. شۇنىڭدەك يولداش چىڭ شىياۋيۈي ۋە باشقىلار بىلەن بىرلىكتە «ماتىيېدىك» دېگەن تەخەللۇس ئاستىدا ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ئوبزورلارنى يېزىپ كەڭ تەسىر قوزغىغان. 50 - يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تا ھاياتى ئاخىرلاشقانغا قەدەر مەخسۇس شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

گو شىياۋچۇەن شېئىر يېزىشنى ياپونغا قارشى ئۇرۇش-نىڭ ھارپىسىدا يەنى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا باشلىغان بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئۇ «لوتوخې دەرياسىدىكى بالىلار ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى»، «خۇاڭخېنى كۆيلەيمىز»، «چورۇق» قاتارلىق شې-ئىرلارنى يازغان. بۇ شېئىرلار تېخى خام بولسىمۇ، بىراق ئۇلار بۇ ياش شائىرنىڭ ئىزدىنىش، ئۆگىنىش مەزگىلىدىن دېرەك بېرىدۇ. گو شىياۋچۇەن 1943 - يىلىدىن باشلاپ پۈ-تۈن دىققىتىنى ئەمەلىي خىزمەتلەرگە قاراتقاچقا بۇ مەزگىلدە ئاساسەن شېئىر يېزىپ باقمىغان. بىراق بۇ مەزگىلدىكى نە-زەرىيىۋى، ئىدىيىۋى ئاساسنى پۇختىلاپ بەرگەن ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى بىلەن تەمىن ئەتكەن ئەمەلىي خىزمەتكارنى ئۇ-نىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتى ئۈچۈن بىر فونتامېنت بولدى دې-يىشكە بولىدۇ.

1954 - يىلى گو شىياۋچۇەن ئۆزىنىڭ تۇنجى سىياسىي لىرىكىسىنى يېزىپ، پۈتۈن مەملىكەتلىك سوتسىيالىزم قۇرۇلۇ-شىدىكى ياش ئاكتىپلارنىڭ قۇرۇلتىيىغا سوغا قىلدى. بۇ «ئوت-

تەك كۆرەشكە ئاتلىنايلى» ناملىق شېئىرىدۇر. بۇ شېئىردا مۇنداق مىسرالار بار.

..............................

گراژدانلار!
مانا بۇ بىزنىڭ
ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز.
ئۇنىڭ
ھەربىر دەقىقە ۋە ھەر سىكونتى
ئۆتمىگەن ئەسلا،
تىمتاس شاۋقۇنسىز.
ئۇنىڭ ھەربىر تاش ۋە قۇملىرىمۇ،
زادى تۇرمىغان
تىپتىنچ، ھەرىكەتسىز.
ئەي! گراژدانلار،
ۋەتەن سىلەرنى چاقىرار ھەردەم،
دەيدۇ كۆرەشكە بەل باغلا مەھكەم.
كۆرەش دېمەك
ھايات دېمەكتۇر،
كۆرەش مەنىلىك
تۇرمۇش دېمەكتۇر.
دېمەڭلار سىلەر
«مەن تېخى كىچىك، بىلىم قاتمىغان»
چۈنكى
تەقدىر شۇنداق

ئورۇنلاشتۇرغان،
ۋەزىپىلەرنىڭ مۇشكۇللىرىنى
سىلەر ياشلارغا
ئاتاپ قالدۇرغان.

شائىر بۇ شېئىرىدا جۇڭگونىڭ تېخى ئەمدىلا باشلىنىۋاتقان سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن جەڭ دۇمبىقى چېلىپ، قايناق ھېسسىياتى بىلەن دەۋرنىڭ ئەڭ جۇشقۇن ساداسىنى ياڭراتقان. بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا (1955 - يىلى) گو شياۋچۈەن يۇقىرىقى مەزمۇن تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلگەن بىر يۈرۈش سىياسىي لىرىكىلارنى «ياش گراژدانغا» دېگەن ئومۇمىي تېما ئاستىدا ئېلان قىلىپ شېئىرىيەت مۇنبىرىگە رەسمىي چىقتى. ئۇ شۇندىن تارتىپ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە «قىزغىن كۈرەشكە ئاتلىنايلى»، «قار ۋە جىلغا»، «پارلاق ئىستىقبال»، «ئىككى پايتەختكە مەدھىيە»، «گېنېرال تىرنولوگىيىسى»، «شېكەر قومۇشلۇق ۋە يېشىل قورغان»، «كوئېنلونغا سەپەر» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرىنى نەشر قىلدۇردى. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن «گوشياۋچۈەن شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار»، «گوشياۋچۈەن شېئىرلىرىدىن تاللانمىلارنىڭ داۋامى» توپلاملىرى نەشر قىلىندى. بۇ ئىككى توپلامغا ئۇنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلدى.

ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنى تەۋەندىكىدەك ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

50 - يىللار ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بولۇپ، ئۇ 1954 - يىلى «قىزغىن كۈرەشكە ئاتلىنايلى» شې-

ئېرىنى يازغاندىن كېيىن، 1955 - يىلىدىن 1956 - يىلى- غىچە «ياش گىراژدانغا» تېمىسى ئاستىدا يەتتە پارچە شېئىرنى يازدى. بۇ شېئىرلار ئۆزىنىڭ كۈچلۈك سىياسى قىزغىنلىقى، جەڭگىۋارلىقى بىلەن قىزغىن ئالقىشلاندى. بۇ شېئىرلار ياش- لارنىڭ ئالغا بېسىش يولىدىكى بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە يې- زىلغان بولۇپ، ياخشى شېئىرلار دەپ ھېسابلىنىشقا تېگىشلىك. بىراق پىكىرلەر تازا چوڭقۇر ئەمەس. بەدىئىي ئوبرازنىمۇ مۇكەممەل دېگىلى بولمايدۇ. مەلۇم بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن شائىر ئۆزىنىڭ «تاغ ئىچىدە»، «دېڭىزغا»، «يۇلتۇزلار- غا باققاندا»، «مول - ھوسۇلدىن دېرەك بەردى ياققان قار» قاتارلىق لىرىكىلىرى ۋە «قار قەسىدىسى»، «چوڭقۇر جاڭغا»، «بىر ۋە سەككىز»، «گېنېرال تىرىلوگىيىسى» قاتارلىق داس- تانلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يېڭى ئىزدىنىشلىرى يەنى ئىدىيە- ۋى جەھەتتىكى چوڭقۇرلۇقى، بەدىئىي جەھەتتىكى ئۆزگىچىلى- كىنى كۆرسەتتى. بۇ ئەسەرلەر بوش خاراكتېرىگە ئىگە بو- لۇپ ئۇلاردا تۇرمۇشتىكى زىددىيەتلەر ۋە پېرسوناژلار خاراك- تېرىدىكى مۇرەككەپلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شەكلىدىمۇ خې- لىلا يېڭىلىق بار. بىراق ئەينى ۋاقىتتىكى سولچىل ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرىدە «قار قەسىدىسى»، «چوڭقۇر جاڭغا»، «يۇلتۇزلارغا باققاندا» قاتارلىق شېئىر ۋە داستانلار خاتا ھالدا تەنقىد قىلىندى. «بىر ۋە سەككىز» داستانى ئېلان قى- لىنمىدى. ئۇ 1979 - يىلدا تۇنجى قېتىم ئاشكارا ئېلان قىلىندى.

گو شىياۋچۇەن 50 - يىللاردا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىغا

قىلغان زىيارىتىگە دائىر ۋە ئوچىلارغا قارشى ھەرىكەت، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەشلەر ھەققىدە بەزى بىر شېئىرلارنىمۇ يازدى. بۇ شېئىرلاردىكى كۆز قاراشلار دېگەندەك توغرا ئە-مەس. ھېسسىياتتا تېيىزلىك، ئوبرازلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە چولتىلىق بار.

60 - يىللارنى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇ-چى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە شائىر ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىنى كېزىپ چىقتى. تاغ - داللارنى، زاۋۇت - كانلارنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەيدىغان قەھرىمانلىق روھىنى مەدھىيىلەپ شېئىرلار ياز-دى. بۇ مەزگىلدىكى شېئىرلار «ئىككى پايتەختكە مەدھىيە»، «شېكەر قۇمۇشلۇق ۋە يېشىل قورغان»، «كوئېنلونغا سەپەر» قاتارلىق توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ مەزگىلدىكى ۋەكىللىك شېئىرلار دەپ «شىيامىن ھۆسنى»، «شېكەر قۇمۇشلۇق ۋە يې-شىل قورغان»، «يېزا يولى»، «كۆز ناخشىسى»، «ئورمانلىق ھەققىدە ئۈچ شېئىر»، «كوئېنلونغا سەپەر»، «كىچە كىردىم تارىمغا»، «نەقىش بولۇپ ئويۇلسۇن بىيداخۇاڭ تۇپرىقىغا»، «باھار ناخشىسى» قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ باس-قۇچ شائىرنىڭ ئىجادىيەتتە كامالەتكە يەتكەن، پىشقان مەۋ-سۇمى بولۇپ، بۇ مەزگىلدىكى شېئىرلار ئۇنىڭ بەدىئىي ئۇس-لۇبىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ۋە يۈكسەك ئىجادكار-لىق روھىنى نامايەن قىلىدۇ.

3 - باسقۇچ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدىكى ئاپەت-لىك يىللار بولۇپ، بۇ چاغدا شائىر جىسمانىي ۋە روھىي جە-

ھەتتىن قاتتىق زىيانكەشلىككە ئۇچراپ يېزىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قاتمۇ ـ قات توسالغۇلارغا قارىماي، «جىياڭنەن ئورمانلىرىغا ئۈچ شېئىر» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازدى. بولۇپمۇ 1975 - يىلى يېزىلغان «تىۋەنبۇۋادا! كۆز»، «كۆز ناخشىسى» شېئىرلىرى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلۇپ خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئامما ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىدى. زىيانكەشلىكلەر تۈپەيلىدىن 1976 - يىلى 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شائىرنىڭ يۈرىكى ھەرىكەتتىن توختىدى.

## 2 . گوشياۋچۇەن شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

گوشياۋچۇەن شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

1 . گوشياۋچۇەن شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى سىياسىي لىرىكىلاردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ياپونغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇشنى تېما قىلغان بىرقانچە پارچە داستانىمۇ بار. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى ئۇلاردا ئەكس ئېتىلگەن دەۋر روھىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن دەۋر تەرەققىياتىنىڭ قەدەم تاۋۇشىنى، دەۋر چاقىنىڭ گۈلدۈرلەپ ئالغا ماڭغان ساداسىنى ئاڭلاش مۇمكىن. ئۇ مۇئەييەن بىر دەۋردىكى مول تۇرمۇش مەزمۇنلىرىدىن زور ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تېمىلارنى تاللاپ ئالىدۇ. شۇڭا ئۇ-

نىڭ شېئىرلىرى كۈچلۈك سىياسىي خاھىشچانلىققا، ئىنقىلابىي ھېسسىيات ۋە تۇرمۇش پەلسەپىسىنى بىرلەشتۈرۈشتىن ھاسىل بولىدۇ. ئۇ دەۋرگە مۇناسىپ بولغان كۈچلۈك ھېسسىياتنى بەزىدە كونكرېت نەرسىلەرنى بىۋاستە سۆزلەش ئارقىلىق ئىپادىلىسە، يەنە بەزىدە ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل، بىۋاستە ئىزھار قىلىدۇ. لېكىن ھەممىلا شېئىردا بىر جەڭچى، بىر ئىنقىلابچىنىڭ تۇرمۇش پوزىتسىيىسى، ھايات يولى، مەنىۋىي قىياپىتى قاتار-لىقلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىنقىلاب-چىلار ئوخشاشمىغان تارىخىي شارائىتتا، ئوخشاشمىغان ۋەزىپە ۋە سىناقلار ئالدىدا قانداق قىلىش كېرەك؟ قانداق ياشىشى لازىم؟ ئۇلارنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمى قانداق؟ دېگەندەك مەسى-لىلەرگە جاۋاب بېرىدۇ.

ئۇنىڭ 50 - يىللاردا يازغان «قىزغىن كۈرەشكە ئاتلى-نايلى»، «ياش گراژدانغا» قاتارلىق شېئىرلىرى مانا مۇشۇن-داق مەزمۇنغا بېغىشلانغان.

.........................

«ياشلىق دەۋرىدە، ياشلىق پەسلىدە
تەڭدىشىز تۆكۈلسۇن مەرۋايىت بولۇپ.
تاشلارمۇ جىم ياتماي ئۆزگەرسۇن ئەمدى،
ئەمگەكتىن تۆرەلگەن جىڭ ئالتۇن بولۇپ،

ياشلىقنىڭ سېھرىدىن پىشىدۇ مېۋە،
قاخشال دەرەخنىڭ قۇرۇق شېخىدا،
چۆللەرمۇ ئۆزگۈرەر بولۇپ ئورمانزار،
ياشلارنىڭ ئەمگەكچان بىر جۈپ قولىدا.

يۇقىرىقىلار شائىرنىڭ «چاقنىسۇن ياشلىق ئۇچقۇنلىرى» ناملىق شېئىرىنىڭ ئايرىم كوبلېتلىرى بولۇپ شائىر ياشلارنى ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق باھارىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە ئۈندىگەن.

گوشياۋچۇەن 1957 - يىلى يازغان «قار قەسىدىسى»، «چوڭقۇر جىلغا» داستانلىرىدا ئىنقىلابچىلارنىڭ مۇھەببەت مەسىلىسىگە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى ۋە ئىنقىلابقا بولغان ئىشەنچىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى ئۈستىدە توختىلىپ ئىنقىلابچىلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە ھېسسىياتى بولسۇن «قاردەك پاك» ۋە قار كەبى «رەڭدار، مۇپەسسەل» دەپ ئېيتىدۇ. ئۇ «گېنېرال تىرىلوگىيىسى»دە تۇرمۇش ۋە كۆرەشنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۇرمەيدۇ، بەلكى كونكرېت ئارقا كۆرۈنۈش ئاساسىدا يەنى ئايدىڭدا، تۇماندا، شاماللار ئىلكىدە ئەشۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي قوماندانىنىڭ قەلب گۈزەللىكىنى، مەنىۋى دۇنياسىنىڭ باي ۋە مۇكەممەللىكىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ.

شائىر 60 - يىللاردا يازغان «شىيامىن ھۆسنى». «شېكەر قومۇشلۇق يېشىل قورغان»، «ئورمانلىق ھەققىدە ئۈچ شېئىر» «نەقىش بولۇپ ئويۇلسۇن بىيداخۇاڭ تۇپرىقىغا»، «كېچە كىردىم تارىمغا»، «كوئېنلونغا سەپەر» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئىنقىلابىي جەڭچىلەرنىڭ دۆلەتنىڭ قىيىنچىلىق يىللىرىدىكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىدىكى روھىي قىياپەتلىرى، تۇرمۇش پوزىتسىيىلىرى ئۈستىدە توختىلىدۇ، ئۇ بۇ خىل شېئىرىي مەزمۇننى 1975 - يىللىرى «تۇەنبۇۋاداكۇز»، «كۆز ناخشىسى» قاتارلىق شېئىرلارنى يازغانغا قەدەر ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ئۇ

ئۆز شېئىرلىرىدا تۆۋەندىكىدەك بىر بەدىئىي ئوبرازنى تۇرغۇ-زىدۇ. بۇ ئۇبراز ئىنقىلابچىنىڭ ئوبرازى بولۇپ، بۇ ئىنقى-لابچى «كۆپكۆك ئاسمان، ياپ - يېشىل دېڭىز ئارىسىدا كۈن-نىڭ چىقىشى»، «سۇبھى تاڭ نۇرىدا شاقىراتمىنىڭ جۇلاسى» دەك مەنزىرىلەردىن سۆيۈنىدۇ. «پەرۋاسىز، غەمسىز تىنچلىق» تىن يىرگىنىدۇ. «شەرمەندىلەرچە كەينىگە چېكىنىش»، «پەس ئارزۇ - ھەۋەس» لەرگە ئۆچلۈك قىلىدۇ. «مەنىسىز ئۆتكەن ئۇزۇن ئۆمۈر» گە ھېرىس قىلمايدۇ، بەلكى «قايناق تۇر-مۇش كەچۈرۈشنى، خىزمەتلەرنى «جەڭ دەپ بىلىپ» ئىشلەش-نى خاھلايدۇ. «كىشىلەرنىڭ ھاياتى كۆچى ئادەتتىكىدىن نەچچە يۈزمىليون ھەسسە ئارتۇق بولىدىغان»، «ئەشۇ ئاجا-يىپ بىر نەچچە دەقىقە» نى مەدھىيىلەيدۇ. ئۇ تۇرمۇش يو-لىنىڭ گويا «خەۋپ - خەتەرلىك خۇاڭخې دەرياسى» غا ئوخ-شايدىغانلىقىنى، داۋاملىق «ئۇشتۇمتۇت كۆتۈرۈلگەن دولقۇنلار» غا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭدا قىيىنچىلارغا تاقابىل تۇرغىدەك قايىتماس ئىرادە ۋە «قانچە بولسا مۇشكۇ-لات، بىزدە بار شۇنچە يۈرەك» دېگەندەك جاسارەتمۇ بولىدۇ. ئۇ ھىدى دىماقنى غىدىقلايدىغان شېكەر قومۇشلۇقتا تۇرۇپ «يېشىل سىپىل» نى پانا قىلىپ ئېلىپ بارغان ئەشۇ كۆرەش-لەرنىڭ جاپا - مەشەققىتىنى ئۇنۇتمايدۇ، ئۆزىنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش، ھېسياتىنى ئەشۇ جاپالىق كۈنلەرگە باغلاپ قارىيا-لايدۇ. بۇ ئىنقىلابچى ئەينى يىللاردا:

«مۇرىمىزدە بار پەقەت بىر ئەسكى مىلتىق،
خالتىمىزغا قاچىلاغلىق بىر ئوچۇم تېرىق.

بېشىمىزدا يوق شەپكە، تارافسىز چاچلار،

پۇتلاردا يوق ئاياق، چاپلاشتى لايلار» دەپ تەس-
ۋىرلەنگەن جاپالىق شارائىت ئاستىدا خەلق ئۈچۈن نۇرغۇن
خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، بىراق ھەرگىز بۇلارغا قاراپ
ئۆزىگە تەمەننا قويمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئازغىنە سەۋەنلىكلىرى
ئۈچۈن «مەڭگۈ ئۆكۈنۈپ» ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالىدۇ. ئۇنىڭ
ياشلىق باھارى ھېمىشەم مەڭگۈ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، مەڭگۈ ئەشۇ
«ئەسكەر چېغىدىكىدەك ياپ - ياش تۇرىدۇ». ئۇ ئۆزىگە
دېڭىزنى ئۈرنەك قىلغان بولۇپ، كوڭلىنى ئەشۇ دېڭىزدەك كەڭ
تۇتىدۇ. دېڭىزدىن توگىمەس ئىنىرگىيە مەنبەئى بولغان پۈت-
مەس ئىلھاملارنى ئېلىپ تۇرىدۇ. ئۇ «غىرىشچە ئورۇنىنى
ئىگىلەپ، تومەن گەز يەرگە نۇر چېچىش» دېگەننى ئۆزىنىڭ
تۇرمۇش مىزانى قىلغان بولۇپ

«ھاياتىمدا كۆيلەيمەن زامانىمنى، دەۋرىمنى
ئۆلگۈنۈمدە يۆلەيمەن يەنە يېڭى دۇنيانى»

دېگەن روھ بىلەن كۆرەش قىلىدۇ، ياشايدۇ.
دېمەك گوشياۋچۈەن شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا كۆز-
ئالدىمىزغا كېلىدىغىنى پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسىنىڭ ئەنە
شۇنداق يۈكسەك ئوبرازىدۇر.

2 . گوشياۋچۈەن شېئىرلىرىدا شېئىري ھېسسىيات بىلەن
پەلسەپەۋىي پىكىر بىرلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ، شائىر ئۆزىنىڭ
ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇش بىلىملىرى، تەجرىبىلىرىدىن يەكۈنلەپ
چىقارغان يېڭى چوڭقۇر پەلسەپەۋىي پىكىرلەرنى قايناق ھېس-

سىيات بىلەن تولغان تۇرمۇش تەسۋىرلىرىگە سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا پەلسەپىۋى پىكىر بىلەن شېئىرىي ھېسسىياتنى تەۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

(1) پەلسەپىۋى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان مىسرالار ھېسسىياتنىڭ كۈچلۈك دولقۇنلىرىدا تەبىئىي ھالدا شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل ئەقلىيە سۆزلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان پەلسەپىۋى مىسرالارنى ھېسسىياتنىڭ قويۇقلۇقى بىلەن پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇقىنىڭ سۆركىلىشىدىن چاچراپ چىققان ئۇچقۇنلارغا ئوخشىتىش مۇمكىن. بۇنداق مىسرالار پۈتۈن شېئىرنىڭ كۆزى ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن: «شاراپ ناخشىسى»، «تەۋەنباۋادا كۆز» شېئىرلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئەشۇنداق مىسرالارنىڭ بولغانلىقى بىلەن ھەسسىلەپ ئاشقان.

(2) پەلسەپىۋى پىكىرلەر داۋاملىق سىمۋول ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. يەنى پىكىرلەر ۋاستىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. چۈشەنچە كىتابخانىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇلاھىزىسى ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ. «قارغاي ناخشىسى»، «يېزا يولى» «شىكەر قۇمۇشۇلۇق ۋە يېشىل قورغان»، «شيامىن ھۆسنى» قاتارلىقلاردا مۇشۇنداق ئۇسۇل قوللىنىلغان. بۇنداق شېئىرلاردىكى پەلسەبەۋى پىكىرلەر ھېسسىياتتىن قانات تاقاپ كىتابخانلارنىڭ قەلبىگە قاراپ ئۇچىدۇ. گوشياۋچۇەن شېئىرىدا يۇقىرىقى ئىككى خىل ئۇسۇلدىن باشقىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن. بۇنىڭدا پەلسەپەۋىي پىكىرلەر شېئىرىي ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ھېسسىيات، ئوبراز، پىكىر ئورگانىك ھالدا بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشىدۇ. بۇنداق شېئىرلاردا ھېسسىيات بىلەن كىشى-

نى ھاياجانلاندۇرىدىغان، ئوبراز بىلەن كىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان داۋلى بىلەن كىشىنى قايىل قىلىدىغان بەدىئىي ئۇنۇمگە ئىرىشكىلى بولىدۇ.

3. گوشياۋچۇەن شېئىرلىرى شېئىرنىڭ شەكلى جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ، شەكىل جەھەتتىكى خىلمۇ-خىللىقى، مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ گەۋدىلىك بولۇشى بىلەن ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. شائىر ئۆزى بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «بىز شەكىل جەھەتتە مىللىچە بولۇش ۋە ئاممىباپ بولۇشنى تەكىتلەيمىز، كىتابخانلار مېنىڭ ھەر خىل شەكىللەر ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقانلىقىمنى كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ مېنىڭ بىرلا شەكىل بىلەن چەكلىنىپ قېلىشنى خالىمايدىغانلىقىمنى ۋە شەكىل ئۈچۈنلا قوغلاشمايدىغانلىقىمنى كۆرسىتىدۇ. مەيلى قوشاق شەكلى بولسۇن ياكى يېڭى ۋەزىنلىك شېئىر شەكلى بولسۇن، ئەركىن شېئىر (چاچما شېئىر) يېرىم ئەركىن شېئىر، پەلەمپەي شەكىللىك شېئىر ۋە باشقا خىلمۇ-خىل شېئىري شەكىللەر بولسۇن پەقەت شېئىرلارنىڭ مىللىچە بولۇش ۋە ئاممىباپ بولۇشىغا پايدىلىقلا بولىدىكەن، ئۇنى قوللىنىشتىن قورقۇشنىڭ نېمە ھاجىتى»① بۇ خىل تەشەببۇس گوشياۋچۇەننىڭ ئەمىلىي ئىجادىيەتلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى، گوشياۋچۇەن توختىماي ئىزدىنىدىغان، يېڭىلىق يارىتىشقا، ئىجات قىلىشقا ئىنتىياقى بار شائىر. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرى ھەر خىل شەكىللەرگە

① گوشياۋچۇەن: «ئاي نەزمىسىگە مۇقەددىمە» خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1959 - يىلى نەشرى.

مەنسۇپ بولغان. مەسىلەن: ئۇنىڭ 1955 - يىلى يازغان «ياش گىراژدانغا» تېمىسىدىكى شېئىرى «پەلەمپەي» شەكلىدە يېزىلغان بولسا 60 - يىللاردىكى خېلى كۆپ شېئىرى «يېڭى نەزمە» شەكلىدە يېزىلغان.

«پەلەمپەي» شەكلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شائىرى ماياكوۋىسكىغا خاس بولۇپ، بۇ شەكىلدە ھېسسىياتنى ئىپا-دىلەشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن مىسرالار پارچىلىنىپ تاش-لىنىدۇ. بۇ خىل شەكىلدە يېزىلغان شېئىرلار دېكلاماتسىيە قىلىشقا ئەپلىك. گوشىياۋچۇەن شېئىرىي مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجى-غا ئاساسەن بۇ شەكىلنى تاللىۋالغان ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

«يېڭى نەزمە» شەكلى گوشىياۋچۇەنىڭ كەشپىياتى بو-لۇپ، ئۇ كلاسسىك شېئىرلارنىڭ نەزمە شەكلىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن.

1957 - يىلى يولداش ماۋزېدۇڭ يېڭى شېئىرلارنىڭ «ئىخچام، رەتلىك، قاپىيىلىك» بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ شائىرلارنى «كىتابخانلارنى جەلپ قىلالايدىغان يېڭى شەكىلدىكى شېئىرلار»نى يېزىشقا چاقىرغانىدى. بۇنىڭ بىلەن يېڭى شېئىرلارنىڭ چىقىش يولى ئۈستىدە مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىلدى ۋە بۇ ھەقتە ئىزدىنىشلەر بولدى. مانا مۇ-شۇنداق بىر خىل ۋەزىيەتتە گوشىياۋچۇەن كۆپ ئەجىر سىڭ-دۈرۈپ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۆزگىچىلىكى بار شېئىرىي شەكىلنى ئىجاد قىلىپ چىقتى. بۇ يېڭى شېئىرلارنىڭ شەكىل-لىرىنى بېيىتىشقا قوشۇلغان مۇھىم بىر تۆھپىدۇر.

بۇ شەكىلدە يېزىلغان شېئىرلارنىڭ بىر كۇبلېتى تۆت مىسرادىن بولىدۇ. بەزىدە بىر كوبلېتى ئۈچ مىسرادىنمۇ بولىدۇ. كوبلېتى تۆت مىسرالىق شېئىرغا مىسال:

ئەي جەنۇبنىڭ شېكەر قۇمۇچى — قۇمۇچزارلىقى،
ئۆزەڭ ۋەزمىن، نىچۈن تەمىڭ تاتلىق بۇنچىلا.
ئەي شىمالنىڭ زىرائەتلىرى — يېشىل قورغىنى،
ئۆزەڭ يىراقتا، نىچۈن مېھرىڭ كۈچلۈك شۇنچىلا.

قۇمۇشزاردەك سايە بېرەر يېشىل قورغانمۇ.
ئىغاڭلىغان شاخلىرى شىلدىرلار - كۈيلەر.
قۇمۇچزاردەك ئۆز بىزگە يېشىل قورغانمۇ،
ئۇندا شەبنەم يالتىرار ھەر كۈنى سەھەر.
(«شېكەر قۇمۇچلۇق يېشىل قورغان»دىن)

ھەر»كۇبلېتى ئۈچ مىسرالىق شېئىرغا مىسال:

..........................................

يېزا يولى گويا كۆۋرۈك ئۇزۇن سوزۇلغان.
مۇشۇ يەردىن يىراقلارغا بېرىپ تۇتاشقان،
ئىككى قاتتا دەرەخلىرى يېنىك چايقالغان.

يېزا يولى بەك ئوخشايدۇ شايى لىنتىغا،
شەھەر، يېزا، تاغ - دالا ئۇلاردىن ئاڭا،
گىرەلەشكەن تاغ - دەريالار گۈللەندى مانا.
(«يېزا يولى»دىن)

گوشياۋچۇەننىڭ يۇقىرىدا بىز كەلتۈرگەن مىساللارغا ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىغان مىسرالىرى گايىدا ئۇزۇن، گايىدا

قىسقا بولىدىغان، كۆرۈنۈشتە چاچما (ئەركىن) شېئىرلار-غا ئوخشاپمۇ قالىدىغان شېئىرلىرىمۇ بار. تۆۋەندە بىز «گېنېرال تىرىلوگىيىسى» دىن مىسال ئېلىپ كۆرۈپ باقايلى:

دەريا لىۋىدە،
گېنېرال تۇرار ئېغىر سۈكۈتتە.
ئاڭلايدۇ جىمجىت،
قارايدۇ يەنە،
بار ئىدى بۇندا
سۇنىڭ ئىشۋىشى.
ئاينىڭ شولىسى،
چايقالغان گىيا،
ھاشارەت ئۈنى
ئېيتىدۇ غەزەل كوكىراپ پاقا.
دولقۇنلار ئۇسۇل ئوينايدۇ راسا.
گېنېرال دېدى:
«بىلەمسەن شۇنى
دەريانىڭمۇ بار ئىنساندەك قەلبى»
ھەممە نىمىنىڭ بار شۇنداق جېنى»
ئالدى-دە گېنېرال
تاشلىدى قەدەم قىرغاققا ئاستا،
قارىدى يەنە
يىراق يېقىنغا،
قۇرامىتاش
دەرەخزار
يەردە يوپۇرماق،
ئۇچىدۇ قۇڭغۇز،
بار بىر چىغىريول.
گېنېرال كۆردى بۇ-
نىڭ ھەممىنى،
ئاڭلىدى يەنە
شامال سۆزىنى.
گېنېرال دېدى:
«كۆردۈڭمۇ ئەنە،
ئۇزۇن بىر نەپەس
(«گېنېرال تىرىلوگىيىسى»دىن)

بۇ مىسالىمىزدا كۆرسەتكىنىمىزدەك ئۇنىڭ بەزى شېئىر-لىرى كۆرۈنۈشتە چاچما (ئەركىن) شېئىرلارغا ئوخشاپمۇ كې-تىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ مۇقىم قاپىيە بىرلىكى بار. بۇ تەرد-پىدىن ئۇلار يەنىلا نەزمىگە يېقىنلىشىدۇ. شۇڭا بۇ خىل شې-ئىرلارنى يېگى ئۇزۇن-قىسقا مىرالىق شېئىرلار، ياكى نەز-

مه شەكلىدىكى چاچما شېئىرلار دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ.

گوشياۋچۇەن كلاسسىك شېئىرلىرىمىز ۋە خەلق قوشاق-لىرى ئاساسىدا جۇڭگونىڭ يېڭى شېئىرلىرىنى ئاممىبابلاشتۇ-رۇش ۋە ئۇلارنى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن كۆپ ئىزدىنىشقان شۇنىڭدەك بۇ جەھەتتە زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن شائىر، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشچانلىقلىرى تۆ-ۋەندىكىدەك نۇقتىلاردا ئىپادىلىنىدۇ:

(1) شېئىرنىڭ رىتىملىق بولۇشىنى تەكىتلەش: جۇڭ-گونىڭ كلاسسىك شېئىرلىرى ناھايىتى رىتىملىق، خەلق قوشاق-لىرىمۇ ئەشۇنداق. شېئىر رىتىملىق بولسا مەزمۇن جەھەتتىكى قارىمۇ-قارشى مەنىلىك ۋە يېقىن مەنىلىك پىكىرلەرنى نا-ھايىتى ئېنىق ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ كۆيلەيدى-غانلىرىنى ھەم سۆكىدىغانلىرىنى روشەن گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ. قۇرۇلۇش جەھەتتىن ئالغاندا، مىسرالار تەرتىپلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇغان كىشى راھەت ھېس قىلىدۇ. ئېستېتىك زوق ئالالايدۇ. فونېتىكىلىق جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇنداق رىتىملىق شېئىرلار كىتابخانلارغا تاۋۇشلارنىڭ ئۆز-ئارا تەرتىپلىك ماس-لىشىش بىلەن ھاسىل بولغان بىر خىل مۇزىكىلىق گۈزەللىكىنى تەقدىم قىلالايدۇ. شۇ سەۋەبتىن گوشياۋچۇەن ئۆز شېئىرلىرىنىڭ رىتىملىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. مەسىلەن: بىز ئۇنىڭ «شيامىن ھۆسنى» ناملىق شېئىرىنىڭ ئالدىنقى ئىككى كۇپلېتىنى كۆرۈپ باقايلى:

دېمەك بۇ ھەرگىز دېڭىزنىڭ تېگى،

سۇ پادىشاسىنىڭ خىيالىي ئوردىسى.

قاراڭ! دەرەخلەر مىڭ يىل ياشاپتۇ،
يىلەكلەر خۇددى خەمەك ئۈۋىسى.
دېمەڭ سىز يەنە تاغ ۋە ئورمانىنى
ھۆر - پەرىلەرنىڭ ياشار ماكانى،
ئاڭلاڭ چوققىدا دولقۇن شاۋقۇنى،
قىيادا ياڭرار دۇمباق ساداسى.

كەلگىنىم راس شىيامىنغا بۈگۈن.
نىچۈن كۆرمەيمەن جەڭلەر ئىزىنى.
تىڭىرقىدىم مەن كۆرۈپ بوستاننى،
چىراق يورۇلىنى، چەكسىز دېڭىزنى.
كەلگىنىم راس شىيامىنغا بۈگۈن،
نىچۈن كۆرمەيمەن جەڭگاھ تۈسىنى،
شاتلاندىم پەيۋەس كۆرگەچ بۇ يەردە،
رەڭدار قىياپەت، تۈمەن سۆيگۈنى.

يۇقىردىكى 16 مىسرا شېئىردىن كوپلېتلار ئارا، مىسرالار ئارا، سۆزلەر ئارا شەكىللەنگەن رىتىمىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

يېڭى ئۇزۇن - قىسقا مىسرالىق شېئىرلار ئادەتتە ئەركىن رەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خېلىلا تەرتىپلىك ۋە رىتىملىق. مەسىلەن:

ياغىسا يامغۇر چىلەكلەپ،
چېقىلار چاقماق.
جەڭدە ئىشى باتۇرنىڭ.
ئۇمۇت ئويناتماق.

شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا بەزى سۆزلەرنى مەقسەتلىك ھالدا كۆپ قېتىم تەكرارلاپ ئاجايىپ بەدىئىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇ «بىپايان دېڭىزدا ئەشۇ بىر ئارال» ناملىق شېئىرىدا «ئېسىڭدىمۇ؟» دېگەن سۆزنى سەككىز قېتىم، «مۇشۇ ئارال» دېگەن سۆزنى 36 قېتىم تەكرارلايدۇ. تەكرارلىنىش گەرچە شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، كىشى بۇنىڭدىن زېرىكىش ھېس قىلمايدۇ، بەلكى شېئىرىي ھېسسىياتنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدىن ھاياجانلىنىدۇ.

(3) سۈرەت گۈزەللىكى ۋە مۇزىكا گۈزەللىكىنى (ئاھاڭدارلىق) قوغلىشىش: سۈرەت گۈزەللىكىنى قوغلىشىش، يەنى «شېئىردا سۈرەت، سۈرەتتە شېئىر بولۇش» — بۇ بىزنىڭ كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى بولۇپ، شائىر گوشياۋچۈەن بۇ ئەنئەنىگە ئوبدان ۋارىسلىق قىلغان. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرى يۇقىرىقىدەك بەدىئىي ئۈنۈمگە ئېرىشەلىگەن. مەسىلەن: «جۇڭگونىڭ كۈز پەسلى» شېئىرىدىن مىسال ئالايلى:

ئاسمان گويا سۈپ - سۈزۈك بۇلاق،
قۇياش قىزىل ھەم يۇپ - يۇمىلاق.
تاغلار ھەيۋەت، دەرەخلەر روشەن،
ئالتۇندەك پارقىرار ھەر بىر تال باشاق.

بۇ بىر كۇپلېت شېئىرغا رەڭ (سۈرەت) جايىدا بېرىلگەن بولغاچقا، كۈز پەسلى گويا سۈرەتتەك ئېنىق، كونكرېت تەسۋىرلەنگەن، شېئىرنى ئوقۇغان كىشى خۇددى كۈز مەنزىـ

ربسى بسزبلغان سۇرەتنى كۆرۈپ تۇرغاندەك تەسراتقا كېلە-
لەيدۇ.

.................................................................

شىمالدىكى قارغايلار، جەنۇبتىكى ئەي تاغلار،
سالمىغىڭلار بەك ئېغىر، ئىگىلگەندەك باشاقلار
ئەي كۆكتىكى يۇلتۇزلار، زېمىندىكى يۇلتۇزلار،
بىزنىڭ گۈزەل غايىمىز سىلەر كەبى چاراقلار.

«كۆز ناخشىسى II» شېئىرىدىكى بۇ بىركۇپلېتتا قار-
غاي، تاغ، باشاق، يۇلتۇز، چاراق قاتارلىق كونكرېت ئوب-
رازلار بىر خىل گۈزەل مەنزىرىنى سۈرەتلەپ بەرگەن. بۇ-
نىڭدا ئوبراز بار، ئوبرازلاردا پىكىر بار.

مۇزىكا گۈزەللىكى شېئىرنىڭ قاپىيىسى، رىتمى،
ئاھاڭداشلىقى ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدۇ. گۇشياۋچۈەننىڭ شې-
ئېرىدا مۇشۇنداق گۈزەللىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئو-
قۇغان كىشى لەززەتلىنىدۇ، ھوزۇر قىلىپ ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ
شېئىرلىرىدا مۇشۇنداق مۇزىكا گۈزەللىكى بولغاچقا ئۇلارنى
دېكلاماتسىيە قىلغاي ۋە ناخشا قىلىپ ئېيتقىلىمۇ بولىدۇ.

شائىر گوشياۋچۈەن شېئىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە
توختىلىپ: «ئاھاڭدارلىق شېئىرىي شەكلىنىڭ توپ خۇسۇسى-
يىتى»، «لېرىكىلىق ۋە ئاھاڭدارلىق شېئىرنىڭ ئىككى چوڭ
خۇسۇسىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دېگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ
ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىدە مۇشۇ جەھەتتىن ئىزچىل ئىزدەنگەن.
ئاھاڭدارلىققا ئۆزىنىڭ يېتىشكە تېگىشلىك بىر نىشانى تە-
رىقىسىدە قارىغانىدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرى شائىر-

نىڭ بۇ نىشانغا يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

## 5 - §. خې جىڭجى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

خې جىڭجى (1924 —) زامانىمىزدىكى مەشھۇر شائىر ۋە دراماتورگدۇر. ئۇ شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ يىشەن ناھىيىسىدە بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1938-يىلى ياپون باسقۇنچىلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەندە، سەرگەردان بولۇپ خۇبېي ئۆلكىسىگە كەلگەن ۋە شۇ جايدا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. ياپونغا قارشى تۇرۇش ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان. 1939-يىلى ئوقۇۋاتقان مەكتىپى بىلەنلا سىچۈەنگە يۆتكەلگەن. 1940-يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قاتمۇقات مۇھاسىرىلىرىدىن ئۆتۈپ يەنئەنگە كېلىپ لۇشۈن نامىدىكى سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان.

«يېزا كېچىسى»، «ئېچىلدى گۈللەر قۇياشقا تەلپۈنۈپ» ناملىق توپلاملار ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى بولۇپ، بۇ توپلاملاردىكى شېئىرلار ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇلارنىڭ دەۋر روھى كۈچلۈك. مەسىلەن: «يېزا كېچىسى» توپلىمىدىكى شېئىرلارنى ئالساق، بۇ شېئىرلاردا شائىرنىڭ ئۆز يۇرتىدىكى خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، كونا جەمئىيەتنىڭ ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن خۇددى قەھرىتان قىش كېچىسىدەك ئازابلىق ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن. يەنئەنگە كەلگەن-

دىن كېيىن، ئازاد رايونلاردىكى يېڭى تۇرمۇش مۇھىتىدا ئۇ-
نىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي ئاھاڭى جاھالەت ئۈستىدىن
شىكايەت قىلىش، دەرت تۆكۈشتىن يورۇقلۇقنى مەدھىيىلەشكە
يۆتكەلدى. مەسىلەن: «ئېچىلدى گۈللەر قۇياشقا تەلپۈنۈپ»
توپلىمىدىكى شېئىرلار ئازادلىقتىن يايراۋاتقان تايانچ بازىلار-
دىكى خەلقلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئوت-
تەك قىزغىن جەڭگىۋار تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇنىڭ
شېئىر ئىجادىيىتىدىن باشقا يەنە سەھنە ئەسەرلىرىمۇ بار.
مەسىلەن: «ئاق چاچلىق قىز» ئوپېراسىنى خې جىڭجى باشقى-
لار بىلەن بىرلىكتە يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەر 1951 - يىلى
ستالىن ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇنى ئېلىمىزنىڭ يې-
ڭى ئوپېراچىلىقنىڭ باشلىنىشى ياكى ھۆلى دېيىشكە بولىدۇ.

خې جىڭجىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى شېئىرلىرى «ياڭ-
رىتىمەن ناخشامنى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن.

خې جىڭجىنىڭ شېئىرلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىك-
كى چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بىرىنچى تۈرگە «يەنئەنگە
قايتىش»، «گۈيلىننىڭ تاغ ۋە دەرياسى» دېگەندەك قىسقىراق
كەلگەن لىرىكىلار كىرىدۇ. بۇ خىل لىرىكىلىق شېئىرلارنىڭ
كۆپىنچىسى رېئال تۇرمۇشتىكى مەلۇم كونكرېت تەسىرات ۋە
پەيدا بولغان ئىلھامدىن پۈتۈلگەن، شۇڭا ئۇلاردىكى ھېسسى-
يات چىن ۋە ئىنچىكە، شېئىرىي مۇھىت كۆركەم، مەزمۇنىمۇ،
تىلىمۇ ناھايىتى تاۋلانغان. ئۇلارنىڭ خەلق قوشاقلىرى ۋە
كلاسسىك شېئىرلاردىن ئوزۇقلۇق ئالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش
تەس ئەمەس. مەسىلەن: «گۈيلىننىڭ تاغ ۋە دەرياسى» شې-

ربدا ئوخشتىش، مۇبالىغە قاتارلىق خىلمۇ خىل ئىستىلىس
كىلىك ۋاستىلەر كۆپ ئىشلىتىلگەن. تۆۋەندە، يۇقىرىدا بىز
ۆرسەتكەن ئالاھىدىلىكلەرنى ۋە تەبىئەت گۈزەللىكىنىڭ
ئىر قەلبىدە ۋە قەلىمىدە قانداق ئەكس ئېتىلگەنلىكىگە
اراپ باقايلى:

بۇلۇتلار ئىچىدە ئۈزەر ھۆر - پەرى،
پەرىنىڭ ئۆزى شۇ گۈيلىن تاغلىرى.

چوققۇردۇر سۆيگۈدەك، گۈزەلدۇر چۈشتەك،
گويا چۈش ۋە سۆيگۈ لىجياڭ دەرياسى.

يۇرۇكۇم مەسىمدۇ ۋە ياكى ئويغاق،
تاغلارنى كۆردۇممەن سۇنىڭ يۈزىدە،

كۆردۈمغۇ ئۆزەمنى لىيجياڭ بىتىدە،
سادايىم جاراڭلار تاغلار كەينىدە.

ئاھ! گۈيلىن تاغلىرى، لىيجياڭ دەرياسى،
گۈزەلدۇر ۋەتەننىڭ كۆلكە ناۋاسى.

گۈيلىن تاغ - دەرياسى خۇددىي دىلىمدە،
بۇ مېھىر - مۇھەببەت قوندى قەلبىمگە.

ۇ شېئىردا يارىتىلغان شېئىريي مۇھىت ناھايىتى گۈزەل بو-
ۇپ، بۇ شېئىرنى يېڭى زامان شېئىرىيىتىمىزدىكى شېئىريي
ېسسىيات ۋە شېئىريي مۇھىتنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئۈلگىسى دې-
ىشكە بولىدۇ. بۇ شېئىردا تەبىئەت مەنزىرىسى، ھەر خىل

كۆرۈنۈشلەر بىۋاسىتە تەسۋىرلەنمىگەن بەلكى شائىرنىڭ ئەشۇ تەبىئەتنى گۈزەللىكتىن ئالغان تەسىرات - ئىلھامى يېزىلغان.

بەزى شېئىرلار ئۆزى مۇرەككەپ بولمىسىمۇ ئەمما ئۇ - نىڭدىكى ھېسسىيات شاۋقۇنلىرىنى ئاڭلاشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى چىن ھېسسىيات كىتابخانلارنى ھاياجانغا سالىدۇ.

مەسىلەن: ... ... ... ... ......

ئېرىق يۈرەك سوقمىغىن كىچىنىپ بۇنچە،
چاڭ - توزاڭ كۆزۈمنى توسما مۇنچە.

ئۇچۇملاپ ئېلىپلا سېرىق تۇپىنى،
ئارزۇلاپ كۆكسۈمگە باسىمەن ئۇنى.

يەنئەنگە كېلەتتىم چۈشۈمدە تالاي،
باۋتانى قۇچاقلاپ كېتەتتىم قانماي.

چاقىرار ئىدىمەن ۋۇجۇدۇم بىلەن،
— ئانىجان يەنئەنىم مۇشۇ جايدا سەن!

(«يەنئەنگە قايتىش» شېئىرىدىن)

تۆۋەندە بىز پەلسەپىۋى پىكىر بىلەن شېئىرىي ھېسسىيات بىر - لەشتۈرۈلگەن «غەربكە ماڭغان پويىزنىڭ دېرىزىسى ئالدىدا» شېئىرىنىڭ بىرقانچە كۇبلېتىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

...... ........................

سىلكىنىپ بايراقلار پويىز ئۆتىدۇ،
سۇجۇ......جىنجۇ ......قالدى ھەم لەنجۇ......

سەپەردە قىزىتار سۆھبەتنى دىلكەش،
تۇرمۇش، ئىنقىلاب ۋە يەنە كۈرەش.

.....................

بولۇتلار تورىدۇ بىزگە يانمۇ يان،
ئارقىدا قالماقتا قۇترىغان بوران.

يەلكىلەر ئۈستىدە تاغ - دەريا گويا،
قىپ - قىزىل بايراقلار قوللاردا مانا!

يۇقىرىقى مىسرالار كۈچلۈك لىرىكا ئارقىلىق شىنجاڭغا ماڭغان پويىزدىكى نەنىنۋەنىنىڭ پىشقەدەم جەڭچىلىرى ۋە چىگرا رايون قۇرۇلۇشىغا ياردەمگە ماڭغان ياشلارنىڭ روھىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. شائىر «مەن»نى شېئىردىي ئوبرازغا يۇغۇرۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن شېئىردا كۈچلۈك ھېسسىيات ئۇرغۇپ تورىدۇ.

مەسلەن: ...............

پويىزدا يول بويى تۈنلەردە ئويغاق،
قارىدىم، ئاڭلىدىم، ئويلىدۇم ئۇزاق.

كۆز يېشىم تۆكۈلەر يامغۇرغا ئوخشاش،
ھاياجان دولقۇنلار، دېڭىزغا ئوخشاش.

ئاھ! ۋەتەن زېمىنى، چەكسىز زېمىنى،
ئۆركەشلەر جۇش ئۇرۇپ كۆرەش دولقۇنى.

ۋاگوندا ئولتۇرۇپ ئاچتىم دېرىزە،
كەڭ ئالەم دەل بۇ دەم سۇبھى ئىلكىدە.

خې جىڭجى شېئىرلىرىنىڭ يەنە بىر تۈرى لىرىك داستانلاردۇر. ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدىكى مۇھىم نەتىجىسىمۇ

مۇشۇ خىلدىكى ئەسەرلەر بىلەن قولغا كەلگەن. شائىر «ياڭرىـ
تىمەن ناخشامنى»، «لېي فىڭ ناخشىسى»، «شەرق شامىلى ئۇ-
زاقنى ئۇزاق»، «ئون يىللىق مەدھىيە ناخشىسى» ۋە «تۆت
كىشىلىك گۇرۇھ» يوقۇتۇلغاندىن كېيىن يازغان «جۇڭگونىڭ
ئۆكتەبىر ئېيى»، «1-ئاۋغۇست ناخشىسى» قاتارلىق داستان
ۋە شېئىرلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شائىرى ماياكوۋىسكىچە
«پەلەمپەيلىك شەكىل» بويىچە يازغان. زور ئىجتىمائىي مەسى-
لىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن ۋە چوڭقۇر پىكىرلەر ئىلگىرى
سۈرۈلگەن. بۇنداق چوڭ ھەجىمدىكى سىياسىي لىرىكىلىق شې-
ئىرلار ئېلىمىز شېئىرىيىتىدە كۆپ ئەمەس. تۆۋەندە بىز بۇ
خىل شېئىرلارنى ۋەكىل قىلىپ تۇرۇپ «ياڭرىتىمەن ناخشا-
نى» ۋە «لېي فىڭ ناخشىسى» شېئىرلىرى ئۈستىدە قىسقىچە
توختىلىپ ئۆتەيلى.

«ياڭرىتىمەن ناخشامنى» شېئىرى خەلقىمىزنىڭ يېڭى تۇر-
مۇشقا ئېرىشكەندىن كېيىنكى شاتلىقىنى، ئىپتىخارلىق ھېسسى-
ياتىنى، پارتىيىگە بولغان قايناق مۇھەببىتى ۋە چەكسىز ئى-
شەنچىسىنى ئىپادىلىگەن. شېئىر ۋەتەن زېمىنىدا يۈز بەرگەن
تۈپكى ئۆزگىرىشلەرنى بايان قىلىپ نەچچە مىڭ يىللىق ئار-
زۇ-ئارمانلارنىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى يې-
شىدۇ ۋە بۇ يېشىلمىنى كومپارتىيىنىڭ شانلىق ئوبرازىغا باغ-
لاپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق پارتىيىگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ.

«لېي فىڭ ناخشىسى» شېئىردا شائىر دەۋر يۈكسەكلى-
كىدە تۇرۇپ لېي فىڭ ئوبرازىنىڭ ئەھمىيىتىنى، لېي فىڭ
روھىنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكىنى، ئەينى دەۋردىكى رېئال زىد-

دىيەتلەر ۋە تارىخنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ شەرھىلەشكە تىرىشىدۇ. شۇنىڭدەك «ھەقىقىي بەخت دېگەن نېمە؟»، «ياشلىق باھارىنى قانداق ئۆتكۈزۈش كېرەك؟»، «قەھرىمانلارنىڭ قېرىلىق مەزگىلى قانداق بولىدۇ؟» دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ، «ھاياتنى ئۆزىنىڭ ئۆتكەن ئۆمرىگە ئۆكۈنمەيدىغان قىلىپ ئۆتكۈزۈش» ئۈچۈن قانداق قىلىش لازىملىقى ئۈستىدە ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

خې جىڭجى شېئىرىي ئوبرازنىڭ جانلىق بولۇشى ئۈچۈن كۆپ ئەجىر قىلىدىغان شائىر. ئۇ سىياسىي لېرىكىلىرىدا شېئىرنى سىياسىي بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ ئەمما بۇنىڭ بىلەن شېئىرنىڭ بەدىئىيلىكىگە قويۇلىدىغان تەلەپنى ئاجىزلاتمايدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، بىلىملىرى مول بولغاچقا، بەدىئىي ماھارىتى يۇقىرى بولغاچقا ھەم كونكرېت ھەم ئىندىۋىدۇئاللىقى بار بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىپ چىقالايدۇ. روشەن ھەم رەڭدار تۇرمۇش كارتىنىسىنى سۈرەتلەپ بېرەلەيدۇ. بۇ جانلىق كۆرۈنۈشلەرگە شائىرنىڭ جۇشقۇن، قايناق ھېسسىياتى سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ. مەسىلەن: «ياڭرىتىمەن ناخشامنى» شېئىرىدا ئۇ 20 دانە سوئال جۈملە (رىتورىك سوراق) ئارقىلىق سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ نەتىجىلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، شېئىرىي ئوبرازغا دەۋر روھىنى سىڭدۈرگەن. شائىر مۇشۇ شېئىرىدا ئوخشاشمىغان ئىككى دەۋرنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارنىڭ سېلىشتۇرمىسىدا مۇنداق تەسۋىرلەرنى بېرىدۇ: «...... تىنىك سىملىرى كېسىپ

ئۆتكەن سەددىچىنىڭ تۈۋىدە، كومبايىنلار گۈرۈلدىگەن دايەن مۇنارى تېگىدە، خۇاڭخې راۋىقى جايلاشقان چاڭجياڭ كۆۋ-رۈكى بېشىدا، تۆمۈر يولنىڭ چېتىدىكى قەدىمىي ئۆتەڭ قې-شىدا ......» بۇ مىسرالاردىكى سىپلىشتۇرۇش روشەن ۋە ئوب-رازلىق. مىسرالار تاۋلانغان ۋە ئىخچام. «لېي فىڭ ناخشىسى» شېئىرىدا بولسا شائىر شېئىرى تىل ئارقىلىق لېي فىڭنىڭ «قەلبى سۈزۈك ئەينەكتەك»، «ئىرادىسى يۈكسەك تىك چوق-قىدەك» ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ لېي فىڭ ئوبرازىنى گەۋدى-لەندۈرۈپ بەرگەن. مەسىلەن:

لېي فىڭ
كۆردۈم
كابىنكاڭدا مەن،
چاڭ قونمىغان،
سۈزۈك ئەينەكنى.
كۆردۈم يەنە،
ئەينەك ئالدىدا،
پەلەك قۇچقان
يۈكسەك چوققىنى.
ئېخ، سېنىڭ پرولېتار جەڭچىسىگە خاس
ئەشۇ قامىتىڭ،
نە قەدەر جەسۇر، نە قەدەر ئىمەن!
ئېخ، سېنىڭ كوممۇنىستلارچە
ئەشۇ پاك قەلبىڭ،
نە قەدەر پاكىز، نە قەدەر روشەن! ....

شائىر كۆچلۈك ھېسسىياتى بىلەن تەسىرلىك شېئىردى مۇھىت يارىتىپ، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا كۆ-تۈرۈلگەن لېي فىڭدىن ئۆگىنىش دولقۇنىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

مەسىلەن: ..................

قىزىل گالىستوكلۇق مايسىلار
ھەش - پەش دېگىچە ئۆسۈپ كەتتى
ماڭغاچ يولۇڭدىن، سېنىڭ ئىزىڭدىن،
چاچقا قونغان كۆلتۈك قارلار
ئۈن تىنۋىشىسىز ئېرىپ كەتتى
ئالغاچ ھارارەت سېنىڭ روھىڭدىن.
بۈگۈن كېچە،
چىراق تۈۋىدە خوشلاشقانلارنىڭ،
ئەتە، ئۆگۈنكى سەپەرداشلارنىڭ.....
تۈگىمەس،
ئۈزۈلمەس
يۈرەك مېھرى بولۇپ قالدى
«لېي فىڭ» دېگەن
ئەشۇ ئىككى خەت.
دىلى بىر، ئەمما
تىلى ياتلارنىڭ
دىلكىشى بولۇپ قالدى
«لېي فىڭ» دېگەن
شۇ بىر ئېغىز گەپ !....

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا بۇ شېئىر تۇرمۇشنىڭ چەكلىمىسگە ئۇچرىمىغان، يەنى يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ، ھەقىقىي ئىش ۋە پروتوتىپلارنىڭ چەكلىمىسگە ئۇچرىمىغان. ئەكسىچە تېمىنى چوڭقۇرلاپ كېڭەيتكەن. ئاپتور ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرەلىگەن، كەڭ ۋە چوڭقۇر كۆزىتەلىگەن. شۇڭا شېئىرلار چوڭقۇر ئىدىيىۋىلىككە ۋە يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە بولالىغان.

يۇقىرىدا تەھلىل قىلىپ ئۆتۈلگەن ئىككى شېئىرنىڭ زور تەسىر قوزغىيالىغانلىقىنىڭ سەۋەبى شېئىردىكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتنىڭ تىپىكلەشتۈرۈلگەنلىكىدە ۋە ھېسسىياتنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا؛ شائىرنىڭ قايناق ھېسسىياتىنىڭ ۋە ئۇنىڭ دەۋر تۇغۇرىسىدىكى، تارىخ ھەققىدىكى پىكىرلىرىنىڭ كىتابخانلارنىڭ يۈرەك ساداسىغا ۋەكىللىك قىلغانلىقىدادۇر.

خې جىڭجى ئىجادىيەتتە زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان شائىر بولۇپ، ئۇ شېئىرلارنىڭ شەكلى جەھەتتىمۇ يېڭىلىق ياراتقان. ئۇ كلاسسىك شېئىرلارنى ئۆگىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ «پەلەمپەي شەكلى» نى مىللىيچە تۈسكە كىرگۈزگەن. خەلقنىڭ ناخشا ـ قوشاقلىرىدىن ئوزۇقلۇق ئېلىپ ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي پۇرىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. يۇقىرىدا تىلغا ئالغان «ياتىرىتمەن ناخشامنى»، «لىبي فىڭ ناخشىسى» شېئىرلىرىنىڭ يېڭى شېئىرى شەكلى كلاسسىكلارنىڭ، يېڭى شېئىرلارنىڭ، خەلق قوشاقلىرىنىڭ، چەت ئەل شېئىرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى، ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە شۇ ئاساستا ئىجاد قىلىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئىجادكارلىقىنى «گۈيلىننىڭ تاغ ۋە دەريا-

لىرى»، «غەربكە ماڭغان پويىزنىڭ دەرىزىسى ئالدىدا» شېئىر-لىرىدىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

خې جىڭجى شېئىر ئىجادىيىتىدە شېئىرىي مۇھىتنىڭ گۈزەل بولۇشىنى قوغلىشىدۇ. شېئىرلىرىنى بەدىئىي جەھەتتىن تاۋلاشقا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. شېئىرلىرىدا بىر خىل يوشۇرۇن گۈزەللىكنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

مەسىلەن: ..............

باھار شامىلى،
كۆزنىڭ يامغۇرى.
سەھەردىكى تۇمان،
كەچنىڭ شەپىقى.
ئاڭلانماقتا
چاقلار گۈلدۈرى،
تاقىلدىماقتا
ئاياق تىۋىشى......
ماي ئېيى —
مايسا دېڭىزى،
سىنتەبىر —
دېڭىز دولقۇنى.
ئەنە جەنۇبتا —
شاپتول چېچىكى.
شىمالغا باقساڭ —
قارلار ئۇچقۇنى.

يۇقىرىدىكى مىسرالار قاتتىق ئىخچاملانغان ۋە تاۋلانغان

بولۇپ شائىر پىكرىنى ئىخچاملاشنى سۆزلەرنى ئىخچاملاش بىلەن بىرلەشتۈرۈۋەتكەن. ياراتقان شېئىرىي ئوبرازىدا باش-قىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىغا كۆپ ئىمكانىيەت قالدۇرغان. بۇنددىن باشقا شېئىرنىڭ مىسرالىرى ئاجايىپ نەپىس ئورۇنلاشتۇرۇل-غان بولۇپ ۋەزىن، قاپىيەلەرنىڭ رىتىملىك ۋە ئاھاڭدار بو-لۇشىغا ئېرىشكەن. مانا بۇلار شائىرنىڭ ھەيۋەت ۋە چوڭقۇر، ئىنچىكە ۋە سالماق بولۇشتەك ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۇرگەن.

### 6 - §. لى يىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

لى يىڭنىڭ يۇرتى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ فىڭرۇن ناھىيىسى بولۇپ، ئۇ 1926 - يىلى ئاددىي بىر ئىشچى ئائىلىسىدە تۇ-غۇلغان. 1945 - يىلى بېيجىڭ داشۆنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتې-تىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1949 - يىلى باھاردا بېيجىڭ شەھە-رى تېخى ئەندىلا ئازاد بولۇشى بىلەنلا ئوقۇشنى تاشلاپ ئازادلىق ئارمىيىگە قاتنىشىپ كەتكەن. ئۇ قوشۇن بىلەن بىللە نۇرغۇن يەرلەرنى كېزىپ مۇخبىرلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇل - لانغان. پىدائىي قىسىملىرىمىز بىلەن بىرلىكتە چاۋشيەنگە بېرىپ جەڭلەرگە قاتناشقان ۋە ئۇ يەردە نۇرغۇن خەۋەرلەرنى، شېئىرلارنى يازغان. ئومۇمەن ئازادلىقتىن كېيىنكى 30 نەچچە يىلنىڭ مابەينىدە ئۇ قەلىمىنى توختاتقان ئەمەس. ھازىرغىچە ئۇنىڭ 20 دىن ئارتۇق شېئىرلار توپلىمى نەشىر قىلىندى. ئۇنىڭ «كۆيۈۋاتقان فرونتتا» توپلىمى 1980 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى سىياسىي بۇسىنىڭ 1 - دەرىجىلىك

مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا، «قىزىل گۈل ناخشىسى» توپلىمى 1981 - يىلى «ئۆكتەبىر» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا، «مەن بىر دەرەخ، شۇڭا مەن مەغرۇر» توپلىمى بولسا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ 1983 - يىللىقى 1 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر شېئىرىي توپلاملار مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

لى يىگىنىڭ كۆپىنچە شېئىرلىرى قىسقا لىرىكىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تېمىسى ئاساسەن جەڭچىلەر تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان. شائىر ئۇزۇن يىللاردىن بېرى جەڭچىلەر ئارىسىدا ياشاپ كەلگەچكە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرى، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى بىلەن پىششىق تونۇش. ئۇ 1962 - يىلى يازغان «تۇرمۇش قايناملىرىدا تاۋلىنىش» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئەسكىرىي تۇرمۇش مېنىڭ ئىجادىيىتىمنىڭ بۇلىقى، ئۇلار — مېنىڭ سەپداشلىرىم ئۆز تەرلىرى، كۆز ياشلىرى ھەتتا ئىسسىق قانلىرى بىلەن مېنىڭ بۇ ئىجادىيەت تۇپرىقىمنى سۇغاردى». ئۇ يەنە «سائادىلەنىڭ خېتىنى ئوقۇغاندا» ناملىق شېئىرىدا: «جەڭچىلەر قەدىمىدىن ئېرىشتىم كۈيگە، زەمبىرەك ئوتىدىن سىۋىنتكە - رەڭگە» دەپ يازىدۇ. بۇ ئىككى مىسرا شېئىر شائىرنىڭ ئىجادىيەت يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى توغرا ئىنكاس قىلغان. «قەلەم تۇتۇشنى مىلتىق تۇتۇش بىلەن بىللە ئۆگەنگەن» بۇ شائىر قولىدىكى قەلىمىنى قورال دەپ بىلىپ، بەختلىك تۇرمۇشىمىزنى، ۋەتەننى قوغداۋاتقان جەڭچىلىرىمىزنى كۈيلەيدۇ. بولۇپمۇ شەرقىي، جەنۇبىي دېڭىز بويلىرىدىكى، ۋەتەننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي چېگرىسىدىكى، تاغ قاتلاملىرى ئارىسىدىكى

قاراۋۇللۇق پونكىتلىرىدا ياشاۋاتقان، كۈرەش قىلىۋاتقان جەڭ-چىلەرنى ئالاھىدە تەسۋىرلەيدۇ، ئۇ «دېڭىزدىكى چەۋەندازلار» دەپ تەرىپلەنگەن ماترۇسلارنى، «چوققىلارغا جايلاشقان» قارا-ۋۇللۇق پونكىتلىرىنى، ھال سوراش ئۆمەكلىرىنىڭ چەت ئارال-لاردىكى «تاغلار گۈل سۇنغان، دېڭىزلار چاۋاك» دەپ تەس-ۋىرلەنگەن ھال سوراش ئويۇنلىرىنى، «شامال شىۋىرلاپ، تۇ-ياق تىقىرلاپ» كېلىۋاتقان چارلىغۇچىلىرىمىزنىڭ ئۆز گازار-مىلىرىغا كەچ يېنىشلىرىنى ئۆزىنىڭ تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىدۇ. لى يىڭ جەڭچىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش، ئادەتتىكى مەشغۇلاتلىرىدىن مەسىلەن: پوستتا تۇرۇش، چارلاش، خوراز-نىڭ سەھەردىكى چىللىشى، كەچتە ئۇخلاشقا چېلىنغان سىگ-نال، جىددىي يىغىلىش، ئايدىڭدىكى چارلاش...... قاتارلىق-لاردىن تېما تاللايدۇ. جەڭچىلەرگە خاس ھېسسىيات بىلەن ۋە جەڭچىنىڭ كۆزى بىلەن بۇ ئادەتتىكى تۇرمۇش كۆرۈنۈش-لىرىنى كۆزىتىدۇ ھەم شۇ توغرىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ. ئۇلارغا يوشۇرۇنغان شېئىرىي مەزمۇننى تاۋلاپ چىقىپ شېئىرىي تىل بىلەن بايان قىلىپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ لىرىكىلىرى جەڭ-چىلىرىمىزنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى، يۈكسەك غايىسى ۋە گۈزەل ھېسسىياتىنى، كەڭ كۆڭلى - كۆكسىنى مەلۇم بىر كونكرېت نۇقتىدىن يورۇتۇپ بېرىدۇ. مەسىلەن: «ئايدىڭدىكى چارلاش» شېئىرىدا ئۈچ نەپەر جەڭچىنىڭ تولۇن ئاي كۆكتە پارقىراپ تۇرغان كېچىدە چارلاشقا چىققانلىقى تۆۋەندىكىدەك تەسۋىرلەنگەن:

.............................

تولۇن ئاي! يورۇتما گەۋدەمنى مېنىڭ،
ھەي شامال! چىقمىسۇن ئاۋازىڭ سىنىڭ.

چۆمدى بۇ كەڭ ۋەتەن شىرىن ئۇيقۇغا،
دولقۇنلار ئەۋجىگە باش قويۇپ گويا.

سەپەردە ھەمرادۇر بىزگە ئاي ھامان،
بولماقتا يېپىنچا يۇلتۇزلۇق ئاسمان.

سەزگۈرلۈك جەڭچىنىڭ مۇھىم خىسلىتى،
نەيزىگە پۈتۈلگەن چىن ساداقىتى.

ئاستا،

تېخىمۇ ئاستا،

ماڭىمىز بۇ چوڭقۇر جىلغىلار ئارا.
گويا ئۈچ تاشنىڭ بار ئۈچ جۈپ قۇلىقى،
ئۈچ گىيا — ئۈچ جۈپ كۆز كۆزىتەر بىزنى.

كۆرۈشكە بولىدۇكى، يۇقىرىقى شېئىردا شائىرنىڭ ھېسسىياتى تەسۋىرلىنىۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ ھېسسىياتى بىلەن تامامەن بىرلىشىپ كەتكەن.

باي تەسەۋۋۇرغا يۆلىنىپ تۇرۇپ تەسۋىرلەش ئوبيېكتىنىڭ جىسمىگە پۈتۈلگەن (يوشۇرۇنغان) گۈزەللىكنى ئېچىپ بېرىش ۋە شۇ ئارقىلىق يېڭى، گۈزەل شېئىرى مۇھىت يارىتىش — بۇ لى يىڭ ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇ ئالاھىدىلىكنى بىز تۆۋەندىكى مىساللاردىن كۆرۈپ

باقايلى:

.................................

چېگرادا كېچىلەر جىمجىت شۇ قەدەر،
تاغ ئىگىز، ئاي بەكمۇ كىچىك كۆرۈنەر.
تاغلارغا باش قويۇپ ئۇخلار تولۇن ئاي،
جەڭچىنىڭ كۆكسىدىن تاغلار ئالدى جاي.
(«چېگرىدا كېچە» شېئىرىدىن)

دۇنخۇاڭدا،
بورانلار قوزغىلار سەھەر.
ئىلانلار كەلگەندەك گويا ۋىشىلداپ،
گاھىدا سىرىلىپ، گاھى چىقىراپ.
(«دۇنخۇاڭدا سەھەر» شېئىرىدىن)

«چۆلدە كۈنىنىڭ چىقىشى» ناملىق شېئىردا شائىر ھەي-
ۋەتلىك كۈن چىقىش مەنزىرىسىنى ئۆزىنىڭ كۈچلۈك تەسەۋۋۇ-
رى بىلەن ناھايىتى جانلىق ۋە ئۆزگىچە قىلىپ تەسۋىرلەپ
بەرگەن. ئۇنىڭدىكى شېئىردىي مۇھىت ھەم يېڭى، ھەم ئىجادىي.

ئەنە، ئەنە ئويغاندى قۇياش
يەرگە تىرەپ قول، كۆتەردى باش.
دېڭىزغا يۈزلىنىپ تاشلىغاچ نەزەر،
سوزۇلۇپ سايىمىز كەتتى شۇ قەدەر.

چاپتۇردۇق ئاتلارنى راسا قامچىلاپ،
ئەشۇ قىپ-قىزىل قۇياشقا قاراپ.

پاھ! چامدىساق يەنە بىر قەدەم،
كۆنىنىڭ قوينىغا كىرىمىز شۇ دەم.

كۆنىنىڭ چىقىشى شېئىرلاردا كۆپ تەسۋىرلەنگەن «كونا» تېما بۇ تونىرىسىدا قەدىمدىن تارتىپ نۇرغۇن شائىرلار كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان. لى يىگمۇ مۇشۇ «كونا» تېمىنى تاللىۋال-غان. لېكىن ئۇ «جەگچىنىڭ كۆزى» ئارقىلىق باشقىلار كۆر-مىگەننى كۆرەلىگەن. يەنى شەيئىلەرنىڭ مەلۇم خۇسۇسىيەتلى-رىنى توغرا ئىگەللەپ، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك تەسەۋۋۇرى بىلەن بۇ خۇسۇسىيەتلەرگە باشقىچە نۇر، سۈرەت بەرگەن. روشەن ئوبراز يارىتىپ كىشىنىڭ تەپەككۇرىنى قوزغايدىغان شېئىردي مۇھىتنى شەكىللەندۈرگەن. شېئىردا شائىر ئوخشىمىغان نۇقتى-لارنى يەنى ۋاقىت، ئورۇن، كۆز بىلەن كۆزىتىش قۇلاق بى-لەن ئىڭشاش قاتارلىق تەسۋىرلەش نۇقتىلىرىنى تاللىۋېلىپ، كۆنىنىڭ چىقىشىدىن ئىبارەت. بۇ تەبىئەت ھادىسىسىنىڭ ئاجا-يىپ كۆركەم، ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشىنى سۈرەتلەپ كۆز ئالدى-مىزغا كەلتۈرىدۇ شۇنىڭ بىلەن بىرگە چېگرا مۇداپىئە جەڭ-چىلىرىمىزنىڭ جاپا-مۇشەققەتلەردىن قورقمايدىغان جەسۇرانە قىياپىتىنى يۈكسەك پەزىلىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 7-§. ماۋزېدۇڭ ۋە پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلاب-چىلىرىنىڭ شېئىرلىرى

ئازادلىقتىن كېيىنكى شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئاساسىي سال-مىقىنى يېڭى شەكىلدىكى شېئىرلار ئىگەللەيدۇ. بىراق قەدى-

مي (كونا) شەكىل بويىچە يېزىلغان شېئىرلارمۇ بار. دېمەك قەدىمىي شېئىر شەكلى بىر خىل بەدىئىي شەكىل سۈپىتىدە داۋاملىق ساقلىنىپ كەلمەكتە. بەزىبىر شائىرلارنىڭ ئىزدىنىشى، يېڭىلىق يارىتىشى ئارقىسىدا هازىرقى تۇرمۇشنى، بۈگۈنكى ئىدىيەۋى هېسسىياتنى ئىپادىلەش جەھەتلەردە قەدىمىي شەكىلدە يېزىلغان شېئىرلارنىڭ ئىچىدىمۇ ياخشى ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بۇ شەكىلدىكى شېئىرلارنىڭ ئىجادىيىتىدىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى. بۇنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئىجادىيىتى تۇرىدۇ.

يولداش ماۋزېدۇڭ ئۆزىنىڭ نەچچە ئون يىللىق ئىنقىلابىي هاياتىدا قەدىمىي شەكىلدىكى نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يازغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆز ۋاقتىدا زور تەسىر قوزغىغان، شۇنىڭدەك هازىرمۇ كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولماقتا. يولداش گومورو بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ «مەنجىياڭخۇڭ. ماۋجۇشىنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغاندا» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ: «چوڭ ئىشلار كۆتەتتى داھىنى ھەردەم، شېئىر يېزىش ئۇنىڭغا قوشۇمچە ئىدى. تەيشەننىڭ سۇمباتى، ھۇركەرنىڭ نۇرى، شۇ شېئىرلار جىسمىگە پۈتۈلگەنىدى» يولداش ماۋزېدۇڭ ئۆزىنىڭ بوش ۋاقىتلىرىدا «قوشۇمچە ئىشلىرى» بولغان شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ چوڭقۇر مەزمۇنغا ۋە يۈكسەك بەدىئىيلىككە ئىگە شېئىرلارنى يازغانىدى. بۇ شېئىرلارنىڭ كىتابخانلارغا بولغان تەربىيەۋىي ئەھمىيىتىنى شۇنداقلا شېئىرىيىتىمىزگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ.

1957 - يىلى «شېئىرلار ژۇرنىلى» نىڭ تۇنجى سانىدا يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ قەدىمىي شەكىلدىكى 18 پارچە شېئىرى ئېلان قىلىندى. بۇلار 20 - يىللاردىن تارتىپ 50 - يىللارغىچە يېزىلغان شېئىرلار ئىدى. 1958 - يىلى يەنە «دىيلىيەنخۇا. لى شۇيىغا جاۋاب» ۋە «چىلۇي. ۋابا ئىلاھىنى ئۇزىتىش» شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى. 1962 - يىلى مايدا ئېلان قىلىنغانلىرى بولسا ماۋزېدۇڭنىڭ قىزىل ئارمىيە ۋاقتىدىكى «ئات ئۈستىدە يۇرۇپ يازغان» ئالتە پارچە كونا شېئىرى ئىدى. 1976 - يىلى يانۋاردا ۋە 1979 - يىلى سىنتەبىردە ئۇنىڭ يەنە بەش پارچە شېئىرى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن گېزىتلەردە ئۇنىڭ 1935 - يىلى يولداش پىڭ دېخۇەيگە تەقدىم قىلغان بىر شېئىرى بېسىلدى.

يۇقىرىقى 43 پارچە شېئىرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ۋە ئەكس ئەتتۇرگەن تۇرمۇش مەزمۇنى يېرىم ئەسىرگە تەئەللۇق بولۇپ، بۇ شېئىرلار يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ياش ۋاقتىدىن تاكى قېرىغىچە بولغان ئارىلىقتا يازغان سان-ساناقسىز شېئىرلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدۇر. ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شېئىرى «خېشىنلاڭ» 1923 - يىلى يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ياڭ كەيخۇيدىن ئايرىلغاندىكى ھېسسىياتلىرى ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى شېئىرلىرىدا يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ياشلىقىدىكى: «سۆزلىشەتتۇق تاغۇ - دەريا① ئۈستىدە،

① تاغۇ - دەريا — بۇ يەردە دۆلەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

يېزىشاتتىۇق شۇنچە ھاياجانلىنىپ» دېگەندەك ئاجايىپ چاغلى-
رى؛ جەڭگاۋەشەندىكى قىزىل ئارمىيىنىڭ قارلىق تاغلاردا قىلى-
غان سەپەرلىرىنىڭ «ئۇستىمىزدە تاغ تۇرۇپتۇ بەك ئىگىز، لە-
پىلدىدى قىزىل بايىراق، قالدى سىۇرلىۇك ھاڭ - ئېغىز» دەپ
تەسۋىرلەنگەندەك جەڭگىۋار مەنزىرىسى؛ ئىنقىلابىي تايانچ
بازىلارنىڭ قورشاپ يوقىتىشقا قارشى ئېلىپ بارغان جەڭلى-
رى «تۇردى تىك بەيىۋن تېغىدا غەزەپ ئۆرلەپ بۇلۇت،
ئاستىدا غەۋغا كۆتەردى چىقىراپ ياۋ بوغۇلۇپ» دەپ يازغان-
دەك بىر - بىردىگە غەزەپ بىلەن ھۆمۈيۈپ تۇرغان ئىككى سەپ-
نىڭ شۇ چاغدىكى سۈرلۈك قىياپىتى؛ ئۇزۇن سەپەردە قىزىل
ئارمىيىمىز ئىپادىلىگەن «قىلچىمۇ توسقۇن بولالماس مىڭلىغان
دەريا - داۋان» دېگەن يۈكسەك ئىنقىلابىي جاسارەت ۋە ئوپتىۇ-
مىستىك روھ؛ «تۈمەن مىڭ قەھرىمان جەڭچى كېسىپ ئۆت-
كەندە چاڭجياڭنى» دېگەندەك تارىخىي پەيتتە ياڭرىغان «كې-
زى كەلگەندە ئۇرياۋنى سۈرۈپ شىددەت بىلەن، تىنما» دې-
گەن جەڭگىۋار چاقىرىق...... ئومۇمەن دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشلى-
رى، مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر جانلىق ۋە ئوبرازلىق ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن. يولداش ماۋزېدۇڭ ئازادلىقتىن كېيىن يازغان
شېئىرلىرىدا تارىخنى ئەسلەپ كونا ۋە يېڭى دەۋرلەرنى سې-
لىشتۇرىدۇ: «تاڭ ئېتىپ ئالەم يورۇپتۇ بىر خوراز چىللاش
بىلەن» دېگەندەك مەنزىرە شائىرنىڭ «دەسلەپكى ئىلھام» نى
قوزغايدۇ. ئۇ ۋېي① ۋۇ خان ئات قامچىسىنى ئوينىتىپ ئۆت-

① ئۈچ دۆلەت دەۋرىدىكى شاۋشاۋ

كەن جىيىشى دېگەن جايدا شەرققە يۈزلىنىپ تۇرۇپ ھاياجان بىلەن: «بۇندا تامام باشقىچە يەرۇ-جاھان» دەپ خىتاب قىلىدۇ. شائىر «ياڭرىغاندا چۈشتىن يولۋاس قولغا دەپ يەر-دىن سادا» دېگەن پەيتتە يىراق-يىراقلارغا نەزەر سېلىپ: «بوغۇلۇپ ۋۇشەن تېغىنىڭ يامغۇرى ئۇززۇل-كېسىل، شۇ ئىگىز تاغ قوينىدا سۇ كۆل بولۇپ تۇتقاي ماكان» دېگەن مەنزى-رىنى كۆزىتىپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلغان قەھرىمانلارنىڭ روھىغا ئاتاپ ۋۇگاڭنى قەدەھ ئېلىش-قا، چاڭجىڭنى ئۇسۇل ئويناشقا بۇيرۇيدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ 50-يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يازغان شېئىرلىرىدا ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش نەتىجىلىرىنى، ئاممىنىڭ غەيرىتىنى مەدھىيىلىگەن بولسا 60-يىللاردا يازغان «چىلۇي، يولداش گومورۇغا مۇشائىرە»، «بۇسۇەنزى. مېخۇا گۈلىگە مەدھىيە»، «چىلۇي، يولداش لورۇڭخۇەنگە تەزىيە»، «شۈيدىياۋ-گېتۇ. جىڭگاڭشەنگە قايتا چىقىش»، «نىيەننۇجياۋ. قۇشلارنىڭ سوئال-جاۋابى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە جاھانگىرلار، شيۇ-جىڭجۇيىچىلار بىلەن بولغان كۈرەشلەرنى تېما قىلغان. بۇ شېئىرلاردا شائىرنىڭ خەلقئارادىكى كۈرەش ۋە جۇڭگو ئىنقى-لابى توغرىسىدىكى ئالاھىدە پىكىرلىرى ئىخچام ئىپادىلەنگەن.

ماۋزېدۇڭ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىلىكى يۇقىرى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى دەپ تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

(1) بۇ شېئىرلار جۇڭگو ئىنقىلابىغا يېتەكچىلىك قىلغان پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسىنىڭ قولىدىن چىققان بولۇپ، ئاپ-

تۇر تۇرمۇشنى ئىنقىلابچىلارغا خاس نەزەر كۆزى بىلەن كۆزەتكەن ۋە شېئىردىي تىل بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇڭا شېئىرلاردىكى تەسۋىرلەر، بايانلار، مۇھاكىمە، لىرىكىلارنىڭ ھەممىسىدە يۈكسەكلىك، چەكسىز كەڭ ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەر ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: بىز «چىنيۈەنچۈن. قار» نىڭ تۆۋەنكى كۇبلىتىنى كۆرۈپ باقايلى:

شۇنچىلىك ئۈز ھەم نازاكەتلىك ئەزىز دەريايۇ تاغ،
ئۆتتى قانچە قەھرىمان باغلاپ ئاڭا زور ئىشتىياق.
ئۆتتى، ئەپسۇس، چىن شىخۇاڭ ھەم خەن ۋۇدى،
مەرىپەت سەل-پەل ئۇلاردا كەم ئىدى.
ئۆتتى تاڭ تەيزۇڭ بىلەن سۇڭ تەيزۇلار،
شېئىرىيەت بابىدا كەم بولدى بىراق.
ئەركىسى ساناپ ئۆزىنى تەڭرىنىڭ،
ئۆتتى چىڭگىزخانمۇ بۇندا بىر زامان.
بىلىمگىنى شۇڭقار ئېتىشتۇر، ئوق ئۈزۈپ، تارتىپ ساداق،
قالدى ئۇلار ھەممىسى ئۆتمۈش بولۇپ.
چىن ھەقىقى باتۇرلارنى ئىزلىسەك،
كەڭ ئېچىپ كۆزنى مۇشۇ دەۋرانغا باق.

بىز يەنە «شۈي دىياۋگېتو. ئۈزۈش» نىڭ كېيىنكى كۇبلىتىنىمۇ كۆرۈپ ئۆتەيلى.

بارىدۇ دەريادا يەلكەن تەۋرىنىپ،
تۇرىدۇ گۈيشەن بىلەن شىشەن تىنچ.

باش كۆتەردى جانلىنىپ يۈكسەك پىلان،
بۇ جەنۇب، شىمال ئارا خەندەك بولۇپ تۇرغان ئېقىن -
ئۈستىگە كۆۋرۈك قونۇپ، يوللار ئېچىلدى كەڭ - راۋان.
قەد كۆتەرمەكتە بۇ دەريا غەربىدە بىر تاش سېپىل
بوغۇلۇپ ۋۇشەن تېغىنىڭ يامغۇرى ئۈزۈل - كېسىل،
شۇ ئېگىز تاغ قوينىدا سۇ كۆل بولۇپ تۇتقاي ماكان.
ئېھتىمال شۇ سۇ پەرىسى ھېلىمۇ باردۇ ئامان،
بەلكى ھەيراندۇ بۈگۈن ئۆزگەرگىنىگە يەر - جاھان.

(2) ماۋجۇشى شېئىرلىرىدا ئىنقىلابچىلارنىڭ يىراقنى كۆرەلەيدىغان خىسلىتى، تەۋرەنمەس ئىرادىسى، يۈكسەك غايە ۋە ئۈمىتىنىڭ روھى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا قەدىمىي كلاسسىك شېئىرلارنى ماۋزېدۇڭ شېئىرلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن: قەدىمكى شېئىرلاردا كۆز داۋاملىق مىسكىنلىك، غېرىبلىققا سىمۋول قىلىناتتى. ئالايلۇق ماجىيۈەن ئۆزىنىڭ جاراڭلىق شېئىرىدا: «زاۋالدا قاغىلار قوندى كۆتەككە، قاخشال بولۇپ پولاشقان قېرى دەرەخكە. كۆۋرۈك بار ئىدى ئېرىق ئۈستىدە، يېنىدا تۇرىدۇ بىر غېرىپ كۈلبە، ياۋايى شالار ھارغان كۈن غەربىي چوققىغا، مۇساپىر مۇڭلىنار كىشىنىڭ يۇرتىدا» دەپ يازغان. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ئوخشاشلا كۈز ھەققىدە يېزىلغان «چىنيۈەنچۈن. چاڭشا» شېئىرىغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا كۈز پەسلى تامامەن باشقىچە مەنزىرە ۋە باشقىچە ھېسسىيات بىلەن تەسۋىرلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز.

باقسام، قىزىل رەڭ ئىلىپتۇ بارچە تاغ،
قاتمۇ-قات ئورمانۇ ئىچكەن رەڭ-بوياق.
سۈپ-سۈزۈك سۇ دەرياغا تولغان لىپمۇ-لىپ،
كىملەر ئۈزمەكتە ئۇندا بەسلىشىپ،
ئۇچىدۇ لاچىن ئىگىز، كۆكنى يىرىپ،
شۇڭغىشىدۇ تىرەنگە سۇدا بېلىق،
بەسلىشەر كۈزدە جىمى جان ئەرك ئۇچۇن كۈرەش قىلىپ.

بۇ شېئىردا كۈز پەسلىنىڭ جۇشقۇن مەنزىرىسى سۈرەتلەنگەن. ھاياتلىقنىڭ ھەرىكەتتىكى، بەسلىشىشتىكى چەكسىز گۈزەللىكى ئىپادىلەنگەن.

ماۋجۇشىنىڭ «سەيساگ-زى. چۇگىياڭ» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق مىسرالار بار.

قېرىشى ئاسان ئادەمنىڭ، قېرىماس ئالەم ئاسان،
كېلىدۇ چۇڭيانگ ئۈزۈلمەي ھەر يىلى.

چۇڭياڭمۇ قەدىمكىلەرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ھەسرەتمۇڭ، مىسكىنلىككە بېغىشلانغان كونا تېمىلاردىن بولسىمۇ، يولداش ماۋزېدۇڭ ئۆز شېئىرىدا تامامەن باشقىچە مەزمۇن ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلىگەن. ماۋجۇشىنىڭ شېئىرىدىكى: «كەلدى بۇ يىل يەنە چۇڭياڭ بايرىمى، زەپ پۇراق چاچقاندا جەڭ مەيدانىدىن جۇيخۇا گۈلى» دېگەن مىسرالاردا يەنىمۇ چوڭقۇر بىر پىكىرنىڭ بارلىقىنى بايقىماق تەس ئەمەس. كلاسسىك شائىر لۇيۇ «بۇسۇەنزى. مېيخۇا گۈلىگە مەدھىيە»

دېگەن شېئىرىدا ئاساسەن «زېرىكىشنى» ئەكس ئەتتۈرگەن. مىيخۇانى «تەنھا ئۆزى غەم بىلەن»، «ھەممە گۈللەر ھەسەتتە» دەپ تەسۋىرلەپ كېلىپ:

«تۆكۈلۈپ بەرگى ئۇنىڭ بولدى خازان،
چەيلىنىپ خۇشھەدىلا قالدى ئاران» دەپ يازغان.

لېكىن يولداش ماۋزېدۇڭ ئوخشاش تېمىدىكى شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

تىك قىيا قاپلانسىمۇ يۈز گەزچە قېلىن مۇز بىلەن،
مېيخۇاگۈل ئېچىلار چېچىپ خۇش پۇراق.
ئۇ پەقەت كۆكلەم ـ باھارنىڭ ئەلچىسى،
شۇنچە ئۆز، باھارنى تالاشماس بىراق.

بۇ مىسرالاردا شائىر ئۆزىنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىغا خاس بولغان كۆڭلى ـ كۆكسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن يېپ ـ يېڭى بىر شېئىردىي مۇھىت ۋە گۈزەل بىر شېئىردىي ئوبراز يارىتىپ بەرگەن.

(3) بۇ شېئىرلار يەنە ھەم يولداش ماۋزېدۇڭ تەشەببۇس قىلغان ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزمنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئۈرنىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يولداش ماۋزېدۇڭ ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزمنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى تەرغىپ قىلغانىدى. شۇنىڭدەك ئۇنى پرولېتارىياتلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مۇھىم ئىجادىيەت ئۇسۇلى دەپ قاراپ كەلگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ شېئىردىي ئىجادىيە-

تىدە بۇنداق تەشەببۇسنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ بۇ جەھەتـ
تە سىناق ئېلىپ باردى. يولداش ماۋزېدۇڭ ئۆز شېئىرلىرىدا
تىپىكلەشتۈرۈلگەن رېئال تۇرمۇش ئارقىلىق ئىنقىلابىي غايىنى
ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە ئىنقىلابىي غايىنىڭ يېتەكچىلىكىدە رېئالـ
لىقنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەسۋىرلەۋاتقان كۆـ
رەشنىڭ مۇشەققەتلىك، جاپالىق ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تـۈردە
ئىپادىلەپ قەھرىمانلىق ھەم ئۈمىتسىزلىك روھىنى گـەۋدىلەنـ
دۈرىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپ ئورگانىك ھالدا بىرلـەشتۈرۈلگەن
بولۇپ، يەنە بىر ياقتىن توقۇلما قىلىش ۋە غايىۋىلەشتۈرۈش
ئارقىلىق يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق تۇرمۇش مەزمۇـ
نىنى، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاخىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر تەـ
رەپ يـولداش ماۋزېدۇڭنىڭ شېئىرلىرى قـەدىمكىنى بـۈگـۈن
ئۈچۈن ئىشلىتىش، تەنقىدى ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىـ
تىش جەھەتلەردە بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. بىز يـولـ
داش ماۋزېدۇڭ ئىلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى قەدىمىي شېئىر شەكـ
لىگە ۋارىسلىق قىلىپ يېڭىلىق ياراتتى. ئـۇلار ئارقىلىق بۇـ
گۈنكى رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئـۈلگە تىكلەپ بەردى،
دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ شېئىرلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، تىلى،
پىكرى، ئۇسلۇبى قاتارلىق تەرەپلەردىكى نـەتىجىلىرىمۇ ناھاـ
يىتى يۇقىرى. بىز بۇ يەردە بۇلار ئۈستىدە ئايرىم توختىلىپ
ئولتۇرمايمىز.

يولداش ماۋزېدۇڭدىن باشقا يەنە يـولداش چېن يـى،

جۇدې، دۇڭبىيۇۋ، يې جىيەنىڭ، لورۇڭخۇەن، تاۋجۇ قاتارلىق پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىمۇ قەدىمىي شەكىلدە كۆپ شېئىرلارنى يازغان. بولۇپمۇ جۇدې، چېن يىلارنىڭ شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىلىكى خېلى يۇقىرى. 1973 - يىلى «چېن يى شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار» نەشر قىلىندى. بۇ توپلامنى تۈزگۈچى جاڭ شى: «... ئۇنىڭ يۈتۈپ كەتكەن شېئىرلىرى خېلى بار. ساقلىنىپ قالغانلىرى 350 پارچىغا يېتىدۇ....» دەيدۇ. بۇ شېئىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا يېزىلغان. ئازادلىقتىن كېيىن يېزىلغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. دۇڭ بىۋۇنىڭ «دۇڭ بىۋۇ شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار»، جۇدېنىڭ «جۇدې شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار»توپلاملىرىمۇ بار. پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ شېئىرلىرى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ 60 نەچچە يىللىق جەڭگىۋار مۇساپىسىنى يىغىنچاقلاپ بەرگەن بولۇپ، يۇقىرى ئەدەبىي قىممەتكە ۋە تارىخىي قىممەتكە ئىگە.

## مۇھاكىمە ۋە تەكرارلاش سوئاللىرى

1. يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسلىق نەتىجىلىرى قايسى تەرەپلەردە كۆرۈلىدۇ.

2. تيەنئەنمېن شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋىي ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرىنى سۆزلەڭلار.

3. «نۇر قەسىدىسى» ۋە «نېگىر قىزى ئېيتماقتا ناخشا» قاتارلىق شېئىرلارنى مىسال قىلىپ تۇرۇپ، ئەي چىڭنىڭ شېئىرىي ئوبراز ۋە شېئىرىي مۇھىت يارىتىشتىكى ئۆزگىچىلىكىنى شەرھلەپ بېرىڭلار.

4. گوشياۋچۇەننىڭ ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى مۇشۇ دەۋردىكى شائىرلارنى قانداق تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىدى.

5. گوشياۋچۇەن شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە باغلاپ سۆزلەڭلار.

6. «لېي فېڭ ناخشىسى»، «گۈيلىننىڭ تاغ ۋە دەرياسى» قاتارلىق شېئىرلار ئارقىلىق خې جىڭجىنىڭ ئىجادىيەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەڭلار.

7. «لېي فېڭ ناخشىسى» شېئىرىدا لېي فېڭ ئوبرازى قانداق يارىتىلغان؟

8. ۋېن جيې شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە توختۇلۇڭلار.

9. «قىساس يالقۇنى» نىڭ ئېپوس بولالىشىدىكى سەۋەبلەر قايسىلار؟ بۇ شېئىرىي رومان مۇشۇ دەۋردىكى نەسرىي شېئىر ئىجادىيىتىنى قانداق تەجرىبىلەر بىلەن بېيىتتى.

10. لى يىڭنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى مۇھاكىمە قىلىڭلار.

11. ماۋزېدۇڭ شېئىرلىرىنى ئوخشاش تېمىدىكى باشقا شېئىرلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنى شەرھىلەپ بېقىڭلار.

## 3 - باب پروزا

### 1 - §. يېڭى دەۋردىكى پروزا ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم ژانىرى بولغان پروزا يوقتىن بارلىققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ ئۆزگىرىپ بارغانسېرى تاكامۇللىشىپ باردى. مەملىكىتىمىزنىڭ تاڭ، سۇڭ دەۋرىدىكى تەزكىرە، مەدداھلار ئەدەبىياتى، جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ھېكايىلىرىدىن مىڭ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «سۇ بويىدا»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىرىغىچە ۋە يېقىنقى زاماندىكى «ئاQ نىڭ ھەقىقىي تەرجىمە ھالى»، «تۈن يانىغاندا»، «قىزىل بايراق شەجەرىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرگىچە بولغان ئۇزۇن جەرياندىن پروزىنىڭ مۇكەممەللىشىشكە قاراپ راۋاجلانغانلىقىنى، ئىجتىمائىي تەسىر كۈچى ئېشىپ، بەدىئىي قىممىتى ئۆرلەپ كېڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش تەس ئەمەس. ئۇنىڭ ئورنىنىڭ بارغانسېرى مۇھىم بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى ۋە سالمىقىنىڭ ئېغىرلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىكى سەۋەب ئۇنىڭ خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمان، قايغۇ - ھەسرەت، ھېس - تۇيغۇلىرىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بەدىئىي زوقىغا ماسلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدۇر. «4 - ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىنكى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب باسقۇچىدا پروزىنىڭ دەۋر

بىلەن، خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۈچەيدى. لۇشۇن-نىڭ ھېكايە - پوۋېستلىرى، ماۋدۇننىڭ رومان ۋە ھېكايە - پو-ۋېستلىرى، باجىننىڭ رومانلىرى شۇنىڭدەك دېموكراتىك ئىدى-يىگە ئىگە باشقا يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەتلىرى پروزىنى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈردى.

ئازادلىقتىن كېيىن پروزا ئىجادىيىتى تېخىمۇ تېز را-ۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىسى ۋە سەۋىيىسى ئىلگىرىكىدىن ئېشىپ كەتتى.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرى ھەر- بىر باسقۇچتىكى پروزا ئىجادىيىتىنى ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىك-لەرگە ئىگە قىلدى. بىز ئاشۇ ئالاھىدىلىكلەرنى گەۋدىلەندۈ-رۈش ئۈچۈن ئۈچ باسقۇچ بويىچە سۆزلەيمىز.

1. 17 يىلدىكى پروزا ئىجادىيىتى:

بىزنىڭ پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىمىز قانلىق جەڭلەر، قۇراللىق كۈرەشلەر ئارقىلىق بەرپا بولغاچقا ۋە ئۇ بەرپا بو-لۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى قوزغالغاچقا ئىنقىلابىي ئۇرۇشنى، يەنى قۇراللىق كۈرەشلەرنى ۋە ئامېرىكا جاھانگىر-لىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەر ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى پروزا ئىجادىيىتىنىڭ زور سالمىقىنى ئىگىلىدى. مەسىلەن: ليۇبەييۈينىڭ «نۇر ئالدىمىزدا» ناملىق پوۋېستى ئازادلىق ئار-مىيىمىزنىڭ چاڭجياڭدىن ئۆتۈپ گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن

ئېلىپ بارغان ھەل قىلغۇچ جەڭلىرىنى تەسۋىرلىگەن بولسا، دۇپىڭچېڭنىڭ «يەنئەن مۇداپىئەسى» رومانى ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە ئارمىيەمىزنىڭ دۈشمەن كۈچلۈك بىر ئاجىز شارائىتتا ئېلىپ بارغان مۇشەققەتلىك كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى. بۇ ئەسەرلەردىن بىز ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مۇداپىئەدىن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ دۈشمەننى يوقىتىش باسقۇچىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ ئالالايمىز. «يېڭى باتۇرلار» (كۇڭ چۈە، يۈەنجىڭ) رومانى ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى قەھرىمان جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ جەسۇر ئوبرازىنى يارىتىپ بەرگەن بولسا، «پارتىيە ئەزالىق بەدىلى» (ۋاڭ يۈەنجيەن) ھېكايىسى كۆز ئالدىمىزغا 2 - قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىنى نامايەن قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ئەسەردىكى ئاددىي بىر ئايال كوممۇنىستنىڭ پارتىيىگە بولغان سەمىمىي - ساداقىتى بىزنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ.

«ئۈچ مىڭ بوللۇق تاغ - دەريالار» (ياڭ سۇ)، «شاڭگەنلىك» (لۇگوجۇ) قاتارلىق ئەسەرلەر بىزنىڭ ئىنتېرناتسىئونالىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھقا ئىگە باتۇر خەلقىمىز، پىدائىي قىسىملىرىمىزنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش كۈرىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ باشقا تەرەپلىرى يەنى يەر ئىسلاھاتى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش، ئائىلە - تۇرمۇشى قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەرمۇ مۇشۇ باسقۇچتىكى پروزا ئىجادىيىتىنىڭ تەركىبىدە خېلى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. «بوران - چاپقۇن»

(جۇلىبو)، «سۈڭگەن دەرياسى ئۈستىدە نۇر» رومانلىرى يەر ئىسلاھاتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە رومانلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئائىلە تۇرمۇشىغا بېغىشلانغان ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە «تىزىمغا ئالدۇرۇش» (جاۋشۇلى)، «توي» (مافىڭ) قاتارلىق ئەسەرلەر نىكاھ ئىشلىرى، ئائىلە ئىچىدىكى توقۇنۇشلار ئارقىلىق فېئوداللىق ئىدىيىنى، كونا ئادەت كۈچلىرىنى ئاچچىق مەسخىرە قىلىدۇ. يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان يېڭى شەيئىلەرنى، ئۆسۈۋاتقان يېڭى كىشىلەرنى قىزغىن مەدھىيىلەيدۇ.

يەر ئىسلاھاتى ئاخىرلىشىش بىلەنلا يازغۇچى لى جۈن «بۇ يول بىلەن مېڭىپ بولمايدۇ» ھېكايىسىنى ئېلان قىلىپ، يېزىلاردىكى ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ھادىسىسىنى توغرى ئىنكاس قىلدى.

«سەنلىۋەن كەنتىدە» (جاۋشۇلى) رومانى يېزىلاردىكى كوپېراتسىيەلىشىش مەزگىلىدىكى مۇرەككەپ كۆرەشنى، يېزىلاردىكى ھەر قاتلام كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى قىياپىتىنى جانلىق سۈرەتلەپ، جاھىل كۈچلەرنى پىپەن قىلىپ، ئۆسۈۋاتقان يېڭى كىشىلەرنى مەدھىيىلىگەن، ئۇلارغا ئىلھام بەرگەن. بىر-بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان بىر قانچە ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق فېئودالىزم ئىدىيىسىنىڭ «دېھقانلارغا كۆرسىتىۋاتقان تەسىرىنى ئېچىپ بەرگەن.

بۇ مەزگىلدە يەنە «تۆمۈر ئېقىن» (جۇلىبو)، «يالۇجىياڭغا باھار كەلدى» (لى جيا)، «پاراۋۇز» (ساۋمىڭ) دې-

گەندەك سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى، ئىشچىلار تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەرمۇ يېزىلدى. بۇ خىلدىكى ئەسەر-لەردە ئىدىيىۋى مەزمۇن دىگەندەك چوڭقۇرلىشالمايدىغان، پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى جانسىزراق بولۇپ قالىدىغان يېتەر-سىزلىكلەر ئومۇميۈزلۈك ساقلانغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ پروزىنىڭ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىش جەھەت-تىكى رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە توغرى كېلىدۇ.

ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە پروزا ئىجادىيىتى جۇشقۇن ئىلگىرىلىدى. بۇ ئاساسىي تەرەپ. لېكىن يەنە نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەردە قېلىپ-بازلىق، ئىسخىماتىزم خاھىشلىرى مەۋجۇت بولۇش بىلەن بىرگە ئەدەبىي تەنقىدمۇ قوپاللىقتىن، ئاددىيلاشتۇرۇش خاھىشىدىن خالى بولالمىدى. بۇ ئەھۋاللار ئەدەبىي ئىجادىيەتكە يامان تەسىر كۆرسەتتى. گەرچە يازغۇچى ۋە تەنقىدچىلەر بۇنداق ناچار خاھىشلارنى چەكلىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ خاھىشلار ئوخشىمىغان شارائىتلاردا ئوخشىمىغان شەكىل ئارقىلىق ئىپا-دىلىنىپ تۇردۇەردى.

1956 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسەن ئاخىرلاشتى. بوران - چاپقۇنلۇق سىنىپىي كۆرەش دولقۇنى ئاساسەن ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدىكى ۋەزىپە خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغ-رىي تەرەپ قىلىپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى جارى قىلدۇ-رۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى قانات يايدۇرۇش بولۇپ قالدى. مانا مۇشۇنداق يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيىمىزنىڭ «بار-

چە گۇللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاكچىنىنى ئۇتتۇرىغا قويۇشى، پۈتۈن ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەرنى كۈچلۈك رىغبەتلەندۈردى. بىرتۈركۈم مول تۇر-مۇش تەجرىبىلىرىگە ئىگە پېشقەدەم يازغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئاساسىغا يۆلىنىپ رومان ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن بول-سا، يەنە بىر تۈركۈم يازغۇچىلار ھېكايە شەكلىدىن پايدىلى-نىپ، يېڭى مەسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا، ھەر خىل زىد-دىيەتلەرنى ئېچىپ بېرىشكە تىرىشتى. ۋاڭ مېڭنىڭ «تەشكىلات بۆلۈمىگە كەلگەن ياش» ھېكايىسى مۇشۇ مەزمۇندىكى ۋەكىللىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «قايتا سايلام» (لى گوۋېن)، «بۆلۈم باشلىقى» (دىڭ نەن)، «كۆلرەڭ يەلكەن» (لى جۈن) «بايراق خادىسىغا ياماشقان كىشى» (گېڭ جيەن) ھېكايىلىرىمۇ مۇشۇ مەزگىلدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇلار تۆرىچى-لىكنى، دوگمىچىلىقنى، ئىدىيىۋى قاتماللىقنى ۋە باشقا ھەر خىل ناچار ئىدىيىلەرنى پېچەن قىلىپ ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئىش-لىرىمىزغا كەلتۈرۈۋاتقان ياكى كەلتۈرىدىغان زىيانلىرىنى كۆر-سىتىپ بەردى.

بۇ چاغدا يېزىلغان مۇھەببەت تېمىسىدىكى «ھاڭنىڭ لىۋىدە» (دىڭ يۈبې)، «قىزىل پۇرچاق» (زوڭپۇ)، «تار كۆ-چىنىڭ ئىچكىرى تەرىپىدە» (لۇۋېنفۇ)، «گۈزەل» (فىڭ سۈن) قاتارلىق ھېكايىلار ئەخلاقىي مەسىلەرنى مۇھەببەت نۇقتى-سىدا تۇرۇپ يورۇتۇپ بېرىپ، پروزىنىڭ تېما دائىرىسىنى كې-ڭەيتتى. دەرۋەقە يۇقىرىقى ھېكايىلار كەمچىلىكلەردىن خالىي ئەمەس ئىدى. بۇ ھەقىقەت. بىراق ئەينى چاغدىكى ئوكچې-

لارغا قارشى هەرىكىتىنىڭ كېڭەيتىلىشى سەۋەبىدىن بۇ ئەسەر-
لەرنىڭ كۆپىنچىسى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىندى. نەتىجىدە بىر
تۈركۈم ئىزدىنىش روھىغا ئىگە دادىل ياش يازغۇچىلار زەربە
يېدى. «سول» چىل خاھىشنىڭ خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ كەت-
تى. مانا بۇ بىر تارىخىي ساۋاقتۇر.

50- يىللارنىڭ ئاخىرى، 60- يىللارنىڭ دەسلىپىدە
پروزا ئىجادىيىتىدە گۈللىنىش مەنزىرىسى شەكىللەندى. بۇ
چاغدا بىر تۈركۈم يازغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى، بەدىئىي جەھەت-
تىن خېلى پىشىپ ئىجادىيەتتە مېۋە بېرىدىغان مەزگىلى كې-
لىپ قالغانىدى. شۇڭا «ئىگىلىك تىكلەش ھەققىدە قىسسە»
(لىيۇ چىڭ)، «قىزىل بايراق شەجەرىسى» (لياڭ بىڭ)، «ياش-
لىق ناخشىسى» (ياڭ مۇ)، «قىزىل قۇياش» (ۋۇچياڭ)، «چەك-
سىز ئورمان، قارلىق دالا» (چۈيۇ)، «قىزىل قىيا» (لوگۇاڭ-
بىڭ، ياڭ يىيەن) رومانلىرى ئارقا-ئارقىدىن دۇنياغا كېلىپ
ئازادلىقتىن بۇيانقى پروزا ئىجادىيىتىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە
كۆتەردى. «قىزىل بايراق شەجەرىسى»، «قىزىل قىيا»، «ياش-
لىق ناخشىسى»، «يەنئەن مۇداپىئەسى» رومانلىرى ئۈستىدە
بىز ئايرىم توختىلىدىغان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە بۇلارنى
تونۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايمىز.

«ئىگىلىك تىكلەش ھەققىدە قىسسە» (لىيۇ چىڭ) پاقى-
لىق كەنتىدىكى ھەرخىل كىشىلەرنىڭ كوپىراتسىيىلىشىش ھەرى-
كىتى داۋامىدىكى ئىدىيىۋى ۋە پسىخىك پائالىيەتلىرى، سۆز-
ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق جۇڭگو يېزىلىرىدا سوتسىيالىستىك ئىنق-
ىلابنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنى كۆرسەتكەن ۋە بۇ

ئىنقىلابىنىڭ جەريانىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن نادىر ئەسەردۇر. ئاپتور يېزىلارنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى مۇقەررەرلىكنى ۋە بۇ ئۆز-
گىرىش جەريانىدىكى زىددىيەتلەرنى ئۆزىنىڭ چوڭقۇر تەسە-
راتى ۋە ئىنچىكە كۆزىتىشلىرى ئاساسىدا يورۇتۇپ بەرگەن بولغاچقا ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى، ئۇلار-
نىڭ خاراكتېرلىرى تارىخىي چىنلىققا ھەم تۇرمۇش چىنلى-
قىغا ئىگە بولالىغان، شۇڭا بۇ پېرسوناژلار ئۇزۇنغىچە كى-
شىنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلمەيدۇ. روماندىكى لياڭ سەن بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى لياڭ شىڭباۋ ئوبرازىنى يېڭى دەۋر ئە-
دەبىياتىدىكى بەددىئىي تىپ دېيىشكە بولىدۇ.

«چەكسىز ئورمان، قارلىق دالا» (چۈپۈ)، «قىزىل قۇ-
ياش» (ۋۇچياڭ) ئازادلىق ئۇرۇشىنى تېما قىلغان رومانلاردىن بولۇپ، ئالدىنقىسى ئەقىل-پاراسەتنىڭ، باتۇرلۇق ۋە پىدا-
كارلىقنىڭ غەلىبىسىنى مەدھىيىلەپ، ئۆزى ئەكس ئەتتۈرگەن ئالاھىدە كۈرەشنىڭ جىددىيلىكى، كەسكىنلىكى، ئەگرى-توقاي-
لىقى بىلەن كىشىنى قىزىقتۇرسا، كېيىنكىسى دۈشمەن ۋە ئۆز-
دىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ھەربىي قوماندانلىرىنى تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىپ، ئۆزى ئەكس ئەتتۈرگەن ئۇرۇش كۈرۈنۈشلىرىنىڭ ئاجايىپ ھەيۋەتلىكلىكى ۋە دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ.

بۇ مەزگىلدە رومان ئىجادىيىتىدە مول-ھوسۇل مەنزىرىسى شەكىللىنىپلا قالماي ھېكايە ئىجادىيىتىنىڭمۇ نەتىجىسى كۆرۈنەر-
لىك بولدى. «لى شۇاڭ شۇاڭنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى» (لى جۈن) جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. «مېنىڭ تۇن-

جى باشلىقىم» (مافىڭ)، «يەنئەنلىك ئادەم» (دۇپىڭچىك) قاتارلىق ھېكايىلەر دەۋر ئالاھىدىلىكىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. رۇجى جۇەن ئۆزىنىڭ «پىياز گۈلى» ھېكايىسى بىلەن ئىجادىيەت سەھنىسىگە چىققان بولسا، «تېپ - تىنچ تۇغۇتخانا» قاتارلىق ھېكايىلىرىدا شەكىللىنىۋاتقان ئۇسلۇبى ئارقىلىق دىققەتكە سازاۋەر بولدى. پېشقەدەم يازغۇچىلاردىن جاۋشۇلىنىڭ «پەلەي توختىماس قول»، جولبۇنىڭ «تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كىشىلەر» ئوۋ ياڭشەنىنىڭ «سەھرادىكى غەلىتە كىشى»، لىۇ شۇدېنىڭ «تارمۇش» ھېكايىلىرى پىروزا ئىجادىيىتىنىڭ تېما دائىرىسىنى كېڭەيتتى.

شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، 1958 - يىلىدىن باشلاپ چىققان «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» نىڭ شامىلى پىروزا ئىجادىيىتىگىمۇ تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. خېلى ساندىكى ئەسەرلەر (يۇقىرىدا تىلغا ئالغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردىن باشقا) بۇ خىل تەسىردىن خالى بولالمىدى.

1962 - يىلى جاۋشۇلى قاتارلىق يازغۇچىلار «رېئالىزمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش» تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مانا بۇمۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە ئۆلچىمەي كەتكەن «سول» چىللىقنى توسۇش ئۈچۈندى. لېكىن بۇ تەشەببۇس ئۇزۇن ئۆتمەيلا پىپەن قىلىندى. 1962 - يىلىدىن كېيىن سىنىپىي كۆرەش نەزەرىيىسى مۇتلەقلەشتۈرۈلدى، كېڭەيتىلدى. بۇنىڭ كېيىنكى ئەسەرلەرگە بولغان تەسىرى كۈچلۈك بولدى. «قۇياش ئىللىتقان باھار» (خاۋرەن) رومانىدىن ئاپتورنىڭ يېزا تۇرمۇشىنى تەسۋىرلەشتىكى ۋە ھەرخىل ئوبرازلارنى يارىتىش-

تىكى ماھارىتى ئىنىق كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن بۇ رومان-نىڭ يۇقىرىقىدەك ئىدىيىۋى ئاساستا يېزىلغانلىقى ئاشكارا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئاپتورنىڭ «سىنىپىي كۈرەش — تۇتقا» دېگەن ئىدىيىنى يورۇتۇشقا تىرىشقانلىقى ئاشكارىلىنىپ تۇرىدۇ. ئاپتور ئەسەردە يۇقىرىقىدەك ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سىنىپىي كۈرەش مەنزىرىسىنى يورۇتۇپ بەرگەن. بۇ خىل زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنى شەكىللەندۈرگەن تۈرتۈش ئاساسى يېتەرسىز ۋە شۆبھىلىك بولۇپ كىشىنى ئىشەندۈرەلمەيدۇ. ئۇ-نىڭدىن باشقا «ئۇۋىياڭخەي ناخشىسى»، «گۈلدۈرماما» روماند-لىرىدىمۇ «سىياسىي گەۋدىلەندۈرۈش» تەك «سول» چەل خاھىش ئېنىق گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

خۇلاسە: 17 يىلنىڭ ئالدىنقى سەككىز يىلىدا پارتى-يىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت لۇشيەنى توغرا بولدى. پروزا ئىجادىيىتى تېز تەرەققى قىلىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. كېيىنكى توققۇز يىلدا ئەھۋال مۇرەككەپ بولدى. ئوڭچىللارغا قارشى ھەرىكەتنىڭ كېڭەيتىۋېتىلىشى، ئەدەبىيات - سەنئەتتە سولچى ھەمرا قويۇپ بېرىش شامىلى، 1962 - يى-لىدىن كېيىنكى «شىۋجېڭجۇيىلىق ئەدەبىيات - سەنئەتنى پىپەن قىلىش»، «رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش» كە قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى بوغدى. 60 - يىللاردىكى گۈللىنىش مەنزىرىسى ئۈزۈنغا داۋاملاشالمى-دى. «سول» چىللىق خاھىش كۈچىيىپ، ئاخىرى جىياڭ چىڭ، كاڭ شىڭ دېگەن نەرسىلەرنىڭ قول تىققىشى بىلەن ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

يىغىنچاقلىغاندا، 17 يىللىق پروزا ئىجادىيىتى تەۋەن-دىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

‹ 1 › روماندارنىڭ ئىچىدە تارىخىي تېمىدىكىلىرى رېئال تۇرمۇشقا بېغىشلانغانلىرىغا قارىغاندا كۆچلۈكرەك تەسىر قوزغىدى. ھېكايىلاردىن قارىغاندا رېئال تۇرمۇشنى يازغانلىرى تارىخىي تېمىدىكىلەرگە قارىغاندا كۆپ ۋە سۈپەتلىك بولدى.

‹ 2 › پروزىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، رېئال تۇرمۇش تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە يېزا تۇرمۇشىنى يازغانلىرى، ئىشچىلار ۋە ئەسكەرلەر تۇرمۇشىنى يازغانلىرىغا قارىغاندا نەتىجىلىك بولدى.

‹ 3 › رېئال تۇرمۇش تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە زىيالىيلارنى ئاساسلىق ئىجابىي قەھرىمان قىلىپ تەسۋىرلىگەنلىرى ئاز، ھەتتا يوق دېيەرلىك بولدى.

‹ 4 › پروزىنىڭ ئىچىدە رومان ۋە ھېكايىلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. پوۋېست ئىجادىيىتى ئاجىز ھالقا بولۇپ قالدى.

## 2. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى پروزا

مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن تارىخىي تراگېدىيىدە لىن بياۋ، جياڭ چىڭ گورۇھى ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە ئومۇمىيۈزلۈك فاشىستىك دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈپ يازغۇچىلار قوشۇنىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان

سالدى. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ 17 يىللىق نەتىجىلىرىنى پۈ-
تۈنلەي ئىنكار قىلىشۋەتتى. ئۇلار مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى دەپ-
سەندە قىلىش بىلەن بىرگە «تېما ئالدىن يورۇش»، «ئۈچنى
گەۋدىلەندۈرۈش» دېگەن نېمىلەرنى ھەدەپ بازارغا سېلىپ
سىياسىي جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرغان،
بەدىئىي جەھەتتە تايىنى يوق ئەسەرلەرنى «ئۈلگە» قىلىپ
تىكلىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا كۆپچىلىك يازغۇچىلار
ئۇلارنىڭ دېيىشىغا ئۇيسۇل ئوينىمىغان بولسىمۇ، لېكىن قىسمەن
يازغۇچىلار تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدى. «تۆت كىشىلىك گۇ-
رۇھ» ياساپ چىقارغان «سۇيىقەست ئەدەبىياتى»، بىزنىڭ يې-
ڭى دەۋر ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى يىرگىنىشلىك بىر سەھى-
پىدۇر. بىراق ئەدەبىيات - سەنئەت شۇنىڭلىق بىلەن پۈتۈنلەي
تۇنجۇقۇپ يوقاپ كەتمىدى. بۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. «ئىككىنچى قېتىملىق كۆرۈشۈش» (جاڭ ياڭ) رومانىنىڭ
مۇشۇ كۆلپەتلىك يىللاردا يېزىلىپ قول يازما شەكلى بىلەن
خەلق ئارىسىغا تارقىلىشىدىن، موپىڭنىڭ بېشىغا بالا - قازا
كېلىشىدىن قورقماي «گېنېرال كۆيى» نى يېزىشىنى داۋاملاش-
تۇرغانلىقىدىن، «باھادىر شاھ لى زىچىڭ» (ياۋ شۆيىڭ) رو-
مانىنىڭ ئىككىنچى قىسمىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدە يېزىلغانلىقىدىن
(«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بۇ رومانىنى نەشىر قىلدۇرمىغان)
ھەرقانداق بىر قارا قولنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيان گويا
بىر دەريا كەبى ئېقىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەدەبىيات -
سەنئەت ئەنئەنىلىرىنى يوقىتىپ تاشلىيالمايدىغانلىقىنى كۆ-
رۈشكە بولىدۇ.

### 3. ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىدىكى پروزا ئىجادىيىتى

1976 - يىلى ئۆكتەبىردە «تۆت كىشىلىك گورۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن ئېلىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىياتىمىزمۇ قايتىدىن تىرىلدى، يورۇقلۇققا چىقتى.

لېكىن ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدە «تۆت كىشىلىك گورۇھ» نىڭ فاشىستىك دىكتاتورىسى بىت - چىت قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەنىۋىي كىشەنلەر تەلتۆكۈس پاچاقلىنىشتىن تېخى يىراقتى. «تۇتقىنى تۇتۇپ دۆلەتنى تۈزەش» شوئارى ۋە «ئىككى ئومۇمەن» فاڭجېنىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغاچقا، بۇ مەزگىلدىكى پروزىك ئەسەرلەر گەرچە «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار بىلەن بولغان كۈرەشنى يېزىش» دەيدىغان سەپسەتىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، ئەمما بەزى ئەسەرلەر «تۆت كىشىلىك گورۇھ» تارقاتقان زەھەرلەرنىڭ تەسىرىدىن تەلتۆكۈس خالىي بولالمىدى. نۇرغۇنلىغان پېشقەدەم يازغۇچىلار تېخىچە ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئورنىغا كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، يازغۇچىلاردا تېخىچە خىلمۇ خىل ئەندىشىلەر ساقلانغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە پروزا ئىجادىيىتى ئويغانغان، ئورنىدىن تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ھەقىقىي گۈللىنىش مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرەلمىدى. ئەدەبىياتنىڭ ھەقىقىي باھارى پەقەت پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىيغىنىدىن كېيىنلا يېتىپ كەلدى. ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن تارىخ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئوڭچىلارغا قارشى ھەرىكەتتە ئۇۋال قىلىنغان

ۋاڭ مىڭ، ليۇ شاۋتاڭ، گاۋ شياۋشىڭ، دىڭ يۈەبي، لى گوۋىن، جاڭ شيەنلياڭ قاتارلىق يازغۇچىلار قولىغا قەلەم ئېلىپ ئۆز-لىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى بىلەن يېڭىۋاشتىن ئەدەبىيات سەھ-نىسىگە چىقىشتى. مافىڭ، رۇجى جۈەن، شۇخۈەيجۇڭ، لۇ ۋىنفۇ، بىڭشيىن، فاڭجى، جۇلىبو قاتارلىق پېشقەدەم يازغۇچىلار يېڭى ئىلھام بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشىپ كەتتى. جياڭ زىلۇڭ، ليۇ-شىنۋۇ، لۇ شىنخۇا، جاڭ جيې، فىن جىسەي، چىڭ جيەنگۇڭ، دىڭ گاڭ، ۋاڭ رۇسى، خې شىگۇاڭ قاتارلىق ياش يازغۇ-چىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئۆتكۈرلۈكىنى بەدىئىي تالانتىنى نامايان قىلىپ كەينى-كەينىدىن يازغۇچىلار قوشۇنىغا قو-شۇلدى.

ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بول-غان يازغۇچىلارنىڭ تېزلىك بىلەن قوشۇن كېڭەيتىپ دىققىتى-نى ئىجادىيەتكە قارىتىشى تەبىئىي هالدا مەنىۋىي ئىشلەپچى-قىرىش بولۇپ هېسابلىنىدىغان ئەدەبىي ئىجادىيەتنى جانلان-دۇرۇۋەتتى، گۈللەندۈرۈۋەتتى. بۇنىڭ ئىپادىسى تۆۋەندىكىدەك:

هېكايە ئىجادىيىتى جەھەتتە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئى-يىتى 1979 - يىلىنىڭ بېشىدىن بۇگۈنگىچە جەمئىي ئالتە نۆۋەت مۇنەۋۋەر هېكايىلەرنى باهالاپ مۇكاپاتلىدى. مۇكاپاتلانغان هېكايىلەر 140 پارچە بولۇپ ئۇلارنىڭ ئىچىدە «سىنىپ تەربىيىچىسى» (ليۇ شىنۋۇ)، «مۇقەددەس ۋەزىپە» (ۋاڭ ياپىڭ)، «شياڭجاڭدىكى بىر كېچە» (جولىبو)، «بىزنىڭ گېنېرال» (دىڭ يۈەبي)، «چياۋ جاڭجاڭنىڭ خىزمەتكە تەيىن-لىنىشى» (جياڭ زىلۇڭ)، «يېزا بازىرىدىكى گېنېرال» (چىڭ-

شىشۇ)، «خاتا قۇراشتۇرۇلغان ھېكايە» (رۇجى جۈەن)، «ئىش-
پېيون» (فاڭ جى)، «لى شۇندانىڭ ئۆي سېلىشى» (گاۋ شياۋ-
شېڭ) قاتارلىق ئەسەرلەر بار. بۇلار 1979 - يىلىدىن 1980 -
يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان. 1980 - يىلىدىن كېيىن
ھېكايە ئىجادىيىتى تېخىمۇ جانلاندى. كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا
سازاۋەر بولىدىغان ھېكايىلەر ئۈزلۈكسىز يېزىلىشقا باشلىدى.
بۇ مول - ھوسۇل مەۋسۇمىدە «غەربىي فرونتتىكى ئۇنتۇلغان
ئىشلار» (شۇ خۇەيجۇڭ)، «يېزا بازىرىدا» (خې شىگۇاڭ)،
«باھار تىۋىشى» (ۋاڭ مىڭ)، «ئايال خوجايىن»(ۋاڭ رۇنسى)،
«ھېيتلاش» (جياڭ زىلۇڭ)، «بۇ ئاجايىپ بىر زېمىندى»
(لياڭ شياۋشېڭ)، «قاشاتام» (لۇۋىنفۇ)، «مېنىڭ يىراقتىكى
چىڭپىڭگۇەنىم» (شى تيېشېڭ) قاتارلىق ھېكايىلەر ئىجاد قىلىن-
دى. بۇ ئەسەرلەر ئەدەبىياتنىڭ قايتا تىرىلىش، ئۇيغىنىش
جەريانىنى نامايان قىلدى.

بۇ باسقۇچتىكى ھېكايىلەرنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدى-
لىكلىرى بار.

(1) تېما دائىرىسى كېڭەيدى. نۇرغۇن ھېكايىلەر چەك-
لەنگەن رايونلارغا بۆسۈپ كىرىپ كەتتى. ھېكايىلەر تۇرمۇش-
نىڭ ھەممە تەرەپلىرى، جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرى بىلەن
باغلاندى. بولۇپمۇ زىيالىيلارنى، تۆھپىكار كاپىتالىستلارنى،
ئادەتتىكى ھۈنەرۋەن ياكى سودىگەرلەرنى، يولدىن ئازغان
ياشلارنى ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى قىلىپ تەسۋىرلىدى
ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلدى ياكى ئۇلارنى مەدھىيىلىدى.
بۇنداق ئەھۋال ئازادلىقتىن بۇيانقى ھېكايىچىلىقتا زادى

كۆرۈلۈپ باقمىغانىدى.

(2) ئىنقىلابىي رېئالىستىك ئەنئەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. يازغۇچىلار تۇرمۇشقا جىددىي قاراپ تۇرمۇش ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ خەلقنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەسىلەن: بۇ باسقۇچنىڭ دەسلىپىدە يېزىلغان «جارائەت ئەدەبىياتى» دېگەن ئورتاق نام بىلەن خاراكتېرلەشكە بولىدىغان ھېكايىلەر خەلقنىڭ ئەرزى دادىنى «تۆت كىشىلىك گوروھ» ۋە ئۇلارنىڭ گۇماشتىلىرىغا بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى، ئۇلارنىڭ ھەددى-ھېسابسىز شىكايەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى ئۇنىڭدىن كېيىن پەيدا بولغان «قايتا تەپەككۇر ئەدەبىياتى»، «ئىسلاھات ئەدەبىياتى» دېگەندەك ئەدەبىي ئىجادىيەت ھادىسىلىرىگە باغلىنىشلىق ئەسەرلەرمۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، قانۇن، ئەخلاق قاتارلىق تەرەپلەردىكى بىر قاتار مەسىلىلەرنى يەنى خەلق ئاممىسى قىزىقىۋاتقان ياشلارنىڭ ھەر خىل مەسىلىلىرى، زىيالىيلارنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە ئارزۇسى، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى، ئالاھىدە ئىمتىياز كۆز قارىشى، ئىدىيىدىكى قاتماللىق، يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئۆزگىرىشى شۇنىڭدەك مەۋجۇت بولۇۋاتقان مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنىڭ ھەممىۋاسىنى خېلى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈردى.

(3) چىنلىققا ۋە خىلمۇ-خىللىققا ئىگە تىپىك ئوبرازلار يارىتىلىپ، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىغا تەۋە بەدىئىي تىپلارنىڭ قاتارىنى بېيىتتى، بۇ يېڭى باسقۇچتىكى ھېكايىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپلا قالماي، يەنە ھەم يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ

مۇھىم نەتىجىسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. «چياۋچياڭجاڭنىڭ خىزمەتكە تەيىنلىنىشى» دىكى، چياۋگۇاڭپۇ «سادىق يۈرەك» تىكى تاڭ جىيۇيۇەن، «ھەربى فرونتتىكى ئۇنتۇلغان ئىشلار» دىكى لىيۇماۋمېي، «لى شۇندانىڭ ئۆي سېلىشى» دىكى لى شۇندا، «چېڭ خۇەنشېڭنىڭ شەھەرگە كىرىشى» دىكى چېڭ خۇەنشېڭ، «يېزا بازىرىدا» دىكى فەن ياۋبا، «ئايال خوجايىن» دىكى چيۇلەن، «مۇھەببەتتىن مەھرۇم بولغانلار» دىكى خۇاڭ مېي، «سىنىپ تەربىيەچىسى» دىكى شېي خۇيمىن، «يېزا بازىرىدىكى گېنېرال» دىكى گېنېرال، «تولغاق» تىكى گوداجۇ، «جان ۋەتەن» دىكى شېي لىنيۈن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىدىيىۋىلىكى چوڭقۇر، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولغان تىپىك ئوبرازلاردۇر، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدە دەۋر روھى روشەن ئەكس ئېتىدۇ.

(4) بۇ باسقۇچتىكى ھېكايىلار شەكىل، ئۇسلۇب ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىق تەرەپلەردىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئالدىدىكىگە قارىغاندا كۆپ ئىلگىرىلەپ كەتتى. مەسىلەن: ۋاڭ مېڭنىڭ «باھار تىۋىشى» رۇجىجۇەننىڭ «خاتا قۇراشتۇرۇلغان ھېكايە» دېگەندەك ئەسەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتىكى يېڭىلىقلىرى بىلەن يازغۇچىلارنىڭ شۇنداقلا كەڭ كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. باشقا يازغۇچىلارمۇ ئۆزگىچە ئۇسلۇبلىرىنى شەكىللەندۈرۈشكە باشلىدى.

پوۋېست ئىجادىيىتى جەھەتتە بۇ باسقۇچتىكى ئالاھىدە بىر ئەھۋال — پوۋېستلارنىڭ كۆپلەپ ئىجاد قىلىنىشى بولدى 1979 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى 500، 600 پارچە

پوۋېست ئېلان قىلىنىدىغان بولۇپ قالدى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى 1981 - يىلىنىڭ يىل بېشىدىن 1983 - يىلىنىڭ بېشىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىككى نۆۋەت مۇنەۋۋەر پوۋېستلارنى مۇكاپاتلىدى. مۇكاپاتلانغان پوۋېستلار 35 پارچە بولۇپ ئۇلارنىڭ ئىچىدە «ئادەم ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندە» (شېن رۇڭ) «ئىگىز تاغ ئېتىكىدىكى گۈلچەمبەرەك» (لى سۇنباۋ)، «تۇرمۇشتىكى ھەر خىل كەيپىياتلار» (جىياڭ زىلۇڭ) «بەلگە قويۇلمىغان دەريا» (يې ۋېيلىن)، «تيەنيۈن تېغىدىكى لەتىپە» (لۇيەنجۇ)، «جىنايەتچى لى تۇڭجۇڭ» (جاڭ يىگۇڭ)، «كېپىنەك» (ۋاڭ مىڭ)، «سېرىق سۆگەت تۈۋىدىكى ئائىلە» (ليۇ شاۋتاڭ)، «قارا تولپار» (جاڭ چېڭجيې)، «كىشىلىك تۇرمۇش» (لۇياۋ) قاتارلىق ئەسەرلەر بار.

شېن رۇڭنىڭ «ئادەم ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندە» پوۋېستى جەمئىيەتتە ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان ئەسەرلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاپتور ئەسىرىدە ناھايىتى كۈچلۈك ھېسسىياتى بىلەن ئوتتۇرا ياشلىق زىيالىيلارنىڭ خوشلۇقى قايغۇسى، ھەر خىل ھېس - تۇيغۇلىرىنى جانلىق ۋە چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. بۇ زىيالىيلار ھەق ياكى نام ئابروي قوغلاشمايدۇ. ئەڭ جاپالىق شارائىتتا، ئەڭ تۆۋەن ھەق ئېلىپ تۇرۇپ خەلق ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى ھەتتا ھاياتىنىمۇ ئايىمايدۇ. خەلققە كۆيۈنۈش، دۆلەتنىڭ غېمىنى يېيىش — بۇ زىيالىيلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى. ئەسەردە يارىتىلغان لۇ ۋېننىڭ ئوبرازى ئەنە شۇنداق زىيالىيلارنىڭ بەدىئىي تىپى بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بويانقى ئەدەبىي

ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوبرازلارنىڭ بىرسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە لۇۋشۈننىڭ ئوبرازىغا ياندىشتۇرۇلۇپ يارىتىلغان «ماركسىزمچى خانىم» — چېڭ پونىڭ ئوبرازىمۇ كىشىدە كۈچلۈك تەسىر قالدۇرىدۇ.

«ئىگىز تاغ ئېتىكىدىكى گۈلچەمبىرەك» (لى سۇنباۋ) پوۋېستىنىڭ قازانغان مۇۋەپپەقىيىتى ئاپتورنىڭ جەمئىيەتتىكى زىددىيەتلەرنى ئارمىيە ئىچىدىكى زىددىيەتلەر بىلەن باغلاپ زىددىيەتلەرگە چوڭ يۈرەكلىك بىلەن ئىچكىرىلەپ كىرەلىگەنلىكىدە كۆرۈنىدۇ. بۇ خىل يېزىش ئۇسۇلى ئۇرۇش ۋە جەڭچىلەر تۇرمۇشىغا بېغىشلانغان ئەسەرلەرگە بىر خىل بۆسۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

«ھايات» (لۇياۋ) ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇشنىڭ چىنلىقى ۋە چوڭقۇرلۇقى بىلەن، ئىلگىرى سۈرگەن پىكىرنىڭ يېڭىلىقى جەددىيلىكى بىلەن، بولۇپمۇ ياراتقان بەدىئىي ئوبرازلىرى بىلەن كۈچلۈك تەسىر قوزغايدۇ. ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى يېزىدىكى زىيالىي ياش گاۋجيالىن خاراكتېرى ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان، يېزىلاردىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسىدا تۇرۇۋاتقان بىر ئوبراز بولۇپ، ئاپتور بۇ ئوبراز ئارقىلىق مەدەنىيلىك بىلەن نادانلىقنىڭ، ئىسلاھات بىلەن كونىلىقنىڭ، زامانىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن كونا تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ، ھازىرقى ئەخلاق كۆز قاراشلىرى بىلەن فېئوداللىق ئەخلاقىي قاراشلارنىڭ توقۇنۇشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، يەنى يېزىلاردا ھازىر ھەقىقەتەن ساقلىنىۋاتقان زىددىيەتلەرنىڭ كەسكىن توقۇنۇشلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ

بەرگەن. پوۋىست ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپلىكى ئارقىلىق، خىلمۇ ـ خىل زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئارقىلىق ئىسلاھاتنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، پوۋىست ئىجادىيىتى ئۆزىنىڭ نەتىجىلىرى ئارقىلىق كەڭ كىتابخانلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىۋارىغا ئېرىشتى. ليۇبېي پوۋىست ئىجادىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ: «پوۋىست ئىجادىيىتى يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ نەتىجىلىك ۋەكىلى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. خۇددى ئۆز دەۋرىدىكى تاڭ سۇلالىسىنىڭ شېئىرلىرى، سۇڭنىڭ نەزمىلىرى، مىڭ ۋە چىڭنىڭ پروزىسىغا ئوخشاپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ كىشىنى نە قەدەر ھاياجانلاندۇردىغان قىياس — ھە! قارىغاندا پوۋىستلار دەۋرنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان بۇرچىنى ۋە جۇڭگو ئەدەبىياتى يۈكلىگەن موھىم ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالالايدىغاندەك تۇرىدۇ»* دەيدۇ. بۇ سۆزدە پوۋىستلارنىڭ نەتىجىسى ئوبدان يىغىنچاقلىنىپ، ئىستىقبالى جايىدا كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

رومان ئىجادىيىتى جەھەتتە: رومان ئىجادىيىتىدىكى نەتىجىلەرمۇ زور بولدى.

1977 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە بولغان بىر قانچە يىلدا ئېلان قىلىنغان رومانلار 500 دىن ئېشىپ كەتتى. سان جەھەتتىن سېلىشتۇرغاندا بۇ باسقۇچتىكى رومانلارنىڭ سانى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئالدىدىكى 17 يىلدا ئىجاد قىلىنغان رومانلارنىڭ ئومۇمىي سانىدىن ئېشىپ كەتتى. جوڭ ـ

---

* ليۇبېي «تۇرمۇش ۋە دەۋرنىڭ كەڭ تېمىسى — پوۋىست ئىجادىيىتى توغرىسىدا» («ئەدەبىيات سەنئەت گېزىتى» 1983 ـ يىل 4 ـ سانىدىن)

گو يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەسىس قىلغان «ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتى» 1982 - يىلى تۇنجى قېتىم يازغۇچىلارغا تەقدىم قىلىندى. بۇ قېتىمقى باھالاش مۇكاپاتلاشقا 1977 - يىلدىن 1981 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچىلىك بولغان ۋاقىتتا يېزىلغان رومانلار قاتناشتۇرۇلدى. جوۋكېجىننىڭ «شۇماۋ ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى»، ياۋ شۆيىگىنىڭ «باھادىر شاھ لى زىچىڭ» نىڭ 2 - قىسمى، ۋېي ۋېينىڭ «شەرق»، مويىگفىنىڭ «گېنىرال كۆيىي» لى گوۋىننىڭ «قىشتىكى باھار»، گوخۋانىڭ «نىلوپەر كەنتى» بولۇپ جەمئى 6 پارچە رومان «ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى.

«شۇماۋ ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى» 70 - يىللاردىكى يېزا تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن روماندۇر. ئۇنى يەنە يېزىلار-دىكى ئۆزگىرىشلەرنى تەسۋىرلىگەن تىراكومىدىيە دېيىشكىمۇ بولىدۇ. روماندا شۇماۋ ۋە ئۇنىڭ قىزلىرىنىڭ ئائىلىلىرى، توي نىكاھ ئىشلىرى، مۇھەببىتى قاتارلىق ھېكايىلىرى ئارقىلىق لىن بىياۋ، «تۆت كىشىلىك گورۇھ» نىڭ «جەننەت» دەپ تەرىپ-لىنىدىغان سىچۈەن يېزىلىرىغا كەلتۈرگەن بالايى - ئاپەتلىرى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلگەن. دېھقانلارنىڭ خوشلىقى ۋە قايغۇسى شاتلىقى ۋە ئۈمىتسىزلىكلىرى، ئىنتىلىش ۋە ئىزدىنىشلىرى ئىپادىلەنگەن. ئەسەردىكى جانلىق ۋە يارقىن ئوبرازلار، لىرىكىلىق تەسۋىر، ئاممىباپ ۋە جانلىق بەدىئىي تىل رومانىنى ئاجايىپ رەڭدار تۇرمۇش كارتىنىسىغا ئايلاندۇرغان.

«شەرق» رومانىنى جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىملىرىغا ئوقۇلغان مەدھىيە ناخشىسى دېيىشكە بولىدۇ. روماندا لىيەن-

جاڭ گوشياڭ، سېستىرا قىز ياڭ شۇ، تۈەنجاڭ دىڭ جۈن ۋە جەڭچى چىياۋدابىن، لىيۇداشۈن، ۋاڭ دانا قاتارلىقلارنىڭ تىنسىرلىك ئوبرازلىرى يارىتىلغان. رومان ئاجايىپ جەڭگىۋار-لىققا ۋە كۈچلۈك دەۋر روھىغا ئىگە.

«باھادىر شاھ لىزىچېڭ» رومانىنىڭ 2-قىسمى ئۈستىدە بىز ئايرىم تەھلىل يۈرگۈزىمىز، شۇڭا بۇ يەردە توختىلىپ ئولتۇرمايمىز.

«گېنېرال كۈيى» رومانى ھاۋا ئارمىيە مەلۇم قىسمىنىڭ قۇماندانى پىڭ چىنىنىڭ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا زىيانكەش-لىككە ئۇچرىغان كەچمىشلىرىنى دەۋر قىلغان ھالدا 3 نەپەر گېنېرالنىڭ ئوخشىمىغان تەقدىرىنى تەسۋىرلەپ، شۇ ئارقىلىق لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلىرىنى پاش قىلىدۇ ۋە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئىنتايىن مۇرەككەپ كۈرەشلەرنى نىسبەتەن چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى قىزىقارلىق، تىلى جانلىق، تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق.

«قىشتىكى باھار» دا ئاپتور ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى يۈئېرلۇڭنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ تەقدىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆز رىقابەتچىسى ۋاڭ ۋېيىۋ بىلەن ئېلىپ بارغان 40 يىللىق ھايات-ماماتلىق كۆرىشىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئەسەردە ئىلگىرى سۈرۈلگەن پىكىرلەر چوڭقۇر ۋە جىددىي. ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى يىڭچە بولۇپ ئۇنىڭدىن ئاپ-تورنىڭ كۆپ ئىزدەنگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

«نىلوپەر كەنتى» نى يېزا تۇرمۇشىنىڭ جانلىق كارتى-

نىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدا ياش چوكان «نىلۇپەر ھەدە» (خۇيۇيىن) نىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەگرى - توقايلىقلار دەۋرى قىلىنغان ھالدا بىر تۈركۈم ئىندىۋىدۇئاللىقى كۈچلۈك پېرسوناژلارنىڭ ئۇن يىلدىن بويانقى تۇرمۇش يولى تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن. شۇ ئارقىلىق «سول» چىل لۇشيەننىڭ بىمەنىلىكى چوڭقۇر پاش قىلىنغان. تاغ خەلقىنىڭ پاك مۇھەببىتى ئاقكۆڭۈللۈكى قىزغىن مەدھىيىلەنگەن. سىياسىي ئۆزگىرىشلەر، چوڭ ۋەقەلەر تۇرمۇشنىڭ كونكرېت كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق، پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. ئەسەر كۈچلۈك يەرلىك ئالاھىدىلىككە، قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە.

خۇلاسىلىغاندا بۇ باسقۇچتىكى پىروزا ئىجادىيىتى مەيلى ھېكايىچىلىق بولسۇن، ياكى پوۋېست، رومان ئىجادىيىتى بولسۇن، سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى ئىجادىيەتتىكى رېئالىستىك ئەنئەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. ئەسەرلەر كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بەدىئىي زوقىغا ماسلىشىپ، ئۇلارنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈردى، بىز ئىشىنىمىزكى «قوش فاكچېن» نىڭ يېتەكچىلىكىدە پىروزا ئىجادىيىتى تېخىمۇ گۈللىنىدۇ ۋە تېخىمۇ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر دۇنياغا كېلىدۇ.

## 2 - §. لياڭ بىڭ ۋە ئۇنىڭ «قىزىل بايراق شەجەرىسى» رومانى

لياڭ بىڭ — ئازادلىقتىن كېيىن پىروزا ئىجادىيىتىدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان يازغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ 1914 -

يىلى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ لىشيەن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1932 - يىلى خېبېي باۋدىڭ 2 - ىسىغەندە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى ۋە مەكتەپ قوغداش ھەرىكىتىگە قاتناشقان. 1937 - يىلىدىن 1940 - يىلىلارنىڭ بېشىغىچە جىجۇڭ تۈزلەڭلىكىدە مەدەنىيەت تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلىگەن. ئۇ 1942 - يىلى بۇ خىزمەتتىن يۆتكىلىپ، يەرلىكتە مەمۇرىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1949 - يىلى ۋىلايەتلىك تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن خېبېي ئۆلكىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە كەسپىي يازغۇچى بولۇپ ئىشلىگەن.

ئۇنىڭ «قىزىل بايراق شەجەرىسى» رومانى 1957 - يىلى نەشىردىن چىققان. 1978 - يىلى ئۇنىڭ يەر ئىسلاھاتىدىكى كۈرەشلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن رومانى «قەد كۆتىرىش خاتىرىسى» نەشر قىلىندى.

«قىزىل بايراق شەجەرىسى» — ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەڭ نادىر رومانلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ خېلى ئۇزۇن مەزگىللىك تەييارلىقتىن كېيىن يېزىلغان.

لياڭ بىڭ 1935 - يىلى ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان جىجۇڭ تۈزلەڭلىكىدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتتۇزىنچى يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى تېما قىلغان ھالدا داڭلىق گاۋلى قوزغىلىڭىنى ئەكس ئەتتۈرگەن «كېچىنىڭ ئالمىشىشى» ناملىق ھېكايىسىنى يازغانىدى. 1942 - يىلى يەنە شۇ گاۋلى قوزغىلىڭىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «ئۆچ بولۇشىۋېلىشنىڭ دادىسى» ناملىق ھېكايىنى يازدى. ئاپتور مانا مۇشۇ

ئەسەرلىرىدە جۇلاۋجۇڭنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشقا باشلىغانىدى. شۇ يىلى يازغان «مىڭ چاقىرىملىق توسما» دا تۇرمۇش مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىپ، پومېشچىك فىڭ گۇيتاڭنىڭ سەلبىي ئوبرازىنى قوشتى. بىراق ئاپتور تۇرمۇشنىڭ بۇ پارچە ۋە تارقاق كۆرۈنۈشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن قانائەتلەنگىنى يوق. ئۇنىڭ روماندىن ئىبارەت يىرىك ژانىرىدىن پايدىلىنىپ، جىجۇڭ دېھقانلىرىنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار كۈرەشلىرىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى ئىپادىلەپ كۆرسىتىش ئىستىكى بارغانسېرى كۈچىيىپ باردى. ئۇ شۇ سەۋەبتىن 1953 - يىلى تىزىس ئىشلىدى ۋە ئارقىدىنلا شۇ كۈرەشلەر يۈزبەرگەن جايلارغا بېرىپ زىيارەت قىلدى. قايتا كۈزەتتى. كونا جەڭچىلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئىنقىلابىي كۈرەش تارىخىنى تېخىمۇ پىششىق ئىگەللەش ئاساسىدا «قىزىل بايراق شەجەرىسى» رومانى ئۈستىدىكى رەسمىي ئىجادىيەتكە كىرىشتى. يازغۇچى ئۆزىنىڭ بۇ رومانىنى يېزىش جەريانىنى ئەسلىگەن چېغىدا: «بۇ رومانىدىكى پېرسوناژ، ۋەقە - سۇژىتنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزەمنىڭ ھېكايە، پوۋېست درامىلىرىمدا نەچچە رەت يېزىلغانىدى. بۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى خېلى ئۇزۇن جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن. ئەگەر بۇ پېرسوناژلار ۋە ۋەقەلىكلەر مېنىڭ ئىجادىيىتىمگە ئاساس بولۇپ بەرمىگەن بولسا، بۇ كىتابنى يېزىپ چىقالمىغان بولاتتىم»* دەيدۇ.

«قىزىل بايراق شەجەرىسى» پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى

* لياڭ بىنىڭنىڭ «قىزىل بايراق شەجەرىسى» نىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا» دىن.

دېھقانلار ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ شانلىق داستانى بولۇپ، ئۇنىڭدا جىجۇڭ تۈزلەڭلىكىدىكى سۇجىڭ بازىرىلىق ئىككى دېھقان ئائىلىسىدىكى ئۈچ ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ بىر پومېشچىك ئائىلىسىدىكى ئۈچ ئەۋلاد بىلەن بولغان كۈرەشلىرى تەسۋىرلەنگەن. رومان تارىخنىڭ تەرەققىيات لىنىيىسى بويىچە جۇ لاۋگۇڭنىڭ «سۆگەتلىكنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈشى» دىن باشلاپ يېزىلىپ، جۇ، يەندىن ئىبارەت ئىككى دېھقان ئائىلىسى ۋەكىللىكىدىكى دېھقانلار سىنىپىنىڭ پومېشچىك فېڭ لاۋلەن، فېڭ گۈيتاڭ ۋەكىللىكىدىكى پومېشچىكلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى ئەگرى - توقاي كۈرەش جەريانىنى ئىپادىلىگەن. شۇ ئارقىلىق، جۇڭگو دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ ئىستىخىيىلىك قارشىلىقتىن تەشكىللىك كۈرەشكە ئۆزگەرگەن تارىخىي بۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن.

جۇ لاۋگۇڭنىڭ «سۆگەتلىكنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈشى بىر ئەۋلاد پېشقەدەم دېھقانلارنىڭ قارشىلىق كۈرەشلىرىنىڭ يىغىنچاقلىنىشى بولۇپ، بۇ كۈرەشنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ئىلگىرى ئىدىيە يېتەكچىلىك قىلمىغان ئىستىخىيىلىك قارشىلىقنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر.

جۇ لاۋجۇڭ بىلەن يەن جىخې ئۆز ئەجداتلىرىنىڭ كۈرەشچانلىق روھىغا ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇلار كونا ۋە يېڭىنىڭ ئالمىشىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقانلىقى ۋە توغرا كۈرەش يولىنى تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز ئاتا - بوۋىلىرىغا ئوخشاش پاجىئەلىك تەقدىردىن قۇتۇلالمايدۇ. جۇ لاۋمىڭ ۋە يەن جىخې باشچىلىقىدىكى 28 ئۆيلۈك دېھقاننىڭ بىرلىشىپ،

ھېلى لاۋلىن ئۇستىدىن ئۇچ قېتىم ئەرز قىلىسىمۇ، يەنىلا مەغلۇپ بولغانلىقى، جۇ لاۋجۇڭنىڭ يۇرتقا قايتىپ كېلىپ، خېلى ۋاقىتقىچە ئامالسىز بولۇپ قالغانلىقى، ئەنە شۇ ئېچە-نىشلىق پاكىتنى كۆرسىتىدۇ.

يۇنتاۋ، جىياڭتاۋلار — يېڭى بىر ئەۋلاد دېھقانلار. ئۇلار جۇڭگو كومپارتىيىسى تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ، جۇڭگو ئىن-قىلابىغا رەھبەرلىك قىلىشقا باشلىغان يېڭى تارىخي باسقۇچتا ياشا-ۋاتقان ياشلارنىڭ ۋەكىللىرى. ئۇلار پېشقەدەملەرنىڭ كۈرەش-چانلىق روھىغا ۋارىسلىق قىلىپلا قالماي، ماركسىزم تەلىمات-لىرىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە بۇ خىل ئىلغار ئىدىيەلەرنى ئۆز ئاتا - بوۋىلىرىغا ئۆگىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ روھي دۇنياسىدا تۈپ بۇرۇلۇش بولۇپ، يېڭىچە كۈرەش يولىنى تېپىۋا-لىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جىجۇڭ تۈزلەڭلىكىدە دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ يېڭى مەنزىرىسى بارلىققا كېلىدۇ.

رومان «چوشقا سوييۇش بېجى» غا قارشى كۈرەش ۋە باۋدىڭ 2- سىنىپ ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى ئاساسىي ۋەقەلىك قىلىپ تۇرۇپ، چوڭ ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنكى ۋەزىيەتنى، ئىنقىلابنىڭ مەغلۇبىيەت ۋە ئوڭۇشسىزلىقلاردىن غەلىبىگە تەرەققىي قىلىپ بارغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. «چوشقا سوييۇش بېجى» غا قارشى كۈرەش — روشەن سىنىپىي مەقسەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ باشتىن - ئاياق پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشتۇر. ئۇ جەنۇبىي دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى بىلەن ئۆز-ئارا ماسلاشقان بولۇپ، مەملىكەت بويىچە ئەۋجىگە كۆتۈرۈ-

لۇۋاتقان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ بىر قىسمى. جۇ لاۋجۇڭ ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرى بۇ كۈرەش ئارقىلىق نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يولىنى تونۇۋالىدۇ، كومپارتىيىنى تېپىۋالىدۇ. بۇ كۈرەشنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن، روماندا باۋدىڭ 2- سىفەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ داغدۇغىلىق ھەرىكىتى تەسۋىرلەنگەن. ئىنقىلابىي جەڭچىلەرنىڭ كۈرەشلەرنىڭ سىنىقى، چېنىقتۇرۇشىدىن ئۆتكەنلىكىنى، ياپونغا قارشى تۇرۇپ، قۇللۇقتىن قۇتۇلۇش كەيپىياتىنىڭ ئاممىۋىي ھەرىكەتكە ئايلىنىپ بارغانلىقىدىن ئىبارەت دەۋر قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن. روماننىڭ ئاخىرىدا «جەجۇڭ تۈزلەڭلىكىدە ھەيۋەتلىك بوران كۆتۈرۈلگۈسى»، دەپ، ئىنقىلاب بورىنىنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت مۇقەررەرلىكتىن بىشارەت بېرىلگەن. يىغىنچاقلىغاندا، بۇ رومان ئۈچ ئەۋلاد دېھقانلارنىڭ ئوخشاشمىغان كۈرەش يولى ۋە تەقدىرى ئارقىلىق ئېلىمىز دېھقانلىرىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ تارىخىنى يىغىنچاقلاپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلق ئاممىسىنىڭ قەھرىمانلىقىغا، ئۇلارنىڭ ئۈمىدۋارلىق روھىغا مەدھىيە ئوقۇغان.

رومان بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ھەرقايسى سىنىپ، گۇرۇھلاردىن نۇرغۇن پېرسوناژلارنى تەسۋىرلىگەن. بولۇپمۇ، بىرقانچە ئەۋلاد دېھقانلارنىڭ مەردانە ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يارىتىپ بەرگەن. بۇ پېرسوناژلار ئارىسىدا بولۇپمۇ جۇ لاۋجۇڭ ئوبرازى ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئوبراز ئۆزگە كونا-يېڭى ھەر ئىككىلا دەۋرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇجەسسەملىگەن. ئۇنىڭدا كونا

دەۋردىكى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى باتۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋىي خاراكتېرىمۇ، پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي روھىمۇ بار. بۇ ئوبر-راز — ئەسىر-ئەسىردىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئالىي پەزىلەتلىرىگە ۋە تارىخىي تەقدىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

جۇلاۋجۇڭنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى — ئۇنىڭ كۈچلۈك مۇھەببەت-نەپرەت ۋە باتۇرلۇقتا، ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە بولغانلىقىدا روشەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل مەنىۋىي خۇسۇسىيەت ئۇنىڭغا ئۆز سىنىپىدىن، ئۆز ئەجدادلىرىدىن مىراس بولۇپ قالغان ۋە ئۇنىڭ يىگىرمە نەچچە يىللىق سەرگەردانلىق ھاياتىدا تەدرىجى پىشىپ تاكامۇللىشىپ بارغان. رومان ئۇنىڭ يەن جىخې بىلەن باۋدىڭدا ئۇچرىشىپ قالغان چاغدىكى سۆز-ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

ئاپتور بۇ ۋەقەدىكى ئىككى خىل خاراكتېرنىڭ تەپسىلىي سېلىشتۇرمىسى ئارقىلىق جۇلاۋجۇڭنىڭ بۇ خىل خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. جۇ لاۋجۇڭ فېڭ لاۋلەننىڭ يەنىلا ئىلگىرىكىدەك زومىگەرلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا بىردىنلا زەردىسى قايناپ، يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ كېتىدۇ-دە: «جور، قايتىپ كېتەيلى، مەيلى، ئۇ مېنى يانچىپ، كۆكۈم-تالقان قىلىۋەتسىمۇ، مەن ئۇنىڭدىن قانلىق قىساسىمنى ئالماي قويمايمەن» دەيدۇ. بۇ مىسالدىن بىز ئۇنىڭ خۇددىي دادىسى جۇ لاۋگۇڭغا ئوخشاش پومىشچىك فېڭ لاۋلەن بىلەن ئوت ۋە سۇدەك قارىمۇقارشى ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بىراق ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن جۇ لاۋگۇڭدىن

پەرقلىنىدۇ. بۇ پەرق ئۇنىڭ يىراقنى كۆرەلەيدىغانلىقىدا، ئەقىل - پاراسىتىدە ئەكس ئېتىدۇ. ئۇ دادىسىغا ئوخشاش سۇدىن چىققاندىلا ئىككى پۇتىنىڭ لاي بولغانلىقىنى ئۇقۇددى - غانلاردىن ئەمەس. ئاپتور قۇش ۋەقەسى، دا گۇينىڭ ئەس - كەرلىككە تۇتۇلۇشى، يۇنتاۋنىڭ جىياشياگىنوڭ بىلەن ئۇچ - راشقانلىقى، تۇرمىگە بېرىپ يۇنتاۋنى يوقلىغانلىقى قاتارلىق بىرقاتار تىپىك ۋەقەلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ يۇقىرىقى خۇسۇسىيىتىنى جانلىق ئىپادىلىگەن. قۇش ۋەقەسىدە فېڭ لاۋلەن قۇشنى تارتىۋالماقچى بولغاندا، جۇ لاۋجۇڭ «بۇ ئىشنى كىچىك كۆر - مەڭلار، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چوڭ غوۋغا چىقىشى مۇمكىن» دەپ پەرەز قىلىدۇ ۋە باللارنى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاشقا، يومبېشچىكىنىڭ جىنايەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالماسلىققا دەۋەت قىلىدۇ. داگۇينىڭ ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇشىدا ئۇ بىر قەلەم، بىر ئەلەمنى تەربىيىلەشنى، ئويلاپ چىشنى چىشقا چىشلەپ، ئوغلى داگۇينىڭ ئەسكەرلىككە بېرىشىغا سۈكۈت قىلىدۇ. يۇنتاۋ كومپارتىيىنى تېپىۋالغاندا، ئۇ خۇشال - لىق بىلەن «سەن بۇ يولەنچۈككە ئىگە بولغان ئىكەنسەن، ئەمدى يولۇڭ ئۈمۈر يويى يورۇق بولىدۇ» دەيدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ يىراقنى كۆرەلەيدىغانلىقىنى، شۇ بىر پارچە يەرگىلا باغلىنىپ قالغان ئادەتتىكى دېھقانلار بىلەن روشەن پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. جۇ لاۋجۇڭنىڭ خاراكتېرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ تۈز - لۈكى «دوستلار ئۈچۈن قوۋۇرغىلىرىنى پىچاق قىلغۇدەك» مەرتلىككە ئىگە بولغانلىقىدۇر. بۇ مەرتلىك ئۇنىڭ ئەمگەكچە -

لەرگە خاس سەمىمىلىكى، ئاقكۆڭۈللۈكى، سېخى ۋە ئوچۇق قولۇلۇقى قاتارلىق پەزىلەتلىرى بىلەن يوغۇرۇلۇپ كەتكەن، بىز بۇ نۇقتىنى روماندىكى نۇرغۇن ۋەقەلىكلەردىن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يەن جىجىپ ئائىلىسى ۋە باشقا بۇرادەرلىرى بىلەن بولغان قېرىنداشلارچە مۇناسىۋىتىدىن ئېنىق كۆرەلەيمىز. ئۇ دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە باغلىنىشلىق ئىشلا بولىدىكەن ھەتتا ئۆي-ماكانى خانىۋەيران بولۇپ كەتسىمۇ ئارىلاشماي قويمايدۇ. ھەرقانداق ناھەقچىلىككە چىداپ تۇرالمايدۇ.

جۇ لاۋجۇڭ ئوبرازىنىڭ ئۇتتۇقلۇق بولۇپ چىققانلىقىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى ئونىڭ ئوبرازىنىڭ مۇكەممەللىشىش جەريانىنى، تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى تەسۋىرلەشتە كۆرۈلىدۇ. جۇ-لاۋجۇڭ جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋي پەزىلەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان ئوبراز. بىراق، ئۇ يېڭى دەۋرنىڭ ئىنقىلابىي روھى بىلەن سۇغىرىلىپ تەربىيىلەنمىگەن چاغدا ئۇنىڭدا چەكلىمىلىكنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقى تەبىئىي. ئاپتور بۇ چەكلىمىلىكتىن چەتنىمىگەن. بەلكى رېئاللىقتىن ئۇسلۇب بويىچە جۇ لاۋجۇڭدىن ئىبارەت بۇ پۇلاتتەك مۇستەھكەم كىشىنىڭ كۈرەشنىڭ توغرا يولىنى تاپالمىغان چاغدىكى قىيىنچىلىق ۋە تىكىرقاش ئىلكىدىكى روھىي-ھالىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن. پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى مەقسەت قىلغان بۇ دېھقان ماركسىزم ھەقىقىتىنى قوبۇل قىلىدىغان شەرتلەرگە ئىگە. شۇڭا ئۇنىڭ قەلبىدىكى زۇلۇمنى يوقىتىپ ئازادلىققا ئېرىشىش ئارزۇسى ئۇ ئىنقىلاب ھەقىقىتى بىلەن تونۇشقان ھامان تېخىمۇ

بالقۇنجاپ كېتىدۇ. بىز ئۇنىڭ يۇنتاۋ كومپارتىيىنى تېپىۋالغاندا خوش بولۇپ كەتكەنلىكىدىن، «پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا، فېڭ لاۋلەنى ئاغدۇرىمىز دېگەن قۇرۇق گەپ» دېگەن سۆزلىرىدىن ئۇنىڭدا پەيدا بولغان يېڭى ئىدىيىنىڭ چاقناۋاتقان ئۇچقۇنلىرىنى كۆرىمىز ۋە بۇ ئىدىيىنىڭ ئۇنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز. دېمەك ئىدىيىۋى تۇنۇشتىكى بۇ يېڭى بۆرۈلۈش ئۇنىڭ «سۇدىن چىققاندىلا ئىككى پۇتىنىڭ لاي بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان» دوست - بۇرادەرلىرى ئۈچۈن قوۋۇرغىلىرىنى پىچاق قىلىدىغان مەرتلىكىنى يېڭى مەزمۇنغا ئىگە قىلغان ۋە تەدرىجى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى نامايەن قىلغان. ئاپتور بۇ ئوبرازنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا باۋدىڭ 2 - سىفەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كورىشىدىن ئىبارەت جىددىي سىناق ئۇستىگە قويۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىنقىلابچىغا ئايلانغانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، بۇ بىر بەدىئىي تىپ بولۇپ، روشەن هالدا جۇڭگو دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ ئىستىخىيلىك قارشىلىقتىن تەشكىللىك كۆرەشكە ئايلانغان تەرەققىيات جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ ۋە جۇڭگونىڭ قەھرىمان دېھقانلىرىنىڭ پرولېتارىيات ئاۋانگارت جەڭچىلىرىگە ئايلىنىش، ئۆسۈپ - يېتىلىش يولىنىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ رېئالىستىك روھ بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنقىلابىي غايە ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. جۇ لاۋجۇڭدەك مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان تىپىك ئوبرازلار يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدا كۆپ ئەمەس.

يەن جىخېنىڭ ئوبرازىمۇ ياخشى يارىتىلغان، ئۇ دېھقان -

لارنىڭ يەنە بىر خىل تىپىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئاساسەن ئاق-كۆڭۈل، ئەمگەكچان، سەممىي ۋە ئاجىزانە خاراكتېرلارنىڭ ۋەكىلىدۇر. ئۇنىڭ قەد كۆتىرىپ ياخشى كۈن كەچۈرۈش ئار-زۇسى بولسىمۇ ئەمما ئۇ پومېشچىكلارنىڭ دەھشەتلىك ئېكىس-پىلاتاتسىيىسى ئاستىدا ئېزىلىپ، يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتكەن بولغاچقا، تۇرمۇشنىڭ ئەگرى-توقايلىقىدىن، بوران-چاپقۇندىن ۋايىم يەيدۇ-دە، ھەمىشە تىنچ، قەدىر ئەھۋال كۈن ئۆتكۈزسەم كۇپايە دەپ ئويلايدۇ. پومېشچىكلارنىڭ زۇلمىغا قارىتا غىڭ قىلماي باش ئېگىپ چىداپ يۈرىۋېرىدۇ، ئۇنىڭ فېڭ لاۋلەن ئۈستىدە ئۈچ نۆۋەت ئەرز قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلىكى، فېڭ لاۋلەنگە تەڭ كېلەل-مەيمىز، بولدى سۈكۈت قىلايلى، دەپ، كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلغانلىقى بولۇپمۇ ئۇنىڭ يۈنتاۋ كومپارتىيىنى تېپىۋالغاندا ئېيتقان: «بىز ھېچكىمگە ئارىلاشماي، بېشىمىزنى ئىچىمىزگە تىقىپ كۈن كۆرسەكلا بولدى» دېگەن گېپىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاپتور ئۇنىڭ باۋدىڭ 2-سىغەن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى مەغلۇپ بولغاندا ئىپادىلىگەن ئاجىزلىقىنى ۋە تەۋرەنگەنلىكىنى چوڭقۇر قازغان. قارشىلىق ۋە ئاجىزلىق، كۈرەشچانلىق ۋە داۋالغۇش، داۋاملىق قارىمۇقارشىلىشىش بۇ بىر سوناژ خاراكتېرىنىڭ مۇرەك-كەپلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇنىڭ مانا بۇنداق مۇرەككەپ زىددىيەتلەر بىلەن تولغان خاراكتېرىدە ئىنقىلابىيلىق، قارشىلىق كۆرسىتىش يەنىلا ئەڭ ماھىيەتلىك تەرەپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ-نىڭ ئۈچۈن ئۇ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە تەربىيىسى، سەپ-

داشلىرىنىڭ ياردىمى ئاستىدا داۋاملىق تۈردە كونا روھىي كىشەنلەردىن قۇتۇلۇپ ئىنقىلابىي يولغا ماڭالىدى.

ئۇنىڭ ئوبرازى ئىنقىلابنىڭ تەۋرىنىش يىللىرىدا تۇرغان زور بىر تۈركۈم دېھقانلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئوبراز تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

روماندىكى ياش بىر ئەۋلاد دېھقانلارنىڭ ئوبرازلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ جانلىقلىقى، ئۆزگىچىلىكى بىلەن كىتابخانلاردا بەلگىلىك تەسىر قالدۇرىدۇ. چۈنلەر جاپا ئىچىدە چوڭ بولغان ياشلاردۇر، ئۇلار ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئېگىلمەس - سۇنماس، كۈرەشچانلىق روھىغا ۋارىسلىق قىلغان. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلار ئىنقىلابىي ئىدىيىنىڭ تەسىر - تەربىيىسىگە ئۇچرىغان. ئاپتور ئۇلاردىكى يېڭى ئىدىيىۋى قىياپەتنى تەسۋىرلەشكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدى-لىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشقان. مەسىلەن: يۈنتاۋ قىزغىن، سالماق، ھېسسىياتچان، تەۋرەنمەس، ئىرادىلىك. جىياڭتاۋ بولسا ئەقىللىق، چېچەن، كۈرەشتە پاراسەتلىك، ئۇنىڭدا ياش زىيالىي-نىڭ خۇسۇسىيەتلىرى كۆپرەك؛ دا گۈي تۈز، ئوچۇق، خۇش-خۇي، باتۇر، مەرت؛ چۈنلەن ساپ، قىزغىن.

جىيا شىياڭنۇڭ بولسا ئاپتور قىزغىنلىق بىلەن تەسۋىرلىگەن پارتىيە رەھبىرىنىڭ ئوبرازى. كەسكىن، شىددەتلىك سىنىپىي كۈرەش ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئۇنى قەتئىي، تەۋرەنمەس، سالماق، تەمكىن، ھوشيار قىلىپ تەربىيىلىگەن. ئۇ پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بېغىشلىغان بولۇپ، شارائىتنىڭ ناچارلىقى ئۆزىگە كېلىدىغان خەۋپ - خەتەر بىلەن ھېساب-

لاشماي، ئۇزۇن مەزگىل يېزىلاردا ئىنقىلابىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ دېھقانلارنىڭ ئەرز - دادىغا يېتەلەيدۇ. ئۇ - لارنىڭ روھىي ھالىتىنى سېزەلەيدۇ، توغرا كۆزىتەلەيدۇ. ئىنقىلاب داۋلىلىرىنى دېھقانلار قوبۇل قىلالىغۇدەك، چۈشىنەرلىك ئۇسۇل - چارىلار بىلەن سىڭدۈرۈشكە ماھىر. ئەمما ئەسەردە ئۇنىڭ رولى تولۇق كۆرسىتىلمىگەن، بۇ ئوبراز يارىتىشتىكى كەمچىلىكتۇر. ئۇنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش يېتەرسىز بولغانلىقتىن بۇ ئوبرازنى تازا تولۇق ۋە مۇكەممەل دېگىلى بولمايدۇ. پومېشچىك فېڭ لاۋلەن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى فېڭ گۇيتاڭلارنىڭ ئوبرازى ئۆزىگە خاس خاراكتېر ئالاھىد - لىككە ئىگە. فېڭ لەنچى ۋە فېڭ لاۋلەننىڭ قەدىمىي قوڭ - غۇراقنى پاچاقلاپ، كۆپچىلىكنىڭ يېرىنى ئىگەللىۋېلىشى پومېش - چىكلار سىنىپىنىڭ ئاچكۆزلۈكىنى، ئېكسپلاتاتورلۇق ماھىيىتىنى كۆرسىتىدۇ، جۇ لاۋگۇگىنىڭ بالا - چاقىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، يىل - تىزىنى قۇرۇتۇش نىيىتى ئۇلارنىڭ كونا شەكىلدىكى پومېش - چىكلارغا خاس بولغان ياۋۇزلۇقى ۋە ۋەھشىيلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاپتور ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە بۇ بىر ئۆيلۈك پومېشچىكلارنىڭ ئورتاقلىقىنى يېزىش بىلەن بىرگە ئۇلار ئوت - تۇرىسىدىكى پەرقلەرنى يورۇتۇپ ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەت - لىرىنى ئېچىپ بېرىشكىمۇ دىققەت قىلغان. قېرى پومېشچىك فېڭ لاۋلەن ئۆزلىرىگە ئەنئەنە بولۇپ قالغان يەنى ئىجارىگە بېرىپ ئۆسۈم ئېلىش، قەرز تارقىتىش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ قان - تەرىنى زۈلۈكتەك شۈلۈۋېلىشتىن ئىبارەت ئېزىش ئۇسۇلىنى بەختەر ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ تونۇيدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى

فېڭ گۇيتاڭ تېخىمۇ يوشۇرۇنراق ۋە تېخىمۇ كۆپرەك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئۈچۈن «ئادەمگەرچىلىك»، «ئىنسانپەرۋەرلىك» دېگەنلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. ئۇ «ئازراق مەنپەئەت بېرىپ قويۇپ، كۆپرەك پايدا ئېلىش» ئۈچۈن، كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيە ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى كۈچەپ تەرغىپ قىلىدۇ. جۇۋازخانا قۇرىدۇ، دۇكان ئاچىدۇ. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش مەيدانىنى كېڭەيتىدۇ. ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «بىز يېڭى ئۇسۇلنى قوللانساق، پۇل يەنە بۇرۇنقىدەك ئالقىنىمىزغا ئېقىپ كىرىۋېرىدۇ». بۇ جەھەتتىن ئۇ دادىسى فېڭ لاۋلەنگە قارىغاندا تېخىمۇ «قابىل». ئۇ تېخىمۇ كۆز بوياپ كېتەلەيدۇ. ئۇ كۆرۈنۈشتە رەھىمدىل قىياپەتتە كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ «ئىنسانپەرۋەر» يېڭى پومېشچىك دېھقانلارنىڭ ئىنقىلابىغا نىسبەتەن يەنە ئوخشاشلا قىلچە رەھىم قىلماي، تەلتۆكۈس باستۇرۇشنى قۇۋۋەتلەيدۇ. فېڭ گۇيتاڭ ئوبرازى كاپىتالىزمنىڭ فېئودالىزمغا بولغان تەسىرىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، فېڭ لاۋلەندىن فېڭ گۇيتاڭغىچە بولغان جەريان جۇڭگو فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخىدۇر.

«قىزىل بايراق شەجەرىسى» نىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى: جەمئىيەتنى كۆپ تەرەپلىمە، كەڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاساسىدا سۆرەتلەپ بېرىش، پېرسوناژلارنى مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر، كەسكىن سىنىپىي كۈرەشلەرگە قويۇپ تەسۋىرلەپ، ئومۇمىي دائىرىدە كۆرسىتىش، كۈندىلىك تۇرمۇش، ئىدىيىۋى ھالەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىپادىلەش قاتارلىقلار رومانىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرى ھېسابلىنىدۇ. بىراق،

ئەڭ چوڭ ئۇتۇقى — رومانىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىدۇر. مەسىلەن، رومانىدا جۇڭگونىڭ شىمال يېزىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە كۆرەش ئەھۋالى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن، بۇ خىل يەرلىك پۇراقتىن مىللىي ئالاھىدىلىك روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ، ئاپتور مىللىي ئالاھىدىلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەسەر مەزمۇنىنى تۇتقا قىلغان، يازغۇچى ئۆزى «مىللەت ۋە خەلق-نىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى، روھىي قىياپىتى ئىپادىلەنسىلا، ئەسەرنى باب-پاراگراپلىق شەكىل بىلەن يېزىپ يۈرمىسىمۇ يەنىلا مىللىي شەكىلگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ»* ... «ئەگەر بىر كىتاب بىر رايوندىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرسە، يەرلىك شىۋىنى (ئەلۋەتتە، يالغۇز يەرلىك شىۋىلا ئەمەس) مۇۋاپىق ئىشلەتسە، مىللىي ئۇسلۇب، مىللىي خۇسۇسىيەت شەكىللىنىدۇ»* دەيدۇ.

بۇ روماننىڭ سۈجىتى بازىرىدىكى بىرقانچە ئەۋلاد دېھقان-لارنىڭ كۆرىشىنى تەسۋىرلىگەن. ئۇنىڭ مەيلى مەزمۇن ياكى كۆرەش شەكلىدە بولسۇن، ھەممىسىدە مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرى بار. ئەسەر يەنە شىددەتلىك سىنىپىي كۆرەش-نى، شىمال يېزىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى، تەبىئەت مەن-زىرىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەسۋىرلىگەن. مەسىلەن: قۇش ۋەقەسى، داگۇيىنىڭ چوشقا ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرىدە بىر تەرەپ-تىن قۇش تۇتۇش، قەپەز ياپقۇچ توقۇش، بازارغا ئاپىرىش ۋە قازان ئېسىپ چوشقا ئۆلتۈرۈش قاتارلىق كۆڭۈللۈك تۇرمۇش

* * لىياڭ بىنىڭ «قىزىل بايراق شەجەرىسى» نىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا» دىن

كۆرۈنۈشلىرى تەسۋىرلىنىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولسا، بىر تەرەپتىن شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان كەسكىن سىنىپىي كۈرەشنى ئىپادىلەپ، ئۇ ئارقىلىق سىياسىي مەزمۇننى ئېچىپ كۆرسەتكەن. روماندىكى يۇنتاۋ بىلەن چۈنلەننىڭ مۇھەببىتى، يۇنتاۋ، جياڭتاۋلارنىڭ يەر ھەيدەۋې-تىپ ئېيتىشقان ھېكايىسى، چۈنلەننىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا قىلغان خىياللىرى، جۇ لاۋجۇڭ يۇرتقا قايتىپ كەلگەندە، يەن جىخې ئائىلىسىدە قېرى-ياش ھەممىسىنىڭ كاڭدا ئولتۇرۇ-شۇپ كۆڭۈللۈك تاماق يېگەنلىكى قاتارلىقلارنىڭ تەسۋىرلىرىدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىنسانىي گۈزەللىكى ۋە ھېسسىياتىنىڭ گۈزەللىكى چاقناپ تۇرىدۇ. بۇلاردا تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق ئىپادىلەنگەن. ئاپتور دەۋر ئالاھىدىلىكىنى، يەرلىك ئالاھىدىلىك-لەرنى، جۇڭگو مىللىتىنىڭ تۇرمۇش كۆرۈنۈش ۋە روھىي قىياپىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن.

بۇ رومانىنى ئىجات قىلىشتا ئاپتور جۇڭگو كلاسسىك رومان ئىجادىيىتىدىكى ئۇسۇللارنى قوللانغان، مەسىلەن: جۇ، يەن ئىككى ئائىلىدىكى ئۈچ ئەۋلادنىڭ كۈرەشنى ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد داۋاملاشتۇرغانلىقىدىن ئىبارەت ئاساسىي ۋەقەلىك ئەنە شۇنداق نۇرغۇن ھېكايىلار زىمىنىدە ئىپادىلەنگەن. شىددەت-لىك كۈرەش ئەھۋالىنى يازغاندا، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن كىچىك ھېكايىلەر سۆزلەنگەن. بۇ كىچىك دېتاللارمۇ ئۆز نۆۋىتىدە باش-ئاخىرى بار پۈتۈن ۋە جانلىق ھېكايە-لەردۇر. پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا ئاپتور ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىگە تايانغان. ئەسەردە چەت ئەل

رومانلىرىدىكىدەك ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن پىسخىك تەسۋىر ۋە بايانلار يوق، لېكىن چەت ئەل رومانلىرىدىكى ئىنچىكە تەسۋىرلەش ئۇسۇلىدىنمۇ پايدىلانغان. يەنى ئاپتورنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «ياۋروپا رومانلىرىنىڭ يېزىش ئۇسۇلىدىن سەل تومراق، جۇڭگونىڭ ئادەتتىكى رومانلىرىدىن سەل ئىنـچىكىرەك بولغان ئۇسۇل» * قوللىنىلغان.

ئاپتور ئەسەرنى خەلق تىلى بىلەن يېزىپ چىققان دېيىشكە بولىدۇ. تىلى ئاممىباب، تەبىئىي ۋە روشەن، دىئالوگـلار چۈشىنىشلىك، ئىخچام بولۇپلا قالماي، تەسۋىر ۋە بايانـلارمۇ دېھقانلارنىڭ پارىڭى بويىچىلا يېزىلغان. بۇلاردىن جەجۈڭ ئەتراپىنىڭ شىۋىسى پۇراپ تۇرىدۇ.

«قىزىل بايراق شەجەرىسى» رومانى ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. لېكىن، شۇنداقتىمۇ بەزىبىر يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي ئەمەس. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى ۋە چوشقا ئۆلتۈرۈش سېلىغىغا قارشى كۈرەشلەر گەرچە جانلىق يېزىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن قاينام ـ تاشقىنلىق كەيـپىيات ۋە جەڭگىۋارلىق كۈچلۈك ئەمەس. مەيلى خەلقنىڭ كۈرەش ئۇسۇللىرى، ياكى دۈشمەننىڭ سۇيىقەستلىرىنىڭ يېزىـلىشى يېتەرلىك دەرىجىدە خىلمۇ ـ خىل ۋە تولۇق ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئىككى ۋەقە ئارىسىدا ئورگانىك باغلىنىش يوق دېيەرلىك. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئىككى مۇستەقىل قىسىم

* لياڭ بىننىڭ «‹قىزىل بايراق شەجەرىسى› نىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا» دىن

بولۇپ قالغان. بۇ ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە تەسىر يەتكۈزگەن.

«قىزىل بايراق شەجەرىسى» نىڭ 2 - بۆلۈمى «ئوت تۇتاشتۇرۇش خاتىرىسى» داۋاملىق ھالدا جۇ لاۋجۇڭ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ كۈرەش نەتىجىلىرىنى، قەھرىمانلىقىنى يازغان بولۇپ، ئىدىيىۋى مەزمۇنى جەھەتتىن بەلگىلىك ئارتۇقچىلىقلىرى بار، بەدىئىيلىك جەھەتتە «قىزىل بايراق شەجەرىسى» نىڭ ئالاھىدىلىكىنى داۋاملاشتۇرغان لېكىن مۇۋەپپەقىيىتى 1 - بۆلۈمىنىڭكىگە يەتمەيدۇ.

### 3 - §. قەھرىمانلىقنىڭ شانلىق داستانى — «قىزىل قىيا» رومانى

«قىزىل قىيا» رومانى «جۇڭگو - ئامېرىكا بىرلەشمە لاگېرى» دىكى ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ كۈرەشلىرىگە ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان، ئىنقىلابچىلارنىڭ تاڭ ئالدىدىكى زۇلمەتلىك يىللاردا ئېلىپ بارغان ھەل قىلغۇچ كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن نادىر ئەسەردۇر.

بۇ رومان ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى قولغا كەلتۈرگەن ناھايىتى يۇقىرى نەتىجىسى بىلەن يېڭى دەۋر ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرالايدۇ. رومانىنىڭ ئاپتورلىرى: لوگۇاڭبىڭ 1924 - يىلى تۇغۇلغان، ياڭيىيەن 1925 - يىلى توغۇلغان. ئۇلار ئازادلىقتىن ئىلگىرى پارتىيە رەھبەرلىكىدە جىياڭجېشى خاندانلىقىغا قارشى كۈرەشكە قاتناشقان. كېيىن ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن بېيگوڭگۇەن

(ئاق ساراي) ۋە زازىدۇك تۈرمىلىرىگە سولانغان. يورۇقلۇق بىلەن زۇلمەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئېلىشىشلىرىغا بىۋاستە ئىشتىراك قىلغان ۋە نۇرغۇن ئىنقىلابىي قۇربانلار ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەشلەرنى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ مەردانە قۇربان بولغانلىقلىرىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن. ئۇلار 50 - يىللاردىلا «يالقۇن ئىچىدىكى مەڭگۈلۈك ھايات» دېگەن ئىنقىلابىي ئەسلىمىنى يېزىپ چىقىپ، بۇ ئالاھىدە كۈرەش ئەھۋالىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئەكس ئەتتۈرگەنىدى. بۇ ئەسلىمە كەڭ كىتابخانىلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەنىدى. بۇ ئىككى يازغۇچى ئەشۇ ئەسلىمە ئاساسىدا «قىزىل قىيا» رومانىنى يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب 1961 - يىلى نەشىردىن چىقىپلا تەسۋىرلىگەن جىددىي كۈرەش مەنزىرىسى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئىنقىلابىي روھنىڭ يۈكسەكلىكى بىلەن كەڭ كىتابخانىلارنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلغانىدى. بىراق، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئىنتايىن يۇقىرى ئىناۋەتكە ئىگە بولغان بۇ ئەسەرنى ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىي» دا جىياڭ چىڭ گۇرۇھىدىكىلەر «خائىنلار ئەدەبىياتى» دەپ قارىلاپ، ئەسەر ئاپتورلىرىغا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئېغىر زىيانكەشلىك قىلدى. شۇ سەۋەبتىن لو گۇاڭبىنىڭ 1967 - يىلى ۋاقىتسىز قازا قىلدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن بۇ رومان قايتا نەشر قىلىنىپ، كەڭ كىتابخانىلار بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.

«قىزىل قىيا» رومانى چۇڭچىڭدىكى «جۇڭگو - ئامېرىكا

بىرلەشمە لاگېرى»دىكى جىددىي كۆرەشنى يىپ ئۇچى قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇپ ئەينى شارائىتتىكى سىنىپىي كۆرەشنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى كارتىنلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەسەر ۋەقەلىكى تۈرمە كۆرىشى، شەھەر ئىچىدىكى ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىشچىلار ھەرىكىتى، شۇنىڭدەك يېزا تايانچ بازىلاردىكى قوراللىق كۆرەشتىن ئىبارەت ئۈچ تال سۇژىت لىنىيىسىنى بويلاپ ئىلگىرىلەيدۇ. بۇ ئۈچ لىنىيە بىر تۈگۈنگە، يەنى تۈرمىدىكى كۆرەشكە مەركەزلىشىدۇ.

رومانىنىڭ ئاپتورلىرى مانا مۇشۇنداق جىددىي، ئالاھىدە كۆرەشنى يېزىپ ئازادلىقنى كۈتۈۋېلىش، ئەجەل ھۇدۇقۇشىدىكى دۈشمەنىنىڭ غالجىرانە قۇتراشلىرىنى بىت - چىت قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەل قىلغۇچ جەڭنى مەركەزلىك تەسۋىرلەيدۇ. روماندا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يوقىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان، ئازادلىق ئۇرۇشى غەلىبىگە يۈزلىنىۋاتقان ۋەزىيەت ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بەلگىلىك كەڭلىكتە ۋە چوڭقۇرلۇقتا يورۇتۇپ بېرىلگەن. ئىنقىلابچىلار ئومۇمىي جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن بولسىمۇ، لېكىن مەلۇم رايوندا ۋاقىتىنچە ئاجىزلىق قىلىۋاتقان شارائىتتىكى ئالاھىدە كۆرەشنىڭ مۇشەققەتلىكى ھەم مۇرەككەپلىكى ئىپادىلەنگەن. روماندا غالجىر دۈشمەنىنىڭ تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال ماھىيىتى پاش قىلىنىپ ئىنقىلابچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتقىچە بوشاشماي ئېلىشقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئاساسلىق قەھرىمانلار ئەڭ ئاخىرقى ئېلىشىشتا شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ روھى مەڭگۈ ياشايدۇ، دېگەن مەزمۇن پۈتۈن

ئەسەرگە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا رومان ئىنقىلابىي قەھرىمانلىقنى مەدھىيىلىگەن، ئىنقىلابىي قەھرىمانلارغا ئاجايىپ يۈكسەك خاتىرە مۇنارى تىكلەپ بەرگەن.

«قىزىل قىيا» ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ ئالدى بىلەن پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتا ئىپادىلىنىدۇ. رومان بىر ياكى ئىككى قەھرىماننىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەمەس، بەلكى بىر كوللېكتىپنى، يەنى جاپالىق شارائىتتا كۆرەشنى داۋاملاشتۇرىدىغان، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدىغان باتۇر ئىنقىلابچىلارنىڭ كوللېكتىپ ئوبرازىنى يارىتىشقا تىرىشقان. بۇنداق قىلىش رومانىنىڭ تېما ۋە مەزمۇن ئېھتىياجىدىن بولغان. تۈرمىدىكى بۇ كوللېكتىپ پارتىيە تەشكىلىنى يادرو قىلغان بولۇپ، ھەرقايسى سەپلەردىن كەلگەن پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ئىنقىلابچىلاردىن تەشكىللەنگەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىگە سادىق، ئىنقىلابىي ئىشلارغا بارلىقىنى ئاتىغان، دۈشمەنگە قارشى كۆرەشتە ئاجايىپ باتۇر، يولداشلىرىغا ئىنتايىن مېھرىبان، ئەقىل - پاراسەتلىك بولۇشتەك ئومۇملۇققا ۋە ئورتاق پەزىلەتلەرگە ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭدىكى ھەربىر كىشىنىڭ ئوخشاشمىغان كۆرەش سەرگۈزەشتىسى، كۆرەشلەردىكى ئوخشاشمىغان رولى ۋە ئورنى ئۇلارنى ئوخشاشمىغان ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە قىلغان.

شۈي يۈنفېڭ ۋە جياڭ شۆجيېڭ رومان‌دا مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئوبرازلاردۇر. پارتىيىنىڭ يەر ئاستى ئىشچىلار ھەرىكىتىگە مەسئۇل شۇجىسى شۈي يۈنفېڭ ئوتتۇرىغا چىقىش

بىلەنلا ئۇنىڭ مول كۆرەش تەجرىبىسىگە ئىگە پېشقەدەم كومـ
مۇنىست ئىكەنلىكى دەرھال بىلىنىدۇ. رومان ئۇنىڭ دۈشمەن
ھەرىكىتىنى سەگەكلىك بىلەن بايقاپ ئالغانلىقىنى، شياپىڭ
كىتابخانىسىنىڭ مەسىلىسىنى كەسكىنلىك بىلەن بىر تەرەپ
قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدە ۋەقەلىك ئارقىلىق ئۇنىڭ
ئاجايىپ يۇقىرى ئىنقىلابىي ھوشيارلىقى ۋە كىشى ھەيران
قالغىدەك ئالدىن كۆرەللىك ۋە پەرەز قىلىش ئىقتىدارىغا
ئىگە ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلىگەن. ئۇ شىنشىڭ چايخانىسىدا
شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لىجىڭيۈەنىڭ بىخەتەر يۆتـ
كۈلۈپ كېتىشى ئۈچۈن ئىشپىيونلارنىڭ دىققىتىنى جۇدۇڭلۇق
بىلەن ئۆزىگە قارىتىپ ئاجايىپ سالماقلىقىنى، پاراسىتىنى،
ئۆز - ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ناما-
يەن قىلىدۇ. رەھبىرى كادىرلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا رو-
مان يالغۇز ئۇنىڭ باتۇرلۇقى، مۇستەھكەم ئىرادىسى، قۇربان
بولۇشتىن قورقمايدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپلا قالماي، ئۇنىڭ
رەھبەرلىك سەنئىتىنى، مول كۆرەش تەجرىبىسىنى، ئاجايىپ
پەرەز قىلىش قابىلىيىتىنى، ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرگە تاقابىل
تۇرالايدىغان ئىقتىدارىنى گەۋدىلىك تەسۋىرلىگەن. مەسىلەن:
ئۇ دۈشمەنىنىڭ سوراقلىرىدا شۈپىڭفېينى خاتا پەرەز قىلىشقا
يېتىلەپ قويۇپ تەشكىلنى قوغدايدۇ. «زىياپەتتە» ماۋرېنفىڭنى
ئۆزىنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ: دۈشمەنىنىڭ كۆرۈنۈشتە
بوش، ئەمەلىيەتتە چىڭ بولۇشتەك سېلۋي قوللىنىۋاتقانلىقىنى
بىر قاراپلا بىلىۋالىدۇ - دە، ئۇلارغا توغرا تاكتىكا بىلەن تا-
قابىل تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كوممۇنىستلارنىڭ سىياسىي

ۋە ئىدىيىۋى جەھەتتە دۈشمەننى بىسىپ چۈشىدىغانلىقىنى، ھەرگىزمۇ دۈشمەننىڭ قورۇق ھەيۋىسىدىن قورقۇپ قالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بىرەلەيدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ تۈرمىدىن چىقىپ كېتىدىغان مەخپىي يولنى يولداشلىرىغا قالدۇرۇپ، قۇربان بولىدۇ. دېمەك ئۇ ئىنقىلابچىلارنىڭ ئۆز مەسلىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى قۇربان قىلىۋېتەلەيدىغان يۈكسەك پەزىلىتىنى نامايەن قىلىدۇ. مانا بۇ نۇقتا «قىزىل قىيا» رومانىنىڭ مەنىۋى جەۋھىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جىياڭ شۆجيەمۇ كىرەشلەردە پىشقان كوممۇنىست. ئۇ پارتىيىگە چەكسىز سادىق. ئۇنىڭ قەلبى ئىنتايىن پاك. ئۇنىڭ پارتىيىۋىلىكى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەرقانداق يەردە پارتىيە ئىنتىزامىغا قەتئىي بويسۇنىدۇ. خىزمەتكە ھەرگىزمۇ شەخسىي ھېسسىياتنى ئارىلاشتۇرمايدۇ. مەسىلەن: پورتتا پۇ جىگاۋىنىڭ كاستىيوم كىيىۋالغان تۇرۇقلۇق شىكلىنى ئۆزى كۆتەرگىنىدەك بىخەستەلىكىنى ئايىماي تەنقىد قىلىدۇ. خۇايىڭشەن تېغىغا كېتىۋېتىپ شەھەر سېپىلى ئۈستىگە قەپەزگە ئېلىپ ئېسىپ قويۇلغان ئۆز يولدىشىنىڭ بېشىنى كۆرگەندە، قەلبىنى ئۆرتەۋاتقان غايەت زور قايغۇنى بېسىپ ئۆزىنى تۇتىۋالىدۇ؛ ئەشۇ قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ كىرەشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. بولۇپمۇ ئۆلۈم ئالدىدا خۇددى ئادەتتىكىدەكلا يولداشلار بىلەن خوشلۇشۇپ «تۈرمە گۈلى»نى سۆيۈپ قويىدۇ؛ چېچىنى تاراپ كىيىمىنى رەتلىك كىيىپ، قولى بىلەن پۈرلەشكەن يەرلىرىنى تۈزەپ قويىدۇ. ئۇلار ئاددىي ھەرىكەت تەسۋىرلىرى بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ خۇددى ئۆزى ئېيتقانىدەك «كوممۇنىزم غايىسىز

ئۇچۇن قۇربان بولۇشقا توغرا كەلسە، چىراي ئۆزگەرتمەي، قىلچە ھولۇقماي تۇرۇپ قۇربان بولىمەن» دېگەن قەسەمنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئاپتور ئۇنىڭ ئوبرازىنى ياراتقاندا، نۇقتىلىق ھالدا ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى يورۇتۇپ بېرىشكە ئېتىۋار قىلغان. ئۇنىڭ پرولېتارىياتلىق دۇنيا-قارىشىنى، تۇرمۇش قارىشىنى، ئۇنىڭ خاراكتېر تەسۋىرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇنى پرولېتارىياتلىق چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى قىلغان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا رومان يەنە تۈرمىدىكى پارتىيە تەشكىلىنىڭ رەھبىرى چىشياۋ چيەنىڭ جاسارەتلىك ئوبرازىنى، خۇازىليانىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە قەھرىمانلىقىنى؛ تەۋرەنمەس ياش كوممۇنىست چېڭگاڭنى؛ ئوچۇق، خۇشخۇي، باتۇر ياش ئىشچى يۈي شىنجياڭنى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان، ھەرقانداق سىناقتىن ئۆتەلەيدىغان ئىنقىلابىي زىيالىي ليۇ سىياڭنى؛ سەممىي، چىچەن، قىزىقچى ئۇممىدۋار دېھقان، پارتىيە ئەزاسى دىڭ چاڭفانى، كۆرۈنۈشتە تارتىنچاق، ئەمما مۇستەھكەم ئىرادىلىك، مول كۆرەش تەجرىبىسى ۋە سەرگۈزەشتىسىگە ئىگە بولغان، ئۆزىنىڭ جەڭچىلىك سۈپىتىنى باشتىن - ئاخىر ساقلاپ كەلگەن 4 - ئارمىيە جەڭچىسى لۇڭ گۇاڭخۇا قاتارلىقلارنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان. سەلبىي قەھرىمان شۈ يىڭفېينىڭ ئوبرازىنىمۇ تىپىك ئوبراز دېيىشكە بولىدۇ. ئاپتورلار بۇ ئوبرازنى ئاددىيلاشتۇرۇۋەتمىگەن؛ بەلكى ئۇنى تىپىك شارائىت ئاستىغا قويۇپ ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلىگەن. ئۇنىڭ شىياپىڭ كىتابخانىسىغا بې-

سىپ كىرىشنى ئۇيۇشتۇرغانلىقى، پۇجىگاۋنىڭ ئاسىيلىق قىلىمىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى، شۈي يۈنفېڭنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى قاتارلىق بىر تۈركۈم ۋەقە - ھادىسىلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ ئەكسىلئىنقىلابى «بىگىسى»سىنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ روھى ۋە ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەپ ياۋۇز، ۋەھشىي خاراكتېرىنى ۋە ماھىيىتىنىڭ قۇرۇق شاكالدەك پۈچەك ئىكەنلىكىنى ئېچىپ بەرگەن.

ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى كەڭ، ئەمما ناھايىتى پۇختا بولۇش، مۇرەككەپ، لېكىن مەركەزلىك بولۇش — بۇ «قىزىل قىيا»نىڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكىدۇر. رومان تەسۋىرلىگەن تۇرمۇش مەيدانى كەڭ، يىپ ئۇچلىرى نۇرغۇن، بىراق ئازراقمۇ قالايمىقانچىلىق يوق. مەسىلەن: جىياڭ ھەدىنىڭ خىزمىتىنىڭ يۆتكىلىشى ئارقىلىق شىمالىي سىچۈەندىكى قوراللىق كۈرەش يېزىلغان. «ئالغا گېزىتى» ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان يۈي شىنجىياڭ، چىڭگاڭنى يېزىش ئارقىلىق ئىشچىلار ھەرىكىتىنى تەسۋىرلىگەن. چىڭسۈگلىن، چىڭ ياۋ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى ئۈستىدە توختالغان. پۇجىگاۋنىڭ خائىنلىقى تۈپەيلىدىن شۈي يۈنفېڭ، جىياڭ ھەدە، يۈ شىنجىياڭ، چىڭگاڭ، لىيۇ سىياڭلار لاگىرغا يىغىلغان. لىيۇ سىياڭنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ۋە يەنە تۇتۇلۇشى بەيگوڭگۇەن (ئاق ساراي) بىلەن زازىدۇڭنىڭ كۈرىشىنى بىر - بىرىگە باغلىغان. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسەردە ئورگانىك بىرىكىپ بىر گەۋدىنى تەشكىل قىلغان. پۈتۈن كۈرەشلەرنىڭ ھەممىسى دۈشمەننىڭ ئەڭ ئاخىرقى بۇزغۇنچىلىقىنى بىت - چىت قىلىپ، چوڭچىڭ-

نىڭ ئازادلىقىنى كۈتۈۋېلىشتىن ئىبارەت ئورتاق مەخسەتكە باغلانغان مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسەر ئاپتورلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى بەدىئىي ماھارىتىنى دېرەكلەپ بېرىدۇ.

پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى (پسىخىكىسىنى) چوڭقۇر قېزىش، مۇھىت - شارائىتىنى يورۇتۇپ بېرىش — بۇ روماننىڭ يەنە بىر بەدىئىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «قىزىل قىيا» رومانىدا پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسى چوڭقۇر قېزىلغان، ئىچكى كەچۈرمىشلىرى ئىنچىكىلىك بىلەن بايان قىلىنغان. مەسىلەن: دۈشمەن چىڭگاڭغا «ئىقىرار قىلدۇرۇش ئوكۇلى» ئۇرغاندا چىڭگاڭنىڭ قىلغان خىياللىرى، جياڭ ھەدىنىڭ ئۆز يولدىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىنكى روھىي ھالىتى، خۇخاۋنىڭ پارتىيىگە كىرىش ئۈچۈن ئىلتىماس يېزىپ بولۇپ قىلغان خىياللىرى، كىچىك لوبۇ باش بالىنىڭ گۆدەك بالىلارغا خاس خىياللىرى، دىڭ چاڭفانىڭ كېسەل ھالەتتە يېتىپ كۆرگەن چۈشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىۋاسى ئىنقىلابچىلارنىڭ ئالاھىدە شارائىتتىكى روھىي پائالىيەتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. رومان پسىخىك تەسۋىرلەرنى خېلى كۆپ ھاللاردا مۇھىت تەسۋىرىگە ياندىشتۇرۇپ ئېلىپ بارغان. بۇ ئارقىلىق مۇھىم تەرەپنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈنۈمىگە ئېرىشكەن. مەسىلەن: تۈرمىنىڭ سوغۇق، سۈرلۈك، مۇدھىش كۆرۈنۈشى يېڭى يىلنى تەبرىكلەش يىغىنىنىڭ قىزغىن كەيپىياتى بىلەن ياندىشتۇرۇلغان ۋە سېلىشتۇرما قىلىنغان، بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابچىلارنىڭ لاۋۇلداپ تۇرغان ئىنقىلابىي روھى، غەلىبىگە تولۇپ-تاشقان ئىشەنچىسى ۋە ئۈمىدۋارلىقى گەۋدىلەنگەن.

«قىزىل قىيا» رومانى ئەسلىدىكى «يالقۇن ئىچىدىكى مەڭگۈلۈك ھايات» ناملىق ئىنقىلاۋىي ئەسلىمە ئاساسىدا يېزىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭدا ئەسلىمىنىڭ تەسىرى خېلىلا ساقلىنىپ قالغان. پېرسوناژلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەقىقىي ئادەملەر بولۇپ ۋەقەلىكمۇ ھەقىقىي بولغان ئىشلاردۇر. ئەسەر ئاپتورلىرى ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق بولغان ۋە ئۆزلىرى سۆيگەن بۇ قەھرىمانلارنى ئىلاج بار قالدۇرماي يېزىشنى ئويلىغان. ئاپتورلار ئەسلىدىكى پروتوتىپ ۋە ھەقىقىي ۋەقەلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان بولغاچقا، ئەسەردە مۇھىم قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈش ۋە ئۇلارنى نۇقتىلىق يېزىشقا تەسىر يەتكۈزگەن. بولۇپمۇ بۇ ئوبرازلاردىكى ئۆزگىچىلىك روشەن ئىپادىلەنمىگەن، پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى يېتەرلىك يورۇتۇلمىغان. بۇ ئەسەردىكى ئەڭ چوڭ يېتەرسىزلىك سانىلىدۇ. پېرسوناژلار تىلىدىكى ئۆزگىچىلىكمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە ئىپادىلەنمىگەن. بۇ نۇقسانلار ئوبراز يارىتىشقا مەلۇم دەرىجىدە زىيان يەتكۈزگەن.

## 4 - §. ياڭ مۇ ۋە ئۇنىڭ «ياشلىق ناخشىسى» رومانى

«ياشلىق ناخشىسى» رومانى ئازادلىقتىن كېيىن يېزىلغان، پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى تەسۋىرلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەردۇر.

يازغۇچى ياڭ مۇنىڭ ئەسلى يۇرتى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شياڭيىنىڭ ناھىيىسى بولۇپ، ئۇ 1914 - يىلى بېيپىڭ (ھازىر-

قى بېيجىڭ) دا بىر ئالىي مەكتەپ مۇدىرى (قوشۇمچە پومېشـ-
چىك) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان
چاغلىرىدا ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىدىن باشلاپلا جۇڭگو ۋە
چەت ئەللەرنىڭ مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشـ-
قان. بۇ ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىجادىيىتى ئۈچۈن ئاساس بو-
لۇپ قالغان. ئۇ ئائىلىسىنىڭ چات كېرىپ ياتلىق قىلماقچى
بولغانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، ئۆيىدىن قېچىپ چىقىپ، ئۆزى
يالغۇز هايات كەچۈرۈشكە باشلىغان. خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شياڭـ-
خې ناهىيىسىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان. يەنە
ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى، كىتابخانا خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن.
ئۇ ئەنە شۇنداق سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا پار-
تىيە بىلەن ئۇچراشقان. بۇ كەچمىشلەر كېيىن ئۇنىڭ «ياشـ-
لىق ناخشىسى» رومانى ئۈچۈن تۇرمۇش ئاساسى بولۇپ قالغان.
ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، ئۇ جىجۇڭ را-
يونىدىكى ياپونغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشقا قاتنىشىپ ئا-
ياللار خىزمىتىنى ئىشلىگەن. كېيىنچەرەك «جىنساجى گېزىتى»
ۋە «تاڭ» گېزىتىنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئىشلەپ ئۇنىڭ
ئەدەبىي بېتىگە مەسئۇل بولغان. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن، دەسـ-
لەپتە «خەلق گېزىتى» نىڭ تەھرىرى بولغان. كېيىنرەك بېيـ-
جىڭ شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈملۈك
خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1952 - يىلى كىنو - سىنارىيە ئىجادىيەت
بولۇمىدە مۇهەررىرلىك قىلغان، 1957 - يىلى بېيجىڭ كىنو
ستودىيىسىنىڭ ئىجادىيەتچىسى بولغان. 1963 - يىلى يازغۇ-
چىلار جەمئىيىتىنىڭ بېيجىڭ شۆبىسىدە مۇئاۋىن رەئىس بول-

غان. ئۇ هازىر ھەم شۇ خىزمەتنى ئىشلىمەكتە.

ياغۇچى ياڭ مۇ ئۆزىنىڭ شەخسى كەچۇرمىشلىرى، توپلىغان مول ماتېرىئاللىرى، پۇختا تۇرمۇش ئاساسىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، 1950 - يىلى «ياشلىق ناخشىسى» رومانىنىڭ ئىجادىيىتىگە رەسمى كىرىشكەنىدى. رومان 1957 - يىلى نىويابىردا نەشىردىن چىقتى ۋە نەشىردىن چىقىپلا كەڭ كىتابخانلار ئىچىدە ھەم ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە چوڭ تەسىر قوزغىدى. 1959 - يىلى «جۇڭگو ياشلىرى» ۋە «ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى» بۇ ئەسەر ئۈستىدە مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇردى. ياڭ مۇ كەڭ كىتابخانلارنىڭ پىكرىگە ئاساسەن رومانغا لىن-داۋجىڭنىڭ يېزىدا ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ۋە بېيجىڭ داشۆ ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى توغرىسىدىكى باب - پاراگرافلارنى كىرگۈزدى. ئۆزگەرتىلگەن نۇسخا 1960 - يىلى مارتتا نەشىر قىلىندى.

«ياشلىق ناخشىسى» رومانى ئىنقىلابىي زىيالىيلارنىڭ كۆرەش ۋە تۇرمۇشىغا بېغىشلانغان بولۇپ ئەينى يىللاردىكى تارىخىي رېئاللىقنى ۋە جەمئىيەت قىياپىتىنى خېلى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ ئىنقىلابىي زىيالىيلارنىڭ ئالغا بېسىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا ئەسەرنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى چوڭ. بۇ رومان ئېلىمىزدە كەڭ كىتابخانلار سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ياخشى ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ چەت تىللارغىمۇ تەرجىمە قىلىنغان.

«ياشلىق ناخشىسى» رومانى «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن «9 - دېكابىر» ھەرىكىتىگىچە بولغان ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇغۇ-

چىلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ تۇرۇپ شەخسى قارشى تۇرۇش يولىدىن ئىنقىلاب يولىغا ماڭغان ياش زىيالىي لىن داۋجىڭنىڭ ئوبرازىنى ۋە ھەرخىل زىيالىيلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىدۇ. ياشلارنىڭ ئەشۇ يىللاردىكى ئويغىنىش ۋە پارچىلىنىشىنى ۋە قايتا تەشكىللەنگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ياش ئەۋلادلارنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە ۋە تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىنى تەسۋىرلەيدۇ ۋە ئىنقىلابىي ياشلىقنى مەدھىيە ناخشىسى ئوقۇيدۇ.

ئاساسىي قەھرىمان لىن داۋجىڭ ئۆسۈش ئىچىدىكى پېرسوناژ بولۇپ، ئۇ جاپا-مۇشەققەتلىك ئىنقىلابىي كۆرەشلەر ۋە ئەگرى-توقايلىق تاۋلىنىش، ئۆزگىرىش جەريانىدا تەدرىجىي تاكامۇللىشىپ بارغان تىپىك ئوبرازدۇر.

ئەسەر باشلانغاندا ئۇ فېئودال ئائىلىسىدىن قېچىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ چىقىش يولىنى ئىزدەپ يۈرگەن ئىشسىز ياش بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

ئۇ گۇەنلياۋ پومېشچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆز ئانىسى پومېشچىك تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىپ ئۆلۈپ كەتكەن. لىن داۋجىڭ ئۆگەي ئانىنىڭ دەشناملىرى ئاستىدا خارلىنىپ ئۆسكەچكە، كىچىكىدىن تارتىپلا قەيسەر، جىمغۇر، قارشىلىق كۆرسىتىدىغان خاراكتېرنى يېتىشتۈرگەن. شۇڭا ئۇ خورلۇق ئازابىغا چىدىماي، بۇ ئائىلىدىن ئىبارەت قەپەزدىن قېچىپ چىقىدۇ. لېكىن ئۇ تېخىمۇ مۇدھىش، تېخىمۇ قاراڭغۇ قەپەزگە، يەنى زۇلمەتلىك جەمئىيەتنىڭ تۆمۈر چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ھېچ بىر

تېرىكى يوق، قارشىلىق قىلىشقا كۈچ-مادارى قالمىغان ئۈمىد-
سىز لىن داۋجىڭ ئاخىرى ئۆز ھاياتىنى ئۆلۈم بىلەن ئاياغ-
لاشتۇرماقچى بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ كەچۈرمىشلىرى ئەينى دەۋر-
دىكى ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىيلىرىنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەتلىك
جەمئىيەتتە چىقىش يولى تاپالمايدىغانلىقىنى، قارشىلىقىنىڭ
كۈچسىز بولىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەسەر باشلىنىش
بىلەنلا ئاپتور بۇ شەخسنىڭ تەقدىرى بىلەن كەڭ ئىجتىمائىي
رېئاللىقنى باغلاپ، ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە پائالىيىتىنى تېخىمۇ
چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇن بىلەن تەمىنلىگەن.

بىر ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىيسىنىڭ كوممۇنىزم جەڭچى-
سى بولۇپ تاۋلانغان تىپىك ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن رېئال
تۇرمۇشتىن چىقىپ، ئۇنىڭ ئۇششاق بۇرژۇئازىيىگە خاس ئى-
دىيىۋى ھېسسىياتى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئىپادىلىنىش
شەكلىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى ناھايىتى
زۆرۈر. شۇڭا ئەسەر ئۇنىڭ بەختسىزلىكىنى تەسۋىرلىگەندە
رېئال تۇرمۇشنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى پاش قىلىپ كۆرسىتىش بىلەن
بىرگە ئۇنىڭ ئەشۇ شارائىت ئاستىدىكى ئالاھىدە ئىدىيىۋى
ھېسسىياتىنى، روھىي ھالىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەپ
كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ يۇيۇڭزى بىلەن مۇھەببەتلەشكەنلىكى ۋە
ئارقىدىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرغانلىقى، بىر مۇھىم ۋەقە-
لىكتۇر. بۇنىڭدا ئۇنىڭ بالىلىقى، ھەممىگە قىزىقىپ، ھەممىگە
ئىشىنىدىغانلىقى، ئەمەلدە يوق خام خىياللاردا بولىدىغانلىقى
قاتارلىق ئاجىزلىقلىرى خېلى تولۇق ئىپادىلەنگەن. بۇلارنىڭ
ئۆزى دەل ئەشۇنداق ئۇششاق بۇرژۇئا زىيالىيلىرىدا ئادەتتە

بولىدىغان ئورتاق كېسەللىك ئىدى. مانا مۇشۇنداق بولغاچقا ئۇنىڭ چېنىقىش، تاۋلىنىش جەريانى جاپالىق ۋە ئەگرى-توقاي بولغان.

لىن داۋجىڭنىڭ ئىزلىنىش ۋە ئىنتىلىشلىرى پەقەت پار-تىيە بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ۋە دەۋر ئېقىمىغا ئۆزىنى بېغىشلىغاندىن كېيىنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇنىڭ جاپالىق، ئەگ-رى-توقاي چېنىقىش جەريانى پۈتۈنلەي ئىنقىلابىي كۈرەش ئەمەلىيىتىدە ئىشقا ئاشىدۇ. رومان ئۇنىڭ لۇ جياچۇەنگە ئىك-كى قېتىم ئۇشتۇمتۇت ئۇچرىشىپ قېلىپ، ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇغۇ-چىلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ قالغانلىقىدەك تاسادىپىيلىق ئارقىلىق دەۋرنىڭ ياشلارنى ئۆزىگە تارتىدىغانلىقىدەك تارى-خىي مۇقەررەرلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئىدىيە جەھەتتىكى دەسلەپكى يېڭى تونۇش ئۇنىڭ يۈيۈڭزىنىڭ ھەقىقىي قىياپە-تىنى تونۇۋېلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. نەتىجىدە ئۇ يۈيۈڭزى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ چاكىنا، قۇرۇق، مەنىسىزلىكىنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئاجرىشىش قارارىغا كېلىدۇ. لېكىن ھەرىكەت قىلىدىغان مەزگىلدە ئۇنىڭدا جۈرئەت كەم بولۇپ تەمتىرەپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن كىتابخانلار ئادا-جۇدا بولۇشنىڭ تەسلىكىنى، بىرىنچى قەدەمنى بېسىشنىڭ ئوڭاي ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالالايدۇ. پارتىيىنىڭ يېتەكلىشى، دەۋرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇ ئاخىر بىرىنچى قەدەمنى باسىدۇ. شۇندىن كېيىن رومان بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ياپونغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقان، يېزىلارغا بېرىپ خىزمەت ئىشلەپ بارغان، تۈرمىدە كۈرەشنى داۋاملاشتۇرغان، بېيجىڭ

داشۇ ئوقۇغۇچىلار ھەربىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ ئىنقىلاب ئوتىنى ئۇلغايتقان پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ، ئۇنىڭ قەھرىمانلىقى، ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا خىزمەت قىلغانلىقى ۋە كۆنسېرى پىشىپ يېتىلىۋاتقانلىقلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇش بىلەن بىرگە يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم تۇرمىگە چۈشكەندە ئۆلۈمنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ ھودۇققانلىقى، يېزىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقاندا ھاللىق دېھقان جېن دېفۇنىڭ ئۆزىگە ئالايغانلىقىنى كۆرۈپ خورلۇق ھېس قىلىپ كەتكەنلىكلىرى، خىزمەتلەر ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەندە، يەر ئاستى خىزمەتتىن يۆتكىلىپ، قىزىل ئارمىيىگە قاتنىشىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغانلىقلىرى، رىك يۇجۇ ئاتا-بالىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندە ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتقانلىقى ۋە ھېسداشلىق قىلغىنىدىن ئۆزىنى تۇتالماي ئۆزىنىڭ كومپارتىيىنىڭ يەر ئاستى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىمى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقى... قاتارلىقلار ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى ئەگرى-تۇقايلىقىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭدا ساقلانغان ئاجىزلىقلار كۆپ بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ ئۆزگىرىش تەلپىنىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كونا ۋە يېڭى ئىدىيىلەرنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇش جەريانىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى كۆرسىتىپ كىشىنى قايىل قىلىدۇ. دېمەك، روماننىڭ ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ سىنىپىي چەكلىمىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنى يېڭىشنىڭ بىر كۈنلۈك ئاسانلا ئىش ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەت ئىدىيە ئۆزگەرتىش،

چىنىقىش جەريانىنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئىشىنەرلىك قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

رومان بۇ ئۆزگىرىشنى رېئالىستىك ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن ناھايىتى ئىنچىكىلەپ بايان قىلغاچقا لىن داۋجېڭدەك بۇنداق 30-يىللاردىكى ئىنقىلابىي زىيالىيلارنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىمىزدا گۆشى-ئۇستىخىنى بار جانلىق بىر قەھرىمان بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ. كىشىلەر لىن داۋجېڭ بېسىپ ئۆتكەن بۇ ئەگرى-توقاي مۇرەككەپ يولدىن پارتىيىنىڭ تەربىيىسى، يول كۆرسىتىشىنىڭ ئوينىغان غايەت زور رولىنى كۆرۈۋالالايدۇ. دېمەك، پارتىيىنىڭ تەربىيىسى ۋە سوبيېكتىپ تىرىشچانلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىككى تەرەپ بىرلەشكەنلىكى ئۈچۈن، لىن داۋجېڭ ھەقىقىي بىر كوممۇنىزم جەڭچىسىگە ئايلانالىغان. بۇ يول بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى ياشلار ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

لىن داۋجېڭنىڭ ئۆسۈش ۋە يېتىلىش يولىدا ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنغان ۋە تەسىر كۆرسەتكەن لۇجيا چۈەن، جياڭخۇا ۋە لىن خۇڭلارنىڭ ئوبرازىمۇ پارتىيىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ناھايىتى ياخشى يارىتىلغان.

لۇجيا چۈەن باتۇر، سالماق، پاراسەتلىك كوممۇنىست ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قابىل يېتەكچىسى. ئۇ رومان‌دا نىسبەتەن ئاۋالراق قۇربان بولۇپ كېتىدۇ. روماندا پەقەت ئىلگىرىكى بۆلۈمدە تەسۋىرلەنگەن نەنجىڭگە بېرىپ تەلەپ قويۇش نامايىشى ۋە تۈرمىدىكى كۈرەشلەر ئارقىلىقلا ئۇنىڭ قەھرىمانلىقىنى، يۈكسەك پەزىلىتىنى گەۋدىلىك ئىپادىلىگەن، گەرچە ئۇ

بالدۇر قۇربان بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ لىن داۋجىڭغا يازغان ۋەسىيەتنامىسى ۋە لىن داۋجىڭنىڭ ئۇنى داۋاملىق ئەسلەپ، سېغىنىشلىرى ئۇنىڭ رولىنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭ ئوبرازىنى تولۇقلىغان ۋە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلغان.

جياڭخۇا ياپونغا قارشى تۇرۇپ، قۇللۇقتىن قۇ- تۇلۇش كۈرىشىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرسى. لۇجيا چۈەن قۇر- بان بولغاندىن كېيىن، بۇ رومانىدا پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى جياڭخۇا ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. لىن خۇڭ لىن داۋجىڭنىڭ تۈرمىدە تونۇشقان سەپدىشى. رومان تۈرمىدىكى كۈرەش تەس- ۋىرلەنگەن قىسىمىدا تەپسىلات ئارقىلىق ئۇنىڭ مۇستەھكەم ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى ۋە ئالىيجاناب روھىنى قىزغىن مەد- ھىيىلەيدۇ.

ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە ئەينى يىللاردىكى ھەر خىل زى- يالىيلارنىڭ قىياپەتلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشقان. مەسى- لەن: مىللەتنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى بىلەن قىلچە كارى بول- ماي، پايدا، نام قوغلىشىپ ئەڭ ئاخىرى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈم- رانلارنىڭ قول چوماقچى بولۇپ كەتكەن زىيالىي يۈيۈڭزى، ئىلگىرى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە قاتناشقان، لېكىن ئىنقىلابقا پەقەت ئۇششاق بۇرژۇئازىيىگە خاس قۇرۇق خىيال بىلەنلا ھەۋەسلىنىپ يۈرگەن، ئۆزىنىڭ شەخسىي راھىتىنى دەپ ئاخىرى چۈشكۈنلىشىش يولىغا مېڭىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئويۇن- چۇقىغا ئايلىنىپ قالغان بەيلىپىڭ ۋە ئاغزىدا ئىنقىلابىي شۇ- ئارلارنى كۆچەپ توۋلاپ يۈرۈپ، جىددىي پەيتتە دۈشمەنگە

تىز پۈككەن دەيىۋى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دەۋرنىڭ ئەخ-
لەتلىرى سۈپىتىدە يېزىلغان.

روماندا ئەڭ كۆپ سەھىپە ۋە كۈچ بىلەن تەسۋىرلەپ
كۆرسىتىلگەنلەر، دەۋرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقان، كۈنسېرى
ئۈيغىنىپ مەيدانغا كۆكرەك كېرىپ چىققان شىنىيىنىڭ، ۋاڭ-
شاۋيەن ۋە ئۇنىڭ دادىسى ۋاڭ خۇگيىنىڭ قاتارلىقلاردۇر. ئۇ-
لارنىڭ ماڭغان يولى بىر - بىرىگە ئوخشىمىسپ كەتمەيدۇ. مانا
بۇ ئوخشىماسلىق بۇ پاراكەندىچىلىك يىللاردا زىيالىيلار-
نىڭ ئىنقىلابىيلىق ۋە ئېغىش خاھىشىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى
كۆرسىتىدۇ. لېكىن ئۇلار پارتىيىنىڭ يول كۆرسىتىشى ئارقى-
سىدا، كۈرەش ئىچىدە تاۋلىنىدۇ. تەدرىجى سۈرئەتتە ئىنقىلاب
يولىغا ماڭىدۇ. بۇ زىيالىيلارنىڭ ئاساسلىق تارىخى يۆنىلى-
شىدۇر. روماندا بۇ پېرسوناژلار ۋە لىن داۋجىڭ، لۇ جياچۇەن،
جياڭخۇا، لىن خۇگلارنىڭ ئوبرازلىرى ئۆزئارا گىرەلىشىپ ئەي-
نى دەۋردىكى زىيالىيلارنىڭ ئاساسى ئېقىمى ۋە ئۇلارنىڭ
پائالىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. «ياشلىق ناخشىسى» رو-
مانى مانا مۇشۇنداق كۆپ ئوبرازلار ئارقىلىق مۇشۇ تارىخى
دەۋردىكى بېيىپىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەت-
لىرىنى ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىنى ئوبرازلىق ئىپا-
دىلىگەن. يەنى 30 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىجتى-
مائىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

روماننىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنىڭ ئوبراز يارى-
تىشىدا كۆرۈلىدۇ. روماندىكى ئوخشاشمىغان پېرسوناژلار ئوخ-
شاش بىر ئىشقا، ھادىسىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ ئوخشاش

بولىغانلىقى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلىرى، پىسخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئاپتور ھەر خىل پېر-سوناژلارنى تىپىك شارائىت ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى، ئۇلارنىڭ ئوخشاشمىغان دەۋردىكى ئوخ-شاشمىغان ئىپادىلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن ئېچىپ كۆرسىتىدۇ. مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئاساسىي قەھرىماننىڭ ئوبرازى ۋە باشقا پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازلىرى جانلىق ۋە تەسىرلىك چىققان. بۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ تۇرمۇشنى كۆزىتىشنىڭ چوڭ-قۇر بولغانلىقىنى، ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي بولغانلىقىنى كۆرۈۋې-لىش تەس ئەمەس.

رومانىنىڭ قۇرۇلۇشى پۇختا ۋە مۇكەممەل. ئۇنىڭدا كۆپ ئادەم ۋە نۇرغۇن ئىشلار تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، تەس-ۋىرلەش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، ئاپتور بۇلارنى لېن داۋ-جېڭ قاتارلىق ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىن ئىبارەت يىپ بىلەن تۇتاشتۇرغان. شۇڭا ئەسەر كىشىگە باغلىنىشى يوقتەك تۇيغۇنى بەرمەيدۇ. ئەسەرنىڭ تىلى راۋان بولۇپ، بەدىئىيلىك جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. لېكىن ئەسەر يەنە مەلۇم يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي ئەمەس. بۇ يې-تەرسىزلىكلەر ئاساسەن كۆلەملىك ئاممىۋى ھەرىكەت مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەشنىڭ ئاددىي ۋە كۈچسىز بولۇپ قال-غانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا پېرسوناژلار تىلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى كۈچلۈك ئەمەس. يۇقىرىقىدەك يېتەرسىزلىكلەر ئەسەردىكى ئوبرازلارنىڭ مۇكەممەللىكىگە ۋە ئەسەرنىڭ بەدى-ئىي ئۈنۈمىگە ئازدۇر-كۆپتۇر نۇقسان يەتكۈزگەن.

## 5 - §. دۇپىڭچېڭ ۋە ئۇنىڭ «يەنئەن مۇداپىئەسى» رومانى

### 1 . دۇپىڭچېڭنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى

دۇپىڭچېڭ پروزىنىڭ رومان، پوۋېست، ھېكايە تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن يازغۇچى.

ئۇ 1921 - يىلى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خەنچېڭ ناھىيىسىدە بىر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپ غۇربەتچىلىك ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن. 1938 - يىلى يەنئەنگە بېرىپ ئىنقىلابقا قاتناشقان، شۇ مەزگىللەردە لۇشۈن نامىدىكى سەنئەت مەكتىپىدە، 8 - ئارمىيىنىڭ ئارمىيە بىلەن بىللە يۆتكىلىپ يۈرىدىغان مەكتىپىدە، يەنئەن داشۆسىدە ئوقۇغان. ئوقۇشتىن كېيىن شاگەنىنىڭ چېگرا رايونىدىكى يېزا ۋە زاۋۇت - كانلاردا خېلى يىللار ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنى ئىشلىگەن. بۇ دەۋردىكى كەچۈرمىشلەر ۋە ئىزدىنىشلەر ئۇنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئەدەبىي جەھەتتىن تەربىيىلىگەن. شۇ جەريانىدا ئۇ شىمالىي شەنشى خەلقىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە شۇ جاينىڭ شارائىتى قاتارلىقلار بىلەن خېلى تونۇشۇپ چىققان. 1947 - يىلى 3 - ئايدا ئارمىيىمىز يەنئەندىن چېكىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي دۇپىڭچېڭ ئارمىيە مۇخبىرى سۈپىتى بىلەن غەربىي شىمال دالا

ئارمىيسىگە قاتناشقان. مانا بۇ يىللار ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئالاھىدە دەۋر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قوشۇن رەھبەرلىكىنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا ئۇ بىر قەھرىمان لىيەندۇيگە تۇرمۇش ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلىدۇ. «ئۇ قوشۇنغا ئەگىشىپ نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتنىشىدۇ، غەربىي شىمالدىكى نۇرغۇن جايلارغا بارىدۇ. تا 1949 - يىلى قوشۇن بىلەن بىللە پامىر ئېگىزلىكىگە بارغىچە ئۇ قۇملۇقلار، يايلاقلار، چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىدۇ، سان -ساناقسىز تاغ - ئېدىرلاردىن ھالقىپ، دەريا - ئېقىنلاردىن ئۆتىدۇ.» ئۇ بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان ئۇچېرىك، خەۋەر، سەنئەت ۋە ئەدەبىي ئاخباراتلارنى ھەم سەھنە ئەسەرلىرىنىمۇ يازىدۇ (بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «لاگىر» ناملىق كىچىك ئوپېرا 1950 - يىلى شەنشى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان) شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ئىنتايىن جاپالىق ئۇرۇش شارائىتىدا، ھەربىي يۈرۈش سەپىرى جەريانىدا ئىككى مىليون خەتتىن كۆپرەك خاتىرە يېزىپ، ئىجادىيەت ئۈچۈن ماتېرىيال توپلىۋالىدۇ. 1949 - يىلىدىن باشلاپ ئۇ «يەنئەن مۇداپىئەسى» ناملىق رومان ئۈستىدە قەلەم تەۋرىتىشكە باشلايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ جەرياندىكى ئىجادىيىتى ئۈستىدە توختالغاندا «مەن خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا مىليون خەتلىك ئاخبارات ئەدەبىياتىنى 600 مىڭ خەتتىن ئارتۇق رومان قىلىپ ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىشلىدىم. 600 مىڭ خەتلىك رومانىنى 170 مىڭ خەتلىك قىلىپ قىسقارتتىم. ئاندىن ئۇنى يەنە 700 مىڭ خەت قىلىپ يازدىم. ئارقىدىن 400 مىڭ خەتلىك، كېيىن يەنە 300 مىڭ خەتلىك قىلىپ ئۆزگەرتتىم...

تۆرت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە يازغانلىرىمنى جەمئىي
9 قېتىم ئۆزگەرتتىم. كىچىك ئۆزگەرتىش، تۈزىتىشلەرنى سا-
ناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ» * دەيدۇ. دېمەك ئۇ بۇ رومان
ئۈستىدە كۆپ ئىشلىگەن. 1954 - يىلى يازدا «يەنئەن مۇ-
داپىئەسى» رومانى نەشىردىن چىقىپ، كەڭ كىتابخانلار
ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا
ئېرىشتى.

دۇپىڭچىڭ 1954 - يىلى شىنخۇا ئاگىنتلىقىدىن ئايرى-
لىپ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىئەن شۆبىسىگە كېلىپ،
كەسپىي يازغۇچى بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدى. تۇرمۇش ئۈگى-
نىش ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە تۆمۈر يول ۋە باشقا قۇرۇ-
لۇش ئورۇنلىرىدا ئىشلىدى. ئۇنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى
بولغان «تىنىچ كۈنلەردە» پوۋېستى 1958 - يىلى نەشر قى-
لىندى. ئاپتور بۇ ئەسىرىدە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇ-
رۇلۇش دەۋرىدىكى تۆمۈر يول ئىشچىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئارقا
كۆرۈنۈش قىلىپ تۇرۇپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ كۈرىشىنى،
قۇرغۇچىلارنىڭ ئارىسىدىكى يۈكسەك كوممۇنىستىك ئىدىيە
بىلەن چاكىنا شەخسىيەتچىلىك كۆز قاراشلىرىنىڭ توقۇنۇش-
لىرىنى تەسۋىرلەپ، تىنىچلىق دەۋرىدە ئىنقىلابچىلار قانداق
خىزمەت قىلىشى، كۈرەش قىلىشى كېرەك؟ دېگەن مەسىلىنى
ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

قۇرۇلۇش دۈيجاڭى، قۇرۇلۇش بازىسىنىڭ پارت-

* دۇپىڭچىڭنىڭ «يەنئەن مۇداپىئەسى» نىڭ قايتا نەشرىگە ئاخىرقى سۆز» دىن

تىنوم شۇجىسى يەن شىڭ ئەسەردە مەدھىيىلەنگەن پېرسوناژ بولۇپ، ئۇ ئۇرۇش يىللىرىدىكى جەسۇرلۇقىنى، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرىغا بولغان ساداقىتىنى، ئىسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى يوقاتمىغان. ئۇ بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى بۇرچىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەن.

مۇئاۋىن دۇيجاڭ لياڭ جيەن دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن تۇرمۇشنىڭ خالتا كوچىسىغا كىرىپ قايمۇقۇپ قالغان كىشى. ئۇنىڭ فرونتتىن بۇ قۇرۇلۇش مەيدانىغا كېلىشتىن مەقسىدى، ئۆزىگە پايدىلىق بىر ئورۇن ئىزلەشدى. ئەسەردە ئۇنىڭ تۇرمۇش پەلسەپىسى يەن شىڭ بىلەن كۈچلۈك سېلىشتۇرما قىلىنغان. بىرسى ئىنقىلاب ئۈچۈن پۈتۈن قەلبىنى بېغىشلاپ كۆرەش قايناملىرى ئىچىدە غۇلاچ تاشلاپ ئۈزىدۇ. يەنە بىرسى بولسا كوللېكتىپنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەي ھەر قانداق ئىشتا ئۆزىنىلا ئويلايدۇ. نەتىجىدە، خىزمەتتە كەچۈرگۈسىز ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ.

ئىنقىلابنىڭ قۇرۇلۇش چاغلىرىدا لياڭ جيەنگە ئوخشاش شەخسلەرنىڭ چىقىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. ئەسەرنىڭ قىممىتى شۇ يەردىكى، ئاپتور بۇ مەسىلىنى ئېنىق كۆرەلىگەن ۋە ئۆز ئەسىرىدە بۇنى چوڭ يۈرەكلىك بىلەن پاش قىلغان ۋە پىپەن قىلغان. بىراق، لياڭ جيەن ئىدىيىسىنىڭ تەرەققىياتى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن، بۇ ئەسەردىكى بىر ئاجىزلىقتۇر.

بۇ ئەسەر پېرسوناژلار تەسۋىرىدە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئاپتور ھەر قايسى پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشكۈل

ۋە ئىنتايىن ئېغىر ۋەزىيەتنىڭ ئالدىغا ئەپكېلىپ قويۇپ ئۇلار-نىڭ خاراكتېر-مىجەزلىرىنى ئۇلارنىڭ شۇ ۋەزىيەتتە ئالدىدىكى ئىدىيىۋى ھالەتلىرى، ئۆزئارا توقۇنۇشلىرى ئارقىلىق ئېچىپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى يېزىشقا، مۇھىت شارائىتىنى تەسۋىرلەشكە دىققەت قىلغان. ئاپتور بۇ ئەسەرنى يېزىشتا ئۇسلۇب جەھەتتە «يەنئەن مۇداپىئەسى» دىكى پەل-سەپىۋىيلىكنىڭ شېئىرىي ھېسسىيات بىلەن بىرلىشىپ كەلگەن-لىكتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنى داۋاملاشتۇرغان، شۇڭا ئەسەردە ھېسسىيات قايناپ تۇرىدۇ. ئاپتور ئەسەردە كىتابخانلارنىڭ ئويلىنىشىغا تېگىشلىك نۇرغۇن پەلسەپىۋىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇر-غا قويغان بۇنىڭ پەلسەپىۋىيلىكى «يەنئەن مۇداپىئەسى» دىنمۇ كۈچلۈكرەك. بىراق بۇ داۋلىلار ھەممىلا جايدا تازا ماس كې-لەلمىگەن ۋە سىڭىشىپ كېتەلمىگەن، شۇڭا بۇ ئەھۋال سۇژېت-نىڭ تەبىئىي راۋاجلىنىشىغا تەسىر قىلغان. خۇددى ماۋدۇن ئېيتقاندەك «ئىجاتكارلىق ۋە تىنچلىق دەۋرىدىكى ئەمگەك-نىڭ شېئىرىي خۇشاللىقىنى ئىپادىلەش كەم بولغان، بۇ ئەسەرنىڭ بىردىن-بىر كەمچىلىكىدۇر»*.

1956 - يىلىدىن 1961 - يىلغىچە دۇپېڭچىڭ يەنە نۇرغۇن ھېكايىلەرنى يازدى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدە خەلقىمىزنىڭ تاغ-دەريالارنى ئۆزگەرتىشتەك جەسۇرانە ئىرادىسىنى ۋە ئىنقىلابىي روھىنى مەدھىيىلەش ئىدى.

* «سوتسىيالىزمنىڭ يۈكسىلىش دەۋرىنى ئەكس ئەتتۈرەيلى سوتسىيالىستىك دەۋر-نىڭ يۈكسىلىشىنى پەيدا قىلايلى» دىن

ئۇ 60 - يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى- نى ئەكس ئەتتۈرىدىغان روماننى يېزىشقا كىرىشكەنىدى. لېكىن، ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئۇنىڭ قەلى- مىنى توختىتىپ قويىدى. 1963 - يىلى مەدەنىيەت مىنىستىر- لىكى «يەنئەن مۇداپىئەسى» روماننى كۆيدۈرۈش، يىغىۋېلىش توغرىسىدا خاتا قارار چىقارغانىدى. بۇ قارار دۇپىڭچىڭغا روھىي جەھەتتىن قاتتىق زەربە بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ئۇ ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ئېغىر ئازابلاندى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن يازغۇچى دۇپىڭچىڭنىڭ ئىجادىيەتكە تېخىمۇ زور ئىجتىھادى بىلەن كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىش سەپىرىدە دۈشمەنگە قوغلاپ زەربە بېرىپ خە- تەرلىك چېلىيەنشەن تېغىدىن ئۆتۈش جەريانىدىكى كۈرەشلىرى- نى تەسۋىرلىگەن «تارىخنىڭ قەدىمى» ھېكايىسى 1977 - يى- لى ئېلان قىلىندى. ئۇ يەنە ئىلگىرىكى پوۋېست ۋە ھېكايى- لىرىنى تۈزىتىپ «شانلىق مۇساپە» توپلىمىنى قايتا نەشر قىلدۇردى. «يەنئەن مۇداپىئەسى» رومانى 1979 - يىلى قايتا نەشر قىلىندى.

2 . دۇپىڭچىڭنىڭ «يەنئەن مۇداپىئەسى»رومانى ھەققىدە

«يەنئەن مۇداپىئەسى» نىڭ دۇنياغا كېلىشى مەملىكىتى- مىز يېڭى ئازاد بولغان مەزگىلدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى زور نەتىجە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. فېڭ شۆفېڭ:

«مېنىڭچە بۇ ئەسەرنىڭ ئىپوس بولالىغۇدەك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكى، ئۇنىڭدا كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى باتۇرلۇق توغرىسىدىكى ئىپوسلارنىڭ روھى بولغانلىقىدىندۇر. بىراق بەدىئىي ماھارەت، جۈملىدىن ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتلەردە كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى نەمۇنىلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېتەلمىگەن» * دەپ ناھايىتى توغرا باھا بەرگەن ئىدى.

«يەنئەن مۇداپىئەسى» مەملىكىتىمىزدە تۇنجى قېتىم ئازادلىق ئۇرۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن مۇنەۋۋەر روماندۇر. ئۇنىڭدا ئاپتور تولۇپ تاشقان ھېسسىيات ۋە جانلىق قەلەم بىلەن يەنئەننى قوغداش ئۈچۈن بولغان بىر قانچە قېتىملىق مەشھۇر جەڭنى تەسۋىرلىگەن. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا ھەربىي لۇشيەنىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن. جۇدا يۇڭ قاتارلىق جەڭچىلەرنىڭ جەسۇر ئوبرازىنى ياراتقان بولۇپمۇ يېڭى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا تۇنجى قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، غەربىي شىمال دالا ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى قوشۇمچە سىياسىي كومىسسارى پېڭ دېخۇەينىڭ شانلىق ئوبرازىنى ياراتقان.

رومانىنىڭ ئىپوسلۇق خاراكتېرى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ خەلق ئۇرۇشىنىڭ ھەقىقىي ۋە جەڭگىۋار كۆرۈنۈشىنى سۈرەتلەپ بەرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ.

يەنئەننى مۇداپىئە قىلىش جېڭى دۈشمەن بىلەن ئۆزى-

* فېڭ شۆفېڭ «يەنئەن مۇداپىئەسى توغرىسىدا» دىن

بىزنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا پەرق ناھايىتى چوڭ بولغان بىر مەيدان جىددىي ئۇرۇش بولۇپ، شۇ چاغدا خۇزوگىنەن خىل قوراللار بىلەن قوراللانغان ئىككى يۈز مىڭدىن ئارتۇق گومىنداڭ قوشۇنىنى باشلاپ غالجىرلاشقان ھالدا يەنئەنگە بېسىپ كەلگەنىدى. بىزنىڭ غەربىي شىمال دالا ئارمىيىمىزدە ناچار قوراللار بىلەن قوراللانغان يىگىرمە نەچچە مىڭلا ئادەم بار ئىدى. دۈشمەن كۈچلۈك، بىز ئاجىز بولغان بۇ شارائىتتا قوماندان پېڭ دېخۇەي قوشۇننى باشلاپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋجۇشىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، بىر شەھەر بىر ئورۇننى قولدىن چىقىرىپ قويۇش بىلەن ھېسابلاشماي، ھەرىكەت جەريانىدا دۈشمەننىڭ جانلىق كۈچلىرىنى يوقىتىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ تۇرۇپ جاپالىق ئۇرۇشلار ئارقىلىق غەربىي شىمال فرونتىنىڭ جىددىي ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتتى. يېرىم يىلدىن كېيىن ئارمىيىمىز ئىستراتېگىيىلىك چېكىنىشتىن ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتتى. «يەنئەن مۇداپىئەسى» مانا مۇشۇ تارىخىي جەرياننى ھەقىقىي تۇردە ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن.

«يەنئەن مۇداپىئەسى» خەلق ئۇرۇشىنىڭ سەلتەنەتلىك مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۇرگەن. تەسۋىرلەش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، يىپ ئۇچى كۆپ. ئۇنىڭدا ئالىي دەرىجىلىك ھەربىي قوماندانلارنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرى، مۇھىم قارارلىرىدىن تارتىپ تۆۋەندىكى جەڭچىلەرنىڭ تۇرمۇشلىرى، چېگرا رايون خەلقىنىڭ ۋە پارتىزانلارنىڭ پائالىيەتلىرى قاتارلىقلارغىچە چىنلىق بىلەن بايان قىلىنغان، ئەڭ قىممەتلىك يېرى، ئاپتور-

نىڭ بۇ ئۇرۇشنىڭ مىسلىسىز جىددى، شىددەتلىك ۋە جاپالىق بولغانلىقىنى تۇرمۇش مەنتىقىسى ۋە تارىخىي رېئاللىق بويىچە تەسۋىرلەپ بەرگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ قەھرىمانلىرى دۈشمەن كۈچلۈك ئۆز ئاجىز شارائىتتا ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا ياشايدۇ، كۈرەش قىلىدۇ. ئۇلار ئەڭ كەسكىن ۋە جىددىي سىناقلارغا دۇچ كېلىدۇ. ھەر قېتىم جەڭدە ساناقسىز جەڭچىلەر قۇربان بولۇپ كېتىدۇ. بەزىلىرى ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە قېنى قالغىچە ئېلىشىدۇ (مەسىلەن ۋېيىيى) بەزىلەر تەسلىم بولماي تىك ياردىن سەكرەپ جاسارەت بىلەن قۇربان بولىدۇ. (مەسىلەن لياڭ گۇاڭچىڭ) بەزىلەر ئىنتايىن جاپالىق سەپەر ئۈستىدە ئۈن-تىنسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ (مەسىلەن سۈن چۈەنخۇ) يازغۇچى جەڭ غەلىبىسىنىڭ «ھەربىر قەدەم، ھەربىر پارچە يەر ئۇچۇن قان ۋە تەر تۆكۈش» ئارقىلىق قولغا كەلگەنلىكىنى تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۈمۈتسىزلىك كەيپىياتى پەيدا قىلمايدۇ.

ئاپتور ناھايىتى چوڭقۇر پرولېتارىياتلىق ھېسسىيات بىلەن قەھرىمان جەڭچىلىرىمىزنى تەسۋىرلەپ، خەلقنىڭ دۈشمەنگە بولغان كۈچلۈك غەزىپىنى ئىپادىلىگەن. كەلگۈسىگە بولغان تولۇپ-تاشقان ئىشەنچىسىنى تولۇق نامايەن قىلغان. ئۇلارنىڭ «جاپا-مۇشەققەت، قان-تەر، ئۆلۈم — ھەممە نەرسە بىزنى قورقۇتالمايدۇ» دېگەن تەۋرەنمەس ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇڭا پۈتۈن كىتابتىن ئىنقىلابىي قەھرىمانلىقنىڭ جەڭگىۋار دىۋىرشى ياڭراپ تۇرىدۇ. كىتابخانلار بۇ ئەسەردىن خەلق ئۇرۇشىنىڭ ھەرقانداق قورغاننى بۆسۈپ تاشلىيالايدى-

غان تەگداشىسىز كۈچ-قۇدرىتىنى ھېس قىلىدۇ.

بۇ روماننىڭ «قەھرىمانلىق ئېپوسى» بولالىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، ئۇنىڭ بىر قاتار خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىپ بەرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باتۇر قوماندانى گېنېرال پېڭ دېخۇەيـ نىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ چىققانلىقى بۇ ئەسەر-نىڭ گەۋدىلىك ئۇتۇقىدۇر. ئەسەردە پېڭ دېخۇەينى بىۋاستە تەسۋىرلىگەن جايلار كۆپ ئەمەس. ئاپتور پەقەت بىرگادا كوماندىرى چېڭ شىگيوگنىڭ ئۇنى كۆزەتكەنلىرى ۋە قوماندانـ نىڭ فرونتتا قوماندانلىق قىلغانلىقىنىلا يازغان. سەھىپە كۆپ بولسىمۇ، بىراق، ھېسسىيات كۈچلۈك، تەسەۋۋۇر، بايان جانلىق بولغاچقا، بۇ پرولېتارىئات ئىنقىلابچىسىنىڭ قىياپىتى، ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى قوماندانلىق تالانتى توغرا ئەكس ئەتـ تۈرۈلگەن. قوماندان پېڭ دېخۇەي ئۇرۇش قانۇنىيىتىنى تەتـ قىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنىمۇ بىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئۈستۈن تەرىپى بىلەن دۈشمەننىڭ ئاجىز تەرىپىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇ دۈشمەننى ئەخلەت قاتارىدا كۆرسىمۇ، بىراق ئۇنىڭغا ھەرگىز سەل قارىمايدۇ. ئۇ تۆۋەندىن كەلگەن دوكـ لاتلارنى ئەستايىدىل كۆڭۈل قويۇپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىنلا مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ.

ئاپتور روماندا بۇ تەرەپلەرنى كونكرېت قىلىپ يېزىش بىلەن بىرگە قوماندانىنىڭ خەلق ئاممىسى ۋە ئاددىي جەڭچىـ لەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىمۇ تەسۋىرلىگەن. شۇ ئار-قىلىق ئۇنىڭ سەمىمىيلىكى، ئاددىي-ساددىلىقىنى گەۋدىلەندۈر-

گەن. ئۇنىڭ جاپالىق ئۇرۇش يىللىرىدا ئاددىي جەڭچىلەرگە ئوخشاشلا قىيىن تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى كۆرسەت-كەن. رومان بۇ ئۇلۇق ئىنقىلابچىنىڭ مېھرىبانلىقى، كەمتەر-لىكى قاتارلىق ئالىي پەزىلەتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا ئەكس ئەتتۇرگەن. مانا بۇلار پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقى-لابچىلىرىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتىكى ناهايىتى ئوبدان تەجرىبە-لەر هېسابلىنىدۇ.

جۇدا يوڭ — ئەسەرنىڭ ئاساسىي قەهرىمانى. ئۇ يېڭى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى خەلق جەڭچىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئوبرازلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ سانىلىدۇ. رومان ئۇ-نىڭ جەڭ ئارقىلىق جەڭنى ئۆگىنىپ، باتۇر، ئەمما تېخى پى-شىپ يېتىلمىگەن روتا كاماندىرىدىن تاۋلىنىپ تەجرىبىلىك باتالىئون كوماندىرىغا ئايلىنىش جەريانىنى يازىدۇ. ئارمىيىمىز يەنئەندىن چېكىنىپ چىققان چاغدا جۇدا يوڭ گەرچە قان تۆكۈپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى قوغداشقا بەل باغلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئارمىيىمىزنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەقسىتىنى چۈ-شەنمەيدۇ. ئۇ ئۆز روتىسىدىكى جەڭچىلەرنىڭ باتۇر، مەرت بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىراق، سىياسىي خىزمەتنىڭ رولىغا سەل قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭدا ئاساسىي قوشۇن-دىن ئايرىلىپ مۇستەقىل جەڭ قىلىش قابىلىيىتى كەم. بۇلار-نىڭ هەممىسى ئۇنىڭ تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى كۆر-سىتىدۇ.

هالبۇكى، ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك تەرىپى ئۇنىڭ هېچنىمىدىن قورقمايدىغان باتۇر، مۇستەهكەملىكىدۇر.

شۇنداق بولغاچقا، ئۇ ئىنتايىن مۇشكۇل شارائىتتا ئۆزىنى چېنىقتۇرۇپ، تېزلىك بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئاپتور ئۇنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى رومانىنىڭ «سەددىچىدىن سىرتقىدا» ناملىق 5 - بابىدا نۇقتىلىق تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئاپتور جۇ- دا يۈگىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ روتىس- ىدىكى يەنە نۇرغۇن جەڭچىلەرنىڭ ئوبرازىنى ناھايىتى ياخشى گەۋدىلەندۈرگەن.

ئارمىيىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر سىياسىي كادىرلىرىنىڭ ئىدى- يىۋى قىياپىتىنى تەسۋىرلەش ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى بىر ئاجىز ھالقا ھېسابلىناتتى. لى چىڭ ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى بۇ جەھەتتە بىزنى پايدىلىق تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىدى. ئاپتور ئەڭ ئاۋال ئۇنىڭ يۈكسەك ۋە ساپ قەلبىنى مەدھىي- لىگەن: لى چىڭ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى پارتىيە ئىشلىرىغا تەق- دىم قىلغان بولۇپ، خىزمەت ئۈچۈن ھېرىش - چارچاش ۋە ھايات - ماماتلىق بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. ئۇ جەڭچىلەرگە خۇد- دى تەلەپچان دادا، كۆيۈمچان ئانىغا ئوخشاش مۇئامىلە قى- لىدۇ. ئۇ جەڭچىلەرنى ئۆز قېرىنداشلىرى دەپ بىلىدۇ. ئاپتور ئۇنىڭ بۇ تەرەپلىرىنى تەسۋىرلەش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ سى- ياسىي خىزمەتنى جانلىق، چوڭقۇر، كۆچلۈك ئىشلەيدىغانلىقىنىمۇ يازغان. لى چىڭ پارتىيىنىڭ سىياسىي كادىرى بولۇش سۈ- پىتى بىلەن يۈكسەك سىياسىي ھوشيارلىققا ۋە سىياسىي سەۋ- يىگە ئىگە. ئۇ جەڭچىلەرنىڭ قەلبىدىكى گۈزەللىكنى بايقاشقا ماھىر. كۆرۈلگەن ئىدىيىۋى مەسىلىلەرنى بايقاشقا ماھىر. ئۇ جەڭچىلەر قەلبىدە مۇھەببەت - نەپرەت ئوتىنى پەيدا

قىلالايدۇ. ئۇنىڭ سىياسىي خىزمىتىنىڭ مەزمۇنى جانلىق، ئۇسۇلى خىلمۇ - خىل، شۇڭا جەڭچىلەر جاپالىق شارائىت ئاستىدىمۇ جەڭگىۋارلىقىنى ساقلاپ قالالايدۇ. ئاپتور لى چىڭ ئوبرازى ئارقىلىق ئارمىيىمىزدىكى كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك سىياسىي خىزمەتنى مەدھىيىلەيدۇ. لېكىن لى چىڭ ئوبرازىنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى يېتەرلىك دەرىجىدە يورۇتۇلمىغان.

بەدىئىيلىكى: ئەسەردە بايان، مۇھاكىمە، لىرىكا ئۇستىلىق بىلەن ئىشلىتىلگەن. ئاپتور جەڭچىلەرنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىنى مەدھىيىلەشتىن پەلسەپىۋىي مۇھاكىمىگە تەبىئىي ئۆتەلىگەن. شۇنىڭدەك كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىغا ھەم زېمىن قالدۇرغان. لىرىكا كۈچلۈك ھېسسىيات بىلەن سوغىرىلغان. ئاپتوردىكى بۇنداق كۈچلۈك ھېسسىيات بۇ ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى ۋە تونۇغانلىقىدىن، ئەشۇ جەڭچىلەرنى ۋە خەلقنى قىزغىن سۆيگەنلىكىدىن، ئۇلارغا بولغان كۈچلۈك ۋە چوڭقۇر مۇھەببىتىدىن پەيدا بولغان.

ئەسەردە گەرچە ئارقا - ئارقىدىن ئۇرۇش تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، بىراق ئاپتور تەسۋىرلەش نۇقتىسىنى ھەر قايسى ئۇرۇشلارنىڭ ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ بەلگىلىگەن بولغاچقا ئوخشاش بولۇپ قېلىش ۋە تەكرارلىنىشلار كۆرۈلمىگەن.

ئوبراز يارىتىشتا پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازلىرىنى ئەسەرنىڭ جاراڭلىق، جۇشقۇن ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان قىلىپ يورۇتۇپ، ئۇلارنى ئەڭ كەسكىن، جىددىي شارائىت ئاستىغا قويۇپ، تەسۋىرلىگەن. ئاپتور ئۇرۇشتىكى جىددىي ئۆزگە-

رىش، چوڭ ۋەقەلەرنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ-
غا تۇتقان ھەر خىل پوزىتسىيىلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان
خاراكتېرى ۋە مىجەزلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ بەرگەن. مەسىلەن:
ئارمىيىمىزنىڭ يەنئەندىن چېكىنگەنلىكىنى ئاڭلىغاندا، جۇدا
يوڭ، ۋاڭ لاۋخۇ، سۇن چۆەنخۇلارنىڭ ئىپادىسى ئوخشاش
بولمايدۇ. ئاپتور مانا مۇشۇ ئوخشىماسلىق ئارقىلىق ئۇلارنىڭ
خارەكتېرىدىكى ئۆزگىچىلىكىنى ئىپادىلىگەن.
تىل ئىشلىتىشتە ئاپتور سىپىلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقى-
لىق، پېرسوناژلارنىڭ تىلىدىكى پەرقنى كۆرسەتكەن.
ۋاڭ لاۋخۇ،، جۇدايوڭ، پىڭ دېخۇەي قاتارلىقلارنىڭ
سۆزلىرى ئۇلارنىڭ خارەكتېرىگە ناھايىتى سىڭىشكەن.
ئەمما، تەسۋىرلىگەن تۇرمۇش دائىرىسىدىن ئېيتقاندا،
ئۇرۇشتىن باشقا ئەھۋاللار مۇۋاپىق دەرىجىدە يېزىلمىغان،
يەنى بۇ تەرەپ سەل تار بولۇپ قالغان. جەڭچىلىرىمىزنىڭ
باتۇرانە ئوبرازى كۆپ تەسۋىرلەنگەن، لېكىن دۈشمەننى تەس-
ۋىرلەش كەمچىل بولۇپ قالغان. مانا بۇلار رومانىنىڭ ئاساس-
لىق يېتەرسىزلىكىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 6 - §. ياۋ شۆيىڭنىڭ «باھادىر شاھ لى زىچىڭ» رومانى

«باھادىر شاھ لى زىچىڭ» بەش توملۇق تارىخىي رومان.
ئۇنىڭ 1 - تومى 1963 - يىلى، 2 - تومى 1977 - يىلى نەشىر
قىلىندى ۋە تونجى بولۇپ ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا
ئېرىشتى. 1981 - يىلى 3 - تومى نەشىر قىلىندى، ئاپتور

ھازىر 4 - ۋە 5 - توم ئۈستىدە ئىشلىمەكتە.

بۇ رومانىنىڭ ئاپتورى ياۋ شۆيىڭ خېنەننىڭ دىڭ شيەن ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1910 - يىلى تۇغۇلغان. ئۇ ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن باشلاپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدىلا كۆپ ھېكايە - رومانلارنى يازغان. ئۇنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن يازغان «باھادىر شاھ لى زىچىڭ» ناملىق رومانى ئېلىمىزنىڭ «4 - ماي» دىن بويانقى يېڭى ئەدەبىيات تارىخىدىكى تارىخىي رومانلارنىڭ كەم بولۇشىدەك بوشلۇقىنى تولدۇردى. بۇ رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە كۆرۈندۇ:

〈1〉 تارىخىي مەزمۇنىنىڭ مول ۋە چوڭقۇرلۇقى.

«باھادىر شاھ لى زىچىڭ» رومانى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، تارىخنىڭ كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك كارتىنىسىنى سىزىپ چىققان. بولۇپمۇ لى زىچىڭنىڭ دېھقانلار ئارمىيەسىنىڭ ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ زورايغان ئەگرى - توقاي تارىخىي جەريانىنى ناھايىتى جايىدا تەسۋىرلەپ بەرگەن.

چۇڭجېن خان تەختكە ئولتۇرۇپ 11 - يىلى قىشتا داغدۇغىلىق دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ شاۋقۇنى پەسىيىپ قالدۇ. دېھقانلارنىڭ ئىسيان كۆتەرگەن 13 قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئىچىدە يالغۇز لى زىچىڭنىڭ ئادەملىرىلا قەتئىي تەسلىم بولماي، كۈرەشنى قەتئىي داۋام قىلىپ، ئۆزىدىن كۆپ دەرىجىدە كۈچلۈك بولغان ھۆكۈمەت ئارمىيەسى بىلەن ئېلىشىۋېرىدۇ. بۇ رومان لى زىچىڭنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنىنى

مۇشۇنداق دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ئاستىغا قويۇپ تەسۋىرلىگەن.
ياۋ شۆيىڭ ئۆز ئەسىرىدە تارىخىي رېئاللىزملىق كۆز
قاراش بىلەن دېھقانلار قوشۇنىنىڭ تېز كۈچەيگەنلىكى،
مىڭ خاندانلىقىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكىدىن
ئىبارەت تارىخنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەب-
لىرىنى ئوبرازلىق ۋە كونكرېت هالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ
بېرىشكە تىرىشقان. رومان ئەڭ ئاۋال دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ
پارتلىشىدىكى مۇقەررەرلىكنى كەڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش
ئاساسىدا كۆرسىتىپ بەرگەن. بىزگە مەلۇمكى، مىڭ سۇلالى-
سىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ هەر خىل
زىددىيەتلىرى ئۆتكۈرلەشكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىڭ قوشۇن-
لىرىنىڭ كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان تەهدىتى مىڭ خاندان-
لىقىنىڭ تەختىنى خېلىلا لىڭشىتىپ قويغانىدى. رومان سىنىپىي
كۆرەشنىڭ يۇقىرىقىدەك كۆرۈنۈشىنى ئۇتۇقلۇق هالدا سۈرەت-
لەپ بەرگەن ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي زىددىيەت-
لىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ پومېشچىك-
لار سىنىپى بىلەن بولغان كەسكىن توقۇنۇشلىرىنى ئوبرازلىق
ئىنكاس قىلىپ بەرگەن. ئەسەر بىر تەرەپكە گىيا ئۈنمىگەن
دەشت-باياۋاندا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ ياتقان نامرات خەلقنىڭ
جەسەتلىرىنى، يەنە بىر تەرەپكە هەددى-هېسابسىز كەيپى-ساپا،
ئەيشى-ئىشرەتنى قويۇپ تەسۋىرلەپ، خەلقنىڭ زۇلۇم دەستى-
دىن قوزغىلىدىغانلىقىنى ۋە چوقۇم ئىسيان كۆتۈرىدىغانلىقىنى
چۈشەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن خېلى كۆپ سەهىپە ئاجرى-
تىپ مىڭ خاندانلىقىنىڭ هۆكۈمرانلىق گۇرۇهىنىڭ ئىچىدىكى

پارچىلىنىش، بۆلگۈنچىلىكلەرنى تەسۋىرلەيدۇ.

بۇ رومان دېھقانلار ئۇرۇشىنى تەسۋىرلەش بىلەن بىرگە يەنە مىڭ، چىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي ئۇرۇشنىمۇ خېلى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىككى چوڭ زىددىيەتنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇ خىل زور ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئارقىلىق مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى جەمئىيەت تارىخىنىڭ تەۋرىنىپ تۇرغان ۋەزىيىتىنى كۆرسەتكەن. ئومۇملاشتۇرغاندا، ئاپتور يوقىرىقىدەك جەمئىيەت كۆرۈنۈشىدىن سىزىلغان ئاجايىپ نەپىس كارتىنىلار، مەنزىرىلەرنى بىللە قوشۇپ كېلىپ، «باھادىر شاھ لى زىچىڭ» رومانىنى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى جەمئىيەت تارىخىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تارىخنامىسىگە ۋە فېئوداللىزم جەمئىيىتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىنىڭ جانلىق خاتىرىسىگە ئايلاندۇرغان.

‹ 2 › بىر تۈركۈم تارىخىي شەخسلەرنىڭ مۇكەممەل تىپىك ئوبرازىنىڭ يارىتىلغانلىقى.

«باھادىر شاھ لى زىچىڭ» رومانىدا پېرسوناژلار ئىككى يۈزدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئوبرازى ناھايىتى جانلىق ۋە يارقىن. تەسۋىرلەشكە كۆپ كۈچ سەرپ قىلىنمىغان ئادەتتىكى ئاممىنىڭ ئوبرازىمۇ ناھايىتى روشەن يارىتىلغان بولۇپ كىشىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرالايدۇ.

لى زىچىڭ — ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى. رومان‌دا تارىختا ئۆتكەن لى زىچىڭنىڭ پروتوتىپىنى ئاساس

قىلىپ تۇرۇپ، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى دېھقانلار ئىنقىلابى داھىلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى يۇغۇرۇپ كېلىپ دېھقانلار قەھرىمانىنىڭ يۈكسەك ئوبرازى يارىتىلغان. ئەسەردە ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتە يىراقنى كۆرەلەيدىغانلىقى، باتۇرلۇقى، كەڭ قورساقلىقى، كەسكىن ۋە مەرتلىكى، ھەربىي ئىشلاردا ئۇرۇش قىلىشقا ماھىرلىقى، چوڭ يۈرەكلىكى، خەۋپ-خەتەردىن قورقماي جەڭگە دادىل قوماندانلىق قىلالايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ پولاتتەك مۇستەھكەم ئىرادىسى، كىشىلەر بىلەن چىقىشالايدىغان ئىستىلى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئاپتور لى زىچىڭ ئوبرازىنى توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا تەسۋىرلەيدۇ، ئاپتور دەسلەپتە ئۇنى جىددىي، ئۆتكۈر زىددىيەت توقۇنۇشلىرىغا قويۇپ، ئۇزۇتىسىغا تەسۋىرلەيدۇ، ئۇنىڭ دېھقانلارنىڭ داھىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن سىياسىي جەھەتتە ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتە تەدرىجى تاكامۇللاشقان ئۆسۈش جەريانىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، ئەسەرنىڭ بېشىدىلا ئاپتور لى زىچىڭنى پۈتۈن قوشۇن بويىچە مەغلۇپ بولغان ئوڭۇشسىزلىق ئاستىغا قويۇپ، ئۇنىڭ مەغلۇبىيەت ئالدىدا بوشاشماي داۋاملىق كۆرەش قىلىدىغان ئىنقىلابىي روھىنى كۆپ تەرەپتىن تەسۋىرلەيدۇ. ئەسەر ئۇنىڭ ئېغىر كۈنلەردىكى، يەنى خوتۇن-بالىلىرى ھەممىسىنىڭ بېشىغا خەۋپ-خەتەر كەلگەن ھايات-ماماتلىق پەيتتىكى غەم-قايغۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسىنى، يىراقنى كۆرەلەيدىغانلىقىنى گۈچىڭ ۋە شاڭلوغا بېرىپ كۈرەش ئوتىنى ئۇلغايتقانلىقىنى نۇقتىلىق تۈردە يازىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ

كەڭ ۋە ئومۇمىي دائىرىنى ھېسابقا ئالالايدىغان، ستراتې-
گىيىلىك نەزەرگە ئىگە بولغان قوماندانلىق تالانتىنى تەس-
ۋىرلەيدۇ. يولداش ماۋدۇن لى زىچىڭ ئوبرازى ئۈستىدە
توختىلىپ: «تېيىزلىكتىن چوڭقۇرلاپ، بارغانسېرى ئايدىڭلىشىپ
بارىدۇ، ئۇنىڭ قىياپىتى تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ. ئۇنىڭ
گەپ-سۆز ۋە كۈلكىلىرى كىشىگە تېخىمۇ يېقىملىق بىلىنىشكە
باشلايدۇ. شۇ چاغدا ئوبرازى ۋە روھىي قىياپىتى ھېچكىمگە
ئوخشىمايدىغان ئاجايىپ بىر قەھرىمان ئورنىدىن تۇرىدۇ»
دېگەنىدى. ئاپتور لى زىچىڭ ئوبرازىنى ئۆزۈنىسىغا تەسۋىر-
لىگەندىن سىرت يەنە ئۇنىڭ قەھرىمانلىق خاراكتېرىنى، ئې-
سىل پەزىلەتلىرىنى رېئال تۇرمۇشتىكى ھەر خىل مۇناسىۋەت-
لەر ئاساسىدا توغرىسىغا تەسۋىرلەپ كۆپ تەرەپتىن ئىپادى-
لەشكە تىرىشقان. لى زىچىڭ شۇ زامانلاردىكى دېھقانلار قوز-
غىلاڭلىرىنىڭ نۇرغۇن باتۇرلىرى بىلەن كۆپ جەھەتلەردىن
ئوخشاشلىقلارغا ئىگە. ئۇ قوزغىلاڭ كۆتەرگەن دەسلەپكى
مەزگىللەردىلا مىڭ خاندانلىقىنى يوقىتىپ خەلقنى قۇتۇلدۇرۇشنى
ئۆزىگە مەقسەت قىلغان مەشھۇر قەھرىمان سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا
چىققان.

روماندا تەسۋىرلەنگەن قوزغىلاڭچى دېھقانلارنىڭ ئوب-
رازى ئىچىدە ليۇ زۇڭمىڭ، خاۋ ياۋچى، جاڭ شيەنجۇڭلار
خاراكتېرى ناھايىتى روشەن بەدىئىي ئوبرازلاردىندۇر. ليۇ-
زۇڭمىڭ بولسا لى زىچىڭنىڭ ئەڭ يارامىلىق ياردەمچىسى.
ئاپتور ئازغىنا تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ،
كۈچلۈك تەسەۋۋۇر بىلەن بۇ ئوبرازغا قويۇق رومانتىزملىق

سۈرەت بېرىپ ئۇنىڭ روشەن ئىندىۋىدىئال خۇسۇسىيەتكە ئىگە باتۇر سەركەردە ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. خاۋ ياۋچى لى زىچىڭنىڭ يەنە بىر سەردارى بولۇپ، ئۇمۇ باتۇر، مۇس-تەھكەم. لى زىچىڭغا چەكسىز سادىق. بىراق ئۇنىڭ باتۇرلۇ-قىدا يەنە ئاز-تولا قارامىلىق ۋە چېچىلاڭغۇلۇق تەرەپلەرمۇ بار. ئاپتور يۇقىرى ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە ئېپىزوتلارنى تاللاپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى يورۇتۇپ، بۇ ئوبرازنى تەسىرلىك ۋە ئىشىنەرلىك قىلىپ يارىتىپ چىققان.

روماندا تەسۋىرلەنگەن سەلبىي قەھرىمانلارنىڭ ئىچىدە مىڭ سۇلالىسىنىڭ «تەختىنى يوقىتىپ قويغان شاھى» چۇڭ-جېننىڭ ئوبرازى ناھايىتى ياخشى يارىتىلغان بولۇپ، ئۇ يېڭى زامان ئەدەبىياتىمىزدا كۆپ ئۇچراتقىلى بولمايدىغان بەدىئىي تىپلارنىڭ بىرىدۇر. پادىشاھ چۇڭ جېن ئۆزىنى «توغرا چۈشەر» دەپ ئاتىسىمۇ، لېكىن ئۇ تازا ئۆتۈپ كەتكەن لەقۋا ئادەم. ئۇ ۋەھشىي، رەھىمسىز بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنى كەڭ قورساق، مەرت قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ گەرچە پەسكەش، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنى قولى كەڭ، سېخىي قىلىپ پەدەزلەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئەيشى-ئىشرەت، كەيپى-ساپاغا ئۆزىنى ئۇرىدىغان ئادەم بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەبىئىتىگە تارىختىكى بارلىق قاباھەتلىك كۈچلەرنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرى سىڭگەن بولۇپ، ئۇ بارلىق ئەكسى-يەتچىل كاتتىۋاشلار بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە.

‹ 3 › ئىجادىيەتتىكى ئۆزگىچىلىكى ۋە بەدىئىي ئالاھى-دىلىكى.

بۇ رومان ئۆزگىچە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بىرىنچىدىن، ئاپتور تارىخىي چىنلىق ۋە بەدىئىي چىنلىق جەھەتتىن كۆپ ئىزدەنگەن بولۇپ، «تارىخقا چوڭقۇر چۆكۈش ۋە تارىختىن چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كېتىش» نى تەشەببۇس قىلغان. رومانىنىڭ مۇھىم پېرسوناژلىرى ۋە ئاساسلىق سۇژىتى تارىخىي ئاساسقا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە پۈتۈنلەي تارىخىي ماتېرىياللار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان. ئاپتور تارىخىي ماتېرىياللارغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى بويىچە تاللىغان ۋە ئۆزگەرتكەن. تارىخىي رېئاللىققا سادىق بولۇش پرىنسىپى ئاستىدا ئەينى شارائىتتا مەۋجۇت بولۇش ۋە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان پېرسوناژ ۋە ۋەقەلەرنى توقۇلما قىلىپ، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى ئوبرازلىق ئىنكاس قىلغان. ئاپتورنىڭ بۇنداق ئىزدىنىشلىرى بىزنىڭ تارىخىي رومان ئىجادىيىتىمىزنى قىممەتلىك تەجرىبە بىلەن تەمىنلىدى.

ئىككىنچىدىن، كۆركەم ۋە پۇختا كومپوزىتسىيە قۇرۇلۇشى، ھەر خىل ئۆزگىرىشچان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى رومانىنىڭ كۆرۈنەرلىك بەدىئىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«باھادىر شاھ لى زىچېڭ» رومانىنىڭ تەسۋىرلەش دائىرىسى كەڭ بولغاچقا، ئاپتور ئىپادىلەش ئۈنۈمى ياخشى بولغان يېڭى ئۇسۇللارنى قوللاندى. ئۇنىڭ بىرى زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنى قوشۇمچە سۇژىت لىنىيىسى بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇسۇلىدۇر. ئاپتور لى زىچېڭ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى دېھقانلارنىڭ چۇڭ جىن ۋەكىللىكىدىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى

ئوتتۇرىسىدىكى ھايات - ماماتلىق كۈرەشتىن ئىبارەت ئاساسلىق سۇژىت لىنىيىسىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىرگە ئەينى شارا - ئىتتىكى مىللىي زىددىيەتنى، ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچىدىكى ئىچكى زىددىيەتلەرنى، دېھقانلار قوشۇنىنىڭ ئىچىدىكى ئىختىد - لاپلارنى قوشۇمچە ئورۇندىكى سۇژىت لىنىيىسىگە قويۇپ تۇرۇپ يازغان. ئاساسىي لىنىيەنى چىڭ تۇتۇپ قوشۇمچە لىنىيىنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ بارغان.

ئۈچىنچىدىن، روشەن مىللىي ئۇسلۇب ۋە جۇڭگوچە مىللىي ئالاھىدىلىك ئەسەرنىڭ يەنە بىر مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ ھې- سابلىنىدۇ. ياۋشۆيىڭ مول تارىخىي بىلىمگە ئىگە، كۆرگەن- بىلگىنى كۆپ، تەجرىبىلىك يازغۇچى. ئۇ ئۆزىنىڭ رومانىدا جۇڭگونىڭ ھەر قايسى جايلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى، ئۆرپ- ئادەت ۋە جەمئىيەت قىياپىتىنى، قائىدە - يوسۇنلىرىنى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگەن. بۇ تەسۋىرلەر ئەسەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى كۈچەيتىپلا قالماي، كىتابخانلارنى ئۈگىنىش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىگەن. ئىپادىلەش جەھەتتە بولسا ئاپتور قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئىجادىيەت تەج- رىبىلىرىنى قوبۇل قىلغان. بولۇپمۇ جۇڭگو كلاسسىك پروزى- سىنىڭ «تېز تەسۋىر»، «قىزىقارلىق ئېپىزوت» ۋە شېئىرلار- نى قىستۇرۇش دېگەندەك ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرىدىن پايدىلان- غان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە چەتئەل پروزىلىرىنىڭ پېرسوناژ تەسۋىرلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىنمۇ ئۆگەنگەن. ئۇلارنى ئىجادىي ھالدا ئىشلەتكەن.

بۇلاردىن باشقا تىل ئىشلىتىشتە ئاپتور خەنزۇ تىلىنىڭ

ئالاھىدىلىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان. روماننىڭ جۈملىلىرى قىسقا، سۆزلىرى ئاھاڭدار، جاراڭلىق، دىئالوگلاردا قەدىمكى خەنزۇ تىلى ۋە ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىپ، پېرسوناژنىڭ سالاھىيىتى، ئورنى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، خاراكتېرى، سۆزلىشىۋاتقان مۇھىت قاتارلىقلارنى گەۋدىلەندۇرۇشكە دىققەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دېتاللارنىڭ تەسۋىرى ناھايىتى ياخشى چىققان. مانا مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن رومان دەۋر قىياپىتىنى سۈرەتلەپ بېرىش، بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىش، مەركىزىي ئىدىيىسىنى چوڭقۇر ئىپادىلەش جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلىگەن.

## 7 - §. ۋاڭ ۋېنشى، لى جۈنلەرنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتى

سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش — بۇ بىر چوڭ تېما. نۇرغۇن يازغۇچىلار بۇ جەھەتتە ئىزدەندى. ۋاڭ ۋېنشى، لى جۈنلەر بۇ خىل يازغۇچىلارنىڭ ئىچىدىكى نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلىرىدۇر.

### 1. لى جۈننىڭ ھېكايە ئىجادىيىتى

1958 - يىلى لى جۈننىڭ «چاق ئىزى» ناملىق تاللانغان ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىندى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن «ئىككى ئات»، «لى شۇاڭشۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «بولۇتلار خوجىسى»، «بامبۇك» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يازدى. ئاساسەن

يېزىلاردىكى يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىجاد قىلىنىشى لى جۈن ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

لى جۈن ئۆزىنىڭ «مەن يېزىلاردىكى يېڭى كىشىلەرنى سۆيىمەن» دېگەن ماقالىسىدا: «بۇ بىر قانچە يىلدىن بېرىقى يېزىش جەريانىمدا مەندە يېزىلاردىكى يېڭى كىشىلەرنى يازسام، يېڭى كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسى، يېڭىچە خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى قاتارلىق تەرەپلەردىن ئىزدىنىپ باقسام، دەيدىغان بىر ئىستەك تۇغۇلۇپ قالدى» دەيدۇ ۋە يەنە «يېڭى كىشىلەرنى يېزىش — بىزنىڭ ئەبىياتىمىزدىكى يېڭى تېما، شۇنداقلا بىزنىڭ جىددىي ۋەزىپىمىز» دەيدۇ. لى شۈاڭشۈاڭ («لى شۈاڭشۈاڭنىڭ تەرجىمىھالى») ۋە شياۋشۆيىڭلار دەل ئەشۇنداق يېڭى كىشىلەرنىڭ جانلىق ۋە يارقىن ئوبرازىدۇر. بولۇپمۇ لى شۈاڭشۈاڭ ئوبرازى ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئۇتۇغلۇق يارىتىلغان سوتسىئالىستىك يېڭى كىشىلەرنىڭ بەدىئىي تىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھازىر قارايدىغان بولساق، بۇ ھېكايىدا «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» يىللىرىدىكى قۇرۇق داۋراڭ سالىدىغان خاتالىقلارنىڭ بەزىبىر قالدۇقلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز. لېكىن شۇنى جەزىم قىلىش كېرەككى — لى شۈاڭشۈاڭ خاراكتېرىنىڭ مېغىزى، ئەشۇ قۇرۇق پوئاتىدىغان شامالنىڭ مەھسۇلاتى ئەمەس. چۈنكى ئۇ كىچىك ئائىلىگىلا باغلىنىپ قالماي، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەردىن بولۇش يولىنى تاللىۋالغان. لى شۈاڭشۈاڭنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئەمەلىيەتتە سوتسىيالىستىك

ئىنقىلاب مەزگىلىدىكى جۇڭگو يېزىلىرىدىكى ئىلغار خوتۇن-قىزلارنىڭ تۇرمۇش يولىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشىدۇر. ئاياللار-نىڭ ئىشچانلىقى، مۇلايىملىقى، گۈزەل پەزىلەتلىرى، يېڭى ئىدىيىلىرى بۇ ئوبرازغا مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، ئۇنى كول-لېكتىپ ئەمگەك ۋە كۈرەش قاينىمىغا ئىنتىلىش ئىستىكى بى-لەن ئەرلەرنىڭ تەڭسىز ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئاقىل ئۆزىنى ئاياشنى بىلىدۇ، دەيدىغان چىرىك ئىدىيىۋى قاراشلار ھەم ئۆرپى-ئادەتلەر بىلەن مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلىش روھى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان، ھەممىگە جۇرئەت قىلالايدىغان دادىللىقى قاتارلىق يېڭى ئىس-تىل بىلەن تەمىنلەپ، بۇ ئوبرازنىڭ خاراكتېرىنى رەڭدار تۈسكە كىرگۈزگەن. بۇ ھېكايىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى يەنە ئاپتور-نىڭ پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ مۇكەممەللىشىشىدىكى تۇرمۇش ئاساسلىرىنى، تۇرمۇش زىددىيەتلىرىنىڭ ئارىسىغا ۋە رېئال تۇرمۇشتىن ئىبارەت ئارقا كۆرۈنۈشكە قويۇپ ئەكس ئەتتۈ-رۈشكە دىققەت قىلغانلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇلاردىن ئاپتور-نىڭ دەۋرنىڭ، تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنىڭ پېرسوناژ خاراكتېرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئىپادىلەشكە تىرىشۋاتقانلىقىنى كۆ-رۈشكە بولىدۇ. يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىشكە بولىدۇكى، ئاپتور ئىلگىرىكى بەزى ئەسەرلىرىدە ئاشكارىلانغان ئوبراز يارىتىش-تىكى ئاجىزلىقىنى تۈزىتىپ، ئوبرازلارنى كۆپ تەرەپلەردىن يارىتىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللى-قىنى گەۋدىلەندۈرەلەيدىغان، خاسلىققا ئىگە تىللارنى كۈچ چىقىرىپ تاۋلىغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى گۈش ۋە ئۇستىخىنى

بارىچە جانلىق ئوبرازىنىڭ تىكلىنىشى ئۈچۈن قوللىنىلغان ئۇنۇملۇك چارىلەردۇر.

«بۇلۇتلار خوجىسى» ھېكايىسىدا ئاپتورنىڭ مۇددىئاسى ئەمگەكچى خەلقنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش سېپىدە ئىلىمپەنگە يۈرۈش قىلىۋاتقان بەدىئىي تىپىنى يارىتىش بولۇپ، ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى شىياۋشۇيىڭنى يېزا ھاۋارايى پونكىتىنىڭ ئايال خىزمەتچىسى قىلىپ تەسۋىرلىگەن. ئاپتور ئەينى ۋاقىتتا تېخى يېڭى ھالەتتە تۇرۇۋاتقان، ئاجايىپ ھاياتى كۈچكە ئىگە بۇ يېڭى شەيئىنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن سېزىپ ئالالىغان، ئۇنى توغرا تونۇپ، بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئەسەر ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ ھەممە دېتاللىرىنى يورۇتۇپ بېرىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئوخشىمىغان شارائىتلاردىكى خۇشاللىقىنى، ئاچچىقى ۋە غەم-قايغۇسىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ يۇقىرىقىدەك گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىنى، ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ باي ۋە گۈزەللىكى بىلەن بىرىكتۈرۈپ يۇغۇرۇۋەتكەن. نەتىجىدە ئەسەر ھەم تەبىئىي ھەم جانلىق چىققان، مانا بۇلار يازغۇچىنىڭ ئەسەر بەدىئىلىكىنى كۈچەيتىش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ۋە يېڭى ئىزدىنىشلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 2. ۋاڭ ۋېنشىنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتى

ۋاڭ ۋېنشى 1956-يىلىدىن تارتىپ مەخسۇس ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىي يازغۇچى. ئۇنىڭ

«قار - بورانلىق كېچە» ناملىق ھېكايىسى جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغىغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا «قارا بوران» پوۋېستى ۋە بىر قانچە ھېكايىسى ئېلان قىلىنغان. پروزا ئىجادىيىتىدە ئۇنىڭ «يېڭى تونۇشقان ھەمرالار» ۋە «سايىدا» ھېكايىلىرى بەدىئىلىك جەھەتتە خېلى سالمىقى بار ئەسەرلەردىن ھېسابلىنىدۇ.

بىز ۋاڭ ۋېنشىنىڭ ھېكايىلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا دەسلەپتە ئۇنىڭ پۇختا تۇرمۇش ئاساسىغا ۋە كۈچلۈك دەۋر روھىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ۋاڭ ۋېنشى ئۆزىنىڭ «‹قار-بورانلىق كېچە› دىن كېيىنكى سۆز» دېگەن ماقالىسىدا: «بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزنىڭ ئەمگەكچىلىرى ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا يەر-جاھاننى زىل-زىلىگە كەلتۈرۈپ يېڭى دۇنيا قۇرىدىغان باتۇر كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ۋە ھېسسىياتىنىڭ قانچىلىك مول ۋە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئېيتىش ھەقىقەتەن تەس. ئۇلارنىڭ ئوبرازى ئەدەبىي ئەسەرلەردە مۇكەممەل تەسۋىرلىنىشى كېرەك. بۇ دەل بىزنىڭ ۋەزىپىمىزدۇر» دەپ ئېيتىدۇ: شۇنداق بولغاچقا ۋاڭ ۋېنشى پۈتۈن دىققىتىنى دېگۈدەك يېزىلاردىكى يېڭى كىشىلەرنى ۋە يېڭى تۇرمۇشنى ئىپادىلەش ھەم مەدھىيىلەشكە قاراتقان.

ۋاڭ ۋېنشى ئوبراز ياراتقاندا يۈزەكى كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئەينەن تەسۋىرى بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ. شۇنىڭدەك ئادەتتىكى ياخشى ئىش ۋە شەخسلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ قويۇشنى ئەسلا خالىمايدۇ. ئۇ تۇرمۇشتىكى

چوڭقۇر پىكىرلەر ۋە پېرسوناژلارنىڭ يېڭى خاراكتېر ئېلېمېنت-لىرى ھەم ئۇنىڭ يادروسىنى شەكىللەندۈرىدىغان مەنىۋى گۈزەللىكىنى بايقاشقا دىققەت قىلىدۇ. ئۇ كۆرۈنۈشتە ئادەتتى-كىدەك ھادىسىلەردىن دەۋر ئالاھىدىلىكىنى تېپىپ، ئۇنىڭ سىياسىي ئەھمىيىتىنى ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ. ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈنۈشتە مۇرەككەپ ھادىسىلەر ۋە ۋەقەلەرنى قوغلاشقان ئەمەس. دىققەت-ئېتىۋارىنى ۋەقەنىڭ جەريانى ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۆزگىلا قارىتىپ قويغان ئەمەس. پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆرسىتىپ بېرىش ۋە ئەشۇ يېڭى كىشىلەر-نىڭ ھەر خىل مۇناسىۋەتلەردىكى خىلمۇ-خىل، مەزمۇنغا باي ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، پېرسوناژلارنىڭ رو-شەن ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە ھەرىكەتلىرىدىن ئۇلاردىكى ئىدى-يىۋى مەزمۇننى تاۋلاپ چىقىش-مانا بۇلار ۋاڭ ۋېنشى ئىجا-دىيىتىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىدۇر.

«يېڭى تونۇشقان ھەمرالار» ۋە «سايىدا» ھېكايىلىرى ۋاڭ ۋېنشىنىڭ مانا مۇشۇنداق يېڭى كىشىلەرنى تەسۋىرلەش سەنئىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەرلىرىدىندۇر. بۇ ھەر ئىككى ھېكايىدە مۇكەممەل ۋەقەلىك يوق. ئاپتور باھالاش نەق مەيدان يىغىنى ۋە ئىستىل تۈزىتىش يىغىنىدىكى كەس-كىن زىددىيەتلەرنى ئاستاغىنە بىر چەتكە قويۇپ تۇرۇپ، خىل-ۋەت يول ئۈستىدىكى، دەرەخ تۈۋىدىكى پاراڭنى پېرسوناژ-لارنى تەسۋىرلەشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى قىلغان. ئاپتور ئۆزى تاللىۋالغان بۇ مۇشكۈل نۇقتىدا تۇرۇپ ئوخشاش بولمىغان ئىدىيىۋى خاراكتېردىكى پېرسوناژلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا

يورۇتۇپ بەرگەن. پېرسوناژلار خاراكتېرلىرىنىڭ سىپلىشتۇرمىسى ئارقىلىق جاڭلايۆ، ۋۇشۇلەن ۋە چىڭ دانيەن قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىدىكى گۈزەللىكنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئاپتور پېرسوناژلارنىڭ مەسىلىنى تونۇپ يېتىش جەريانىنى، ساي سىرلىرىنى ئېچىش جەريانى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋەتكەچكە، ھېكايە تەكشۈرۈش، ئىرادە بىلدۈرۈشتەك ئادەتتىكى تەسۋىرلەر بىلەن توختاپ قالماي، پېرسوناژنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا تېخمۇ ئىچكىرىلەپ كىرگەن.

ۋاڭ ۋىنشى ئۆزى ياراتقان يېزىلاردىكى يېڭى كىشىلەر ئوبرازىنى يېزا پۇرىقى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بولغان مۇھىت بىلەن تەمىنلەشكە ئالاھىدە ئېتىۋار قىلىدىغان يازغۇچى. ئۇ بۇ ھەقتە «ئەسەردىكى قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى رېئال تۇرمۇشتىكى قەھرىمانلاردىنمۇ تولۇق ۋە مۇكەممەل قىلىپ يارىتىش ئۈچۈن، ئامال قىلىپ دەۋرىمىزنىڭ كارتىنىسىنى، تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى سىزىپ چىقىش، پېرسوناژلارنىڭ كۆرەشلىرىنى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ھەۋەسلىرىنى تەسۋىرلەش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، تۇرمۇشىمىزنىڭ ۋە پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ چەكسىز مول ھەم تولۇقلۇقىنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ» دەيدۇ.

ۋاڭ ۋىنشى تۇرمۇشتىكى خېلى جىددىي تۈس ئالغان زىددىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەندىمۇ، ئۆز ئەسەرلىرىگە داۋاملىق تۈردە مەلۇم دەرىجىدە يۇمۇرلۇق پۇراقنى ۋە كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان تۇرمۇش ھەۋەسلىرىنى سىڭدۈرۈپ ماڭىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئىپادىلەش

نۇقتىسىدىن چىققان كومېدىيىنىڭ ئېپىزوتلار ئەكس ئەتتۈرۈلۈ-
ۋاتقان تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىگە تېخىمۇ رەڭدار ۋە تېخىمۇ
خوشاللىق تۈس كىرگۈزىدۇ. يۇقىرىقىلار ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدى-
كى مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 8 - §. ۋاڭ مىڭ ۋە ئۇنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتى

ۋاڭ مىڭ 1934 - يىلى بېيجىڭ شەھرىدە تۇغۇلغان.
ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىدىن باشلاپلا كومپارتىيىنىڭ يەر
ئاستى تەشكىلىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان بولۇپ، تېخى
14 ياشقا تولماي تۇرۇپلا كومپارتىيىگە قوبۇل قىلىنغان.
ئازادلىقتىن كېيىن ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن
1953 - يىلى ئۇنىڭ «ياشسۇن ياشلىق» ناملىق رومانى
ئېلان قىلىنغان. بۇ چاغدا ۋاڭ مىڭ 19 ياش ئىدى.
1956 - يىلى ئۇ «تەشكىلات بۆلۈمىگە كەلگەن ياش» ھېكايى-
سىنى ئېلان قىلدى ۋە شۇ ھېكايە تۈپەيلىدىن 1957 - يىلى
خاتا ھالدا ئوڭچى قىلىپ قويۇلدى. تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ
بېيجىڭ شەھرى ئەتراپى رايونىغا ئەۋەتىلدى. 1965 - يىلى
ئۇ ئۆزى تەلەپ قىلىپ شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونى بايانداي
گۇڭشىسىغا كەلدى ۋە بۇ گۇڭشى 2 - دادۈينىڭ مۇئاۋىن
دادۈيجاڭلىق خىزمىتىنى ئىشلىدى. بۇ جەرياندا تۇرمۇش
ئۆگەندى ۋە ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەندى. 1973 - يىلى ئاپتونوم
رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىگە يۆتكەپ كېلىندى ۋە «بۇ
جاينىڭ مەنزىرىسى» ناملىق رومانىنىڭ ئىجادىيىتى ئۈستىدە

ئىشلىدى. 1975 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت تەتقىقات ئىشخانىسىغا يۆتكەلدى. «تۆت كىشلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مەسىلىسى تېزدىن ھەل قىلىنىپ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1978 - يىلى بېيجىڭغا يۆتكىلىپ شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىدە كەسپىي يازغۇچى بولۇپ ئىشلىدى. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ ئىجادىيتى يېڭى باسقۇچقا كىردى. «دۈيجاڭ، شۇجى، مولۇن ۋە يېرىم تال چوكىنىڭ ھېكايىسى»، «ئەڭ قىممەتلىك»، «لەگ - لەكنىڭ لېنتىسى» «تۈننىڭ كۆزى»، «باھار تۈۋشى»، «دېڭىز - نىڭ چۈشى» «نۇرلۇق» قاتارلىق ھېكايىلەرنى، «بولشۇيكلارچە سالام»، «كېپىنەك» ناملىق پوۋېستلارنى ئېلان قىلدى. ئۇلار - نىڭ ئىچىدە «ئەڭ قىممەتلىك»، «باھار تۈۋشى» ھېكايىلىرى مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ھېكايىلەر مۇكاپاتىغا، «كېپىنەك» پوۋېستى مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر پوۋېستلار مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1. «تەشكىلات بۆلۈمىگە كەلگەن ياش» ھېكايىسى

بۇ ھېكايە 1956 - يىلى 9 - ئايدا ئېلان قىلىنىپلا پۈتكۈل ئەدەبىيات سەھنىسىنى زىل - زىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەنىدى.

بۇ ھېكايە توغرىلىق تۆۋەندىكىلەرنى كۆرستىشكە بولىدۇ: بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇشۇ ھېكايىسى بىلەن تۇنجى قېتىم تېما دائىرىسىدىكى چەكلەنگەن رايونغا بۆسۈپ كىردى. پارتىيىنىڭ يۇقىرى — رەھبەرلىك ئورگىنىدىكى يەنە كېلىپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تۇرۇشلۇق بېيجىڭ شەھىرىنىڭ بىر رايوندىكى پارتىيە كومىتېتى ئورگىنىدىكى چاڭ - توزاڭلارنى، ناچار ئىستىللارنى ئېچىپ بەردى. شۇڭا بۇ ئەسەر ئىدىيىۋى

مەزمۇنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.
بۇ ئەسەردە ئىنقىلابىي ئىرادىسى بوشىشىپ كەتكەنلەر-نىڭ تىپى — لىيۇشى ۋۇنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان.
رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ 1 - مۇئاۋىن بۇجاڭى لىيۇشى ۋۇ ئىنقىلابىي كۈرەشلەردە تۆھپىسى بار كادىر بولسىمۇ، ئازادلىقتىن كېيىن تۇرمۇشىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئورنىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن «ھەممە نىمە ئادەتتىكىدەكلا، بۇلار-دىن زېرىكتىم»، «ھەممىسى شۇنچىلىكلا بىر ئىش» دەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئۇنىڭ داۋاملىق ئېيتىدىغان سۆزى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ تۇرمۇش پەلسەپىسى ۋە دۇنيا قارى-شىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. چۈنكى ئۇ سىياسىي، غايە، ئەخلاقىي سۈپەت دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى مەنىسىز، يوق بىرنىمىلەر، دەپ قاراپ خىزمەت، ئۆگىنىش، تۇرمۇشتا نىمە بولسا بولىمدۇ، دەيدىغان پوزىتسىيىنى تۇتىدۇ. «ئۇ ئەمدى ھېچنىمىنى سۆي-مەيدۇ، ھېچنىمىدىن نەپرەتلەنمەيدۇ، ئەمدى ھەرگىز ئىنقىلاب-نىڭ غېمىنى قىلمايدۇ» يەنى ھەممىدىن سوۋۇيدۇ، بىزار بولىدۇ. مانا بۇ — لىيۇشى ۋۇ خاراكتېرىنىڭ يادروسى. ئۇنىڭدىكى كېسەللىك ئادەتتىكى ئاساسىي قاتلامغا چۆكمەيدىغان، ئاممى-دىن ئايرىلىدىغان، تۆرىچىلىك ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ يوشۇرۇن تېخىمۇ خەتەرلىك بولغان ئىنقىلابىي ئىرادىسى بوشىشىپ كېتىش كېسىلىدۇر.
بۇ ھېكايە يالغۇز تېما تەرەپتىنلا ئەمەس، بەلكى ئوبراز يارىتىش جەھەتتىمۇ كونا قېلىپلارنى بۆسۈپ تاشلى-غان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئىجادىيەتتە مودا بولۇپ قالغان

«زىددىيەتنى يازماسلىق» ۋە ئىسخىماتىزىم، ئوقۇملاشتۇرۇش خاھىشلىرىغا كۈچلۈك دەككە بەردى. سوتسىيالىزىم دەۋرىدىكى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى دادىللىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش، ئەدەبىياتنىڭ جەڭگىۋار رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا بۇ ئەسەر ئەينى ۋاقىتتا، ئاكتىپ رول ئوينىغانىدى. گەرچە ئۇ بىر مەزگىل قارىلىنىپ چەكلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ھازىر ئۇنىڭ خۇشپۇراق گۈل بولۇپ قايتا ئېچىلىشى تارىخنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ھەققانىي باھاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2 ۋاڭ مىڭنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى يېڭى ئىزدىنىشلىرى

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن ۋاڭ مىڭنىڭ ئىجادىيىتى يېڭى باسقۇچقا كىردى. ئۇنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يازغان ھېكايىلىرىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى خەلقنىڭ ئەشۇ كۆلپەتلىك يىللاردىكى مەنىۋىي جاراھەتلىرىنى ئېچىشتا مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: دەن دەن («ئەڭ قىممەتلىك» تىكى)، لىجۇڭيەن («نۇرلۇق» تىكى)، سۇڭ مىڭ( «بولشېۋىكلارچە سالام» دىكى،) ھەدە («ھەدە» دىكى)، مېيلەن («كېپىنەك» تىكى) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سولچىل لۇشيەننىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان ئالاھىدە مۇھىت ئىچىدە مەنىۋى جەھەتتىن جاراھەتلەنگەن، ئىدىيىسى قاتماللاشقان ئوبرازلاردۇر. ئۇلارنىڭ كېسىلىنى ساقايتىپ، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش، ئەلۋەتتە، مۇھىم بىر ئىجتىمائىي مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. ۋاڭ مىڭ ھېكايىلىرىدا مانا مۇشۇنداق زور مەزمۇنلار يورۇتۇلغان.

پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىمۇ ۋاڭ مىڭ ھېكايىلىرىنىڭ مەزمۇن دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇنداق مەزمۇندىكى ھېكايىلاردا ھېكايە ۋەقەلىكى كەڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا بايان قىلىنىدۇ. 30 نەچچە يىللىق ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن تارىخىي جەريانىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر، زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئارقىلىق كىشىنى چوڭقۇر ئويلارغا سالىدىغان مەسىلىلەر، ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. پارتىيە ۋە خەلقىمىز كۆپ بەدەل تۆلەپ ھاسىل قىلغان تەجرىبە ساۋاقلار يەكۈنلىنىدۇ. بۇ ئەسەرلەر خەلقىمىزنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يولىنى ئەسلىتىپلا قالماي، يەنە ھازىر مېڭىۋاتقان ۋە ئەمدى ماڭماقچى بولۇۋاتقان يولى توغرىسىدىمۇ مۇستەقىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ تونۇشتىكى قىممىتى ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور.

ۋاڭ مىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى دەپ مۇنداق ئىككى نۇقتىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بىرىسى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى ئۆزىنىڭ ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلىدىغانلىقى بولسا يەنە بىرىسى يۇمۇرلۇق ۋە ساتىرىك ئىكەنلىكىدۇر.

ۋاڭ مىڭ 1979 - يىلى ۋە 1980 - يىلى بولۇپ ئىككى يىل ئىچىدە «تۈننىڭ كۆزى»، «لەگلەك لېنتىسى»، «باھار تىۋىشى»، «دېڭىزنىڭ چۈشى» ھېكايىلىرىنى ۋە «بولشېۋىكلارچە سالام»، «كېپىنەك» قاتارلىق پوۋېستلارنى يازدى. ئۇ بۇ ئەسەرلىرىدە «ئاڭ ئېقىمى» دىن ئىبارەت ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن خېلى كۆپ پايدىلاندى.

«ئاك ئېقىمى» دېگەن ئاتالغۇنى تۇنجى بولۇپ ئامېر-
ىكا پىسخولوگى ۋىلىيام جامۇس ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ،
ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىدا ئىنسان ئېڭىنىڭ ھەرىكىتىنى
سۇنىڭ ئېقىمىغا ئوخشىتىپ چۈشەندۈرگەنىدى. كېيىنچە
ئامېرىكا، ياۋروپادىكى مودېرنىزمچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنسان
پىسخىكىسىغا بېغىشلانغان ئەسەرلىرىنى «ئاك ئېقىمى» پىروزىسى
دەپ ئاتاشقان.

«ئاك ئېقىمى» بويىچە يېزىلغان پىروزىك ئەسەرلەر
ئادەملەرنىڭ ئېڭىنى، پىسخىكىسىنى ئۆزىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى
قىلىدۇ؛ ئەسەر باشتىن ئاياق دېگۈدەك كىشىلەرنىڭ پىسخىك
پائالىيەتلىرىنى، ئېڭىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئاپتور-
نىڭ دۇنياغا، تۇرمۇشقا، تەسۋىرلەش ئوبيېكتىغا قارىتا بىر
دەقىقە ۋە شۇ مىنۇتتىكى تۇيغۇسىنى، تەسىراتىنى، ھېسسىياتىنى
ئالاھىدە ئورۇنغا قويىدۇ. ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان پېرسوناژ،
مۇھىت ئۈستىدە ئاساسەن ئىنزاھات ياكى باھا بەرمەيدۇ.
پورترېت تەسۋىرى، ھەرىكەت تەسۋىرى دېگەندەك سىرتقى
ھالەتلەرگە كۆپ ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بۇنداق ئەسەرلەر
ۋاقىت ۋە ئورۇننىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كېتەلەيدۇ. كىتاب-
خانلارغا تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ مول، ئاجايىپ كۆركەم سەنئەت
دۇنياسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

ۋاڭ مىڭنىڭ «باھار تىۋىشى» ھېكايىسىدا فىزىك يۈزى-
فىڭنىڭ باھار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن تۇغقان يوقلاپ
كېتىۋېتىپ، يولدا كۆرگەنلىرى ۋە ئۇنىڭ خىياللىرى بايان
قىلىنغان. قىسقىغىنە (بىر نەچچە مىڭلا خەت) ھېكايىگە نەچچە

ئۇن يىللىق تارىخي جەريان، نەچچە مىڭ يوللۇق كەڭ ماكان، يىراق تارىخ ۋە بۈگۈنكى رېئاللىق، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەر، يېزا ۋە شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى سىغدۇرۇلغان. پەقەت يۈزنىڭ بىر ئادەمنىڭ پۈيىزدا كېتىۋېتىپ كۆرگەنلىرى ۋە ۋە كۆرۈش بىلەن قاناتلانغان تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق يەنى مۇرەككەپ ئاڭ ئېقىمى ئارقىلىق ئەڭ يېڭى، ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ گۈزەل نەرسىلەرنى ئەڭ رەزىل، ئەڭ كونا، ئەڭ پاسكىنا نەرسىلەر بىلەن بىر تەكشىلىككە قويۇپ تۇرۇپ، كونا ۋە يېڭى ئۆزئارا ئوروۇن ئالماشتۇرۇۋاتقان ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخي شارائىتتا «قىشنىڭ ئىزناسى» تېخى بارلىقىنى، شۇنىڭدەك «باھار تىۋىشى» نىڭمۇ ئاڭلىنىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ۋەتىنىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىنى ناھايىتى چىنلىق بىلەن سۈرەتلەيدۇ.

ۋاڭ مېڭنىڭ يېقىنقى ئەسەرلىرىدە ھەجۋىي تۈس كۈچ- لۈك، كومېدىيىلىك ئامىللار كۆپ. يۇمۇر ۋە ساتىرا بۇ ئەسەر- لەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى بولالايدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت بىمەنە كۈلكە ئارقىلىق بىمەنە تۇرمۇشنى ئىنكار قىلىش، بارلىق نادانلىق، نومۇسسىزلىق، ۋەھشىلىكتەك ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى چىرىك نەرسىلەرنى مەسخىرە قىلىش ۋە قام- چىلاشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ بۇ خىل ئەسەرلىرىدىكى يۇمۇر ۋە ساتىرا داۋاملىق چوڭقۇر پەلسەپىۋىيلىك بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، بۇ ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىشى ئۆتكۈر بولۇپلا قالماي، مەنىسىمۇ چوڭقۇر. ئۇنىڭدىكى ساتىرا ھەرگىز ئاپتورنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى رېئاللىقتا

ساقلىنىۋاتقان ئىللەتلەرنى پىچەن قىلىش ئىۇلارنى تازىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. خۇددى ئۇ ئۆزى ئېيتقاندەك «ئاچچىقنىڭ كەينىدە ئىللىقلىق، تەنە ۋە كىنايىنىڭ كەينىدە ئەپۇ، قاتتىق ئەپسۇسلىنىشنىڭ كەينىدە قىزغىن ئۈمىد بار.»

## 9-§. رۇجىجۇەن ۋە ئۇنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتى

**ئايال** يازغۇچى رۇجىجۇن 1925-يىلى شاڭخەيدە تۇغۇلغان. 1943-يىلى 4-ئايدا ئارمىيىگە قاتناشقان.

ئۇ ئۆزىنىڭ «گۈەن ئانا» ناملىق ھېكايىسى بىلەن داڭ چىقارغان. «پىياز گۈلى» ھېكايىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ھەققىدە خېلى تالاش-تارتىشلار بولغانىدى. كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ «ئىگىز تېرەكلەر»، «جىمجىت تۇغۇتخانا» دېگەن ھېكايىلەر توپلاملىرى نەشر قىلىندى.

رۇجىجۇەننىڭ ھېكايىلىرى ئاساسەن ئازادلىق ئۇرۇش ۋە شۇ دەۋردىكى تۇرمۇشنى تېما قىلىپ يېزىلغان. سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى تۇرمۇشمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە بەلگىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «ئاكا-ئۇكىلارنىڭ خوتۇنلىرى»، «قانغان ئارزۇ»، «ئىنتىپاق ياچېيكىسىنىڭ يېڭىدىن سايلانغان سېكرېتارى»، «ئىللىق باھاردا»، «مۇساپە»، «2-قەدەم» قاتارلىق ھېكايىلەر مانا مۇشۇ مەزمۇنغا بېغىشلانغان.

رۇجىجۇەننىڭ بەزى ئەسەرلىرىگە باھا بېرىشتە ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ كۆز قاراشلىرىدا ئوخشاشماسلىقلار بار. بەزى

تەنقىدچىلەر «پىياز گۆلى» ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ياخشى ئەسەر، دەپ باھا بەرسە، يەنە بەزىلەر بۇنىڭغا قوشۇلماي باشقىچە پىكىردە بولىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ھەققىدە كۆپ مۇزاكىرە بولغان.

ماۋدۇن ئەپەندى «يېقىنقى يىللاردىكى ھېكايىلەر توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدا «پىياز گۆلى» ھېكايىسىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبىنى: يېڭى ۋە چىرايلىق، دەپ ئالايىتەن تەرىپلىگەندى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ھەققىدە تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن:

1 . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى «دەۋر ئېقىمىدىكى بىر نۇرغۇن، سونىڭ ئالىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي خورىدىكى بىر قىستۇرما كۈي» (خۇجىنجىڭنىڭ سۆزى) بۇ — روجىجۇەن ئەسەرلىرىگە بولۇپمۇ ئۇنىڭ ماتېرىيال تاللاشتىكى ئالاھىدىلىكىگە بېرىلگەن توغرا باھا. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كەڭ ۋە ئۇلۇغۋار تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى سۈرەتلەشنى ئاساس قىلمىغان، بەلكى ئاددىي نەرسىلەر ئارقىلىق مۇرەككەپ رېئاللىقنى كۆرسىتىپ بەرگەن مەسىلەن: ئۇنىڭ «پىياز گۆلى» ناملىق ھېكايىسى ئۇرۇشنى تىما قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدا مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ قىقاس چوقانلىرى، يۈرەكلەرنى جىغىلداتقىدەك جەڭ جىددىيچىلىكى يوق. ئاپتور بۇنداق جەڭ كۆرۈنۈشلىرىنى ئەسەرنىڭ ئارقا قىسمىغا قويغان. شۇڭا ئەسەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان پىكرى تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ، كىتابخانلارنى تېخىمۇ چوڭ روھىي ئوزۇق بىلەن تەمىن ئەتكەن،

2 . ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە «رەڭ قويۇق ئەمەس، دەل

جايىدا، ئاھاڭ يۇقىرى ئەمەس، لېكىن يېقىملىق» (خۇجەندىجىگىنىڭ سۆزى) مانا بۇ-ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى. روجېجۇەن «يېڭى پېرسوناژ»، «يېڭى دۇنيا» نى يازىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ پېرسوناژلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قالتىس مۆجىزىلەرنى يارىتىۋېرىدىغان قەھرىمانلار ئەمەس. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆپىنچە ھاللاردا ئادەتتىكى ئائىلىۋى تۇرمۇش، تۇغقانلار ئارىسىدىكى، خىزمەتداشلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردە پەيدا بولغان نازۇك ۋە يوشۇرۇن ھېسسىيات يېزىلىدۇ. ئاپتور پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ مۇكەممەللىشىشى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى مۇرەككەپ ھەم ئەگرى تۇقاي ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى تەشكىللەش ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ. بەلكى پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان ئىجتىمائىي ئامىللارنى ئىنچىكىلىك بىلەن قازىدۇ ۋە ئۇلارنى ئىپادىلەيدۇ. ئومۇمىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا روجېجۇەن تۇرمۇشقا ۋە پېرسوناژلارغا قويۇق رەڭ بېرىپ، ئۇلارنى كىشىنىڭ كۆزىنى چاقناتقۇدەك قىلىپ يورۇتۇپ بەرمەيدۇ، بەلكى تەسۋىرلەش ئوبيېكتلىرىنى كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. كىتابخانلار تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ۋە پېرسوناژلارنىڭ مەنىۋى قىياپىتى بىلەن يۈز كۆرىشىدۇ. تەپەككۇر، تەسەۋۋۇر ئارقىلىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ تونۇشۇش مەقسىتىگە يېتىدۇ.

3. پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئەمەس، بەلكى پېرسوناژلارنىڭ چوڭقۇر ۋە كەڭ روھىي دۇنياسىنى ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ.

روجى جوەن ئەسەرلىرىدە پىسخىك تەسۋىر ناھايىتى ئىنچىكە بېرىلگەن بولۇپ، ئاپتورنىڭ قەلىمى پېرسوناژنىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرىنىڭ كەڭلىكىدە يۈگۈرۈپ يۈرمەيدۇ، بەلكى مەلۇم بىر نۇقتىنى تاللىۋېلىپ پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ تىپىك ئۆزگىچىلىكى قاتارلىق ھەمدە پېرسوناژنىڭ كەچۈرمىشى بىلەن بولغان باغلىنىشلىرىنى يېزىش ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى قېزىپ چىقىدۇ. كۆرۈنۈشتە ناھايىتى بەختلىك كۆرۈنگەن قىزلارنىڭ قەلبىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان غەشلىكنى ۋە سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈش تەس بولغان بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى توغرا چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ.

ئاپتور ئىگىلىك تىكلەش ئۈچۈن تەر تۆككەن پېشقەدەملەرنىڭ جاپا ۋە ھالاۋەتنى چۈشەنمەيدىغان ياشلارنى ئەيىپلەشلىرىدىن ئىدىيىدە بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ئەھۋالىنى ھېس قىلىدۇ. ياشلارنىڭ بولاقتەك بىر جۈپ كۆزلىرىدىن تۇرمۇشنىڭ چوڭقۇر ۋە ئىشەنچلىك ئاساسىغا يېتەلمەي بىرخىل يۈزەكى تېيىزلىقتا توختاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايدۇ....

روجى جوەن پېرسوناژنىڭ پىسخىك پائالىيەتلىرىنى كەڭ، چوڭقۇر، روشەن، ئىنچىكە تەسۋىرلەپ، ئىدىيىۋى ھېسسىياتقا باي بولغان ئەمگەكچىلەرنىڭ ئوبرازلىرىنى يارىتىپ بېرەلەيدۇ.

### 10- §. «سىنىپ تەربىيىچىسى» ۋە «چىياۋ چاڭجاڭنىڭ خىزمەتكە تەيىنلىنىشى» ھېكايىلىرى

«سىنىپ تەربىيىچىسى» (ليۇ شىنۋۇ)، «چىياۋ چاڭجاڭنىڭ خىزمەتكە تەيىنلىنىشى» (جياڭ زىلۇڭ) ھېكايىلىرى يېڭى باس-

قۇچنىكى پروزا ئىجادىيىتىدە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ۋەكىل خا-راكتېرلىك ئەسەرلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ھېكايىلار ئېلان قىلىنىپلا ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. ئۇلار مۇشۇ دەۋرىمىزدىكى تۇرمۇش رېئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. خەلقنىڭ ساداسىغا ۋەكىللىك قىلىپ دەۋر روھىنى يورۇتۇپ بەردى. تىمىسىنىڭ يېڭىلىقى، مەزمۇنى-نىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن مۇۋەپپە-قىيەت قازىنىپ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچىنىكى ئىجادىيىتىدە باشلامچىلىق رول ئوينىدى.

1 . ليۇشىنۋۇنىڭ «سىنىپ تەربىيىچىسى» ھېكايىسى 1977 - يىلى نويابىردا «خەلق ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. ھېكايە ئېلان قىلىنغان مەزگىلدە خەلقىمىز لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گورۇھ»نىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ زەھەرلىرىنى تەلتۆكۈس تازىلاشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىۋاتاتتى. بۇ چاغدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت بولسا ئىلىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن 10 يىللىق بالايى-ئاپەتنى تۇرمۇش چىنلىقى بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۆتكۈر مەسىلىگە دۇچ كېلىۋاتاتتى. «سى-نىپ تەربىيىچىسى» مۇشۇ زور ئىجتىمائىي مەسىلە ئۈستىدە تۇنجى قېتىم توختالغان مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەسەر بولۇپ ھېساب-لىنىدۇ. شۇڭا بۇ ھېكايە يېڭى باسقۇچتىكى ئەدەبىياتنىڭ تەرەق-قىياتىدا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ ئەسەردە بىر سىنىپ تەربىيىچىسىنىڭ ياش-ئۆس-مۈرلەرنى تەربىيىلىگەنلىكىگە دائىر ئىشلار ھېكايە قىلىنغان

بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ئەينى چاغدا ھەممە كىشىنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغاۋاتقان ۋە جىددىي تۇتۇپ ھەل قىلمىسا زادى بولمايدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىجتىمائىي مەسىلە ئۆتكۈر-لۈك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ھەممىگە ئايانكى، تۇرمۇشقا يۈزلىنىپ، رېئال ئەمەلىيەتنى ئىجادىيەتنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلىش — «سىنىپ تەربىيىچىسى» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نادىر ئەسەرلەرنىڭ مۇۋاپىقىيەت قازىنىشىدىكى كام بولسا بولمايدىغان بىر شەرتتۇر. بۇ ھېكايىنىڭ ئاپتورى خۇددىي يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك تۇرمۇشقا سادىق بولغانلىقى، رېئاللىقنى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىلغانلىقى ئۈچۈن، نابوت بولغان ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان سۇڭ باۋچى ۋە شىيې خۇيمىندەك كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان ھەم چوڭقۇر ئويغا پاتۇرىدىغان بەدىئىي ئوبرازنى يارىتىپ چىقالىغان.

بۇ ئىككى پېرسوناژنىڭ بىرسى ئاشكارا، بىرسى يوشۇرۇن؛ بىرسى يۈزە، بىرسى چوڭقۇر بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە ئۇلار ئىككىسى بىر- بىرىگە چېتىشلىق. سۇڭ باۋچى تېخى 16 ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىدا خېلى ئۇزاپ كەتكەن «كاردىن چىققان» بالا لۈكچەك. گەرچە سۇڭ باۋچىدەكلەرنىڭ ئەھۋالى، ئەينى يىللاردا ھەيران قالغۇچىلىقى يوق بىر ئىش بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلىنىپ بولغان بولسىمۇ، يازغۇچى ئۆز ھېكايىسىدا مەقسەتلىك ھالدا ئۇنى بەدىئىي رەڭ بىلەن يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى

ئەلۋەتتە بۇنىڭ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك جىددىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئاپتور ھېكايىدا ئۇنىڭ قانداق قىلىپ جىنايەت يولىغا ماڭغانلىقى، قانداق لۈكچەكلىكلەرنى قىلغانلىقى ۋاھاكازالار ئۈستىدە سۆزلەپ ئولتۇرمايدۇ (بۇنى كىتابخانىنىڭ ئۆزىلا سۇك-باۋچىنىڭ ئېچىنىدىكى تىكىلگەن يېپتىن قالغان تاتۇقتىن تە-سەۋۋۇر قىلالايدۇ).

ئاپتور پەقەت ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈ-زۈش سەۋەبلىرى، نېمە ئۈچۈن مۇشۇ يولغا كىرىپ قالغانلىقى ئۈستىدىلا ئىزدىنىدۇ. كىتابخانلار ھېكايىدىكى جاڭ مۇئەللىم-نىڭ سۇك باۋچىنىڭ ئۆيىگە ئائىلە سۆھبىتى ئۈچۈن بارغانلى-قى يېزىلغان ئېپىزوتتىن موسكۇللىرى تەرەققى قىلغان بۇ با-لىنىڭ قانچىلىك نادان ۋە بىلىمسىزلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك بولىدۇ. سۇك باۋچى ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تا-رىخىدىكى بارلىق كېرەكلىك بىلىملەردىن خەۋەرسىز، ئەدەبى-يات - سەنئەت جەۋھەرلىرىگە نىسبەتەن پۈتۈنلەي ساۋاتسىز. قىسقىسى ئۇنىڭ كاللىسى پۈتۈنلەي بوش ۋە قۇرۇق. ھېكايە ئۇنىڭ «يۇندا بىلەن بۇلغۇنۇپ شەكىل ۋە سۈپىتى ئۆزگى-رىپ كەتكەن روھىي دۇنياسىنى» قېزىش ئارقىلىق كىشىلەرگە سۇك باۋچى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ مۇشۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشتىكى سەۋەبىنىڭ، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق كىتابنى ئوقۇمىغانلىقى ھېچنىمىنى ئۆگەنمىگەنلىكى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. مانا بۇ سۈرۈشتۈرۈپ كەلگەندە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يۈرگۈزگەن فاشىستىك مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكى ۋە

خەلقنى نادان تۇتۇش سىياسىتىنىڭ زەھەرلىك مېۋىسىدۇر.
ئەگەر سۇڭ باۋچىدەك ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ چۈشكۈنـ
لىشىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا ماڭغانلىقى كىشىنى غەزەبـ
لەندۈرسە، ئۇ چاغدا بالىلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن زەھەرلەـ
نىپ شىيې خۇيمىندەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى كىشىنى
چوقۇم چۆچۈتىدۇ. ھېكايىدىكى يەنە بىر پېرسوناژ شىيې خۇيـ
مىن ماھىيەت جەھەتتىن پاك، ئەخلاقلىق، چوڭ سۆپەت قىز.
بۇ ئۇنىڭ دەل بىلىمگە تەشنا بولۇۋاتقان، يۇقىرىغا ئىنتىلـ
ۋاتقان، غەمسىز ئۆسۈۋاتقان بالىلىق مەۋسۇمى بولسىمۇ، ئەمما
ئۇ كىتابخانىلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئىدىيىسى قاتمال، دوگما،
ھەتتا ئۆزىنىمۇ ياغاچتەك تۇتىدىغان غەلىتە ئوبراز بولۇپ
كۆرۈنىدۇ. ئۇ تۇرمۇشتا «سىنىپىي كۆرەش»تىن ئىبارەت تارـ
نى چىڭىتىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»
گېزىت - ژۇرنال ۋە رادىئولاردا تەشۋىق قىلغان «قائىدە -
مىزان»لاردىن باشقىغا قىلچە قىزىقمايدىغان. ئەقەللىسى بالـ
لاردا بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەردىن تامامەن مەھرۇم
بولغان بىر قىز. ئۇ «كۆكۈيۈن» رومانىغا تۇتقان پوزىتسىيەـ
سىدىلا ئۆزىنىڭ خۇددى سۇڭ باۋچىغا ئوخشاش نادان، بىلىمـ
سىز ئىكەنلىكىنى، مەنىۋى دۇنياسىنىڭ نامرات ئىكەنلىكىنى
ئېنىق ئىپادىلەيدۇ. بىراق كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى،
رېئال تۇرمۇشتا شىيې خۇيمىندەكلەر داۋامەن سۇڭ باۋچىدەك
دىققەتنى قوزغىمايدۇ. ئەكسىچە ئاكتىپ دەپ قارىلىپ ماختىلـ
دۇ، مەدھىيىلىنىدۇ.

«سىنىپ تەربىيىچىسى» ھېكايىسىنىڭ ئاپتورىنىڭ ئەڭ

چوڭ تۆھپىسى، ئۇنىڭ ھەقىقىي سەنئەتكارلارغا خاس ئۆتكۈر
كۆزى بىلەن سىزدامەي كېلىۋاتقان بۇ ئىجتىمائىي كېسەللىكنى
تېپىپ چىقىپ، شىيې خۇيمىن ئوبرازىنى يارىتىپ بەرگەنلىكىدە
ئىپادىلىنىدۇ. شىيې خۇيمىن ئوبرازى پۈتۈن يېڭى دەۋر ئەدە-
بىياتىدا تۇنجى قېتىم يارىتىلغان بولۇپ، ئۇ كىشىلەرگە
«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بازارغا سالغان «چۈشەنسەڭمۇ ئىجرا
قىلىسەن، چۈشەنمىسەڭمۇ ئىجرا قىلىسەن» دېيدىغان قۇللۇق
پەلسەپىسىنىڭ ياش ئەۋلادلىرىمىزنى قانداق زەھەرلىگەنلىكىنى،
قانداق قىلىپ ئۇلارنى پىكىر قىلىش ئىقتىدارىدىن، ئىجاد
قىلىش روھىدىن مەھرۇم قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ،
كىشىلەرنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» پەيدا قىلغان مەنىۋى
بوھرانغا بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلىتىپ، «تۆت كىشىلىك
گۇرۇھ» نىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇ-
ۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە 10 يىللىق
ئاسارەتتىن قۇتۇلغان ئىنقىلابىي رېئالىزمنىڭ غايەت زور قۇد-
رىتىنى نامايەن قىلىدۇ.

بىز بۇ ھېكايىدىن يېڭى باسقۇچتىكى ئەدەبىياتنىڭ
ھېلىقىدەك تۇرمۇشنى پەدازلاپ، بۇرمىلاپ كۆرسىتىدىغان رېئا-
لىزمغا قارشى ئەدەبىياتتىن چەك ئاجرىتىشقا باشلىغانلىقىنى
ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز. دەرۋەقە، ئەدەبىي چىنلىق دېگىنىمىز
ئەدەبىياتتىكى ئىنقىلابىي رېئالىزمنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى. لې-
كىن ئۇ ئىنقىلابىي رېئالىزمنىڭ ئۆزى ئەمەس. شۇڭا جەمئى-
يەتنىڭ قاتلاملىرىغا كېسەللىكلەرنى چىنلىق بىلەن پاش قىلىش
ۋە كىشىلەر قەلبىدىكى جاراھەتلەرنى كۆرسىتىپلا قويۇپ بول-

دى قىلىش، ھەرگىز يازغۇچىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىدى بولماسلىقى كېرەك. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن كەڭ كىتاب-خانلار ۋە پۈتكۈل ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى شىيې خۇيمىن ئوبرازىنى: «جاراھەت ئەدەبىياتىدا تەۋە پېرسوناژ»، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى پېرسوناژلار قاتارىنى بېيىتقان بەدىئىي تىپ، دەپ تەرىپلەۋاتقان چاغدا، ھېكايە ئاپتورى ئۆزىنىڭ تەسىراتىنى سۆزلەپ كېلىپ: بۇ ھېكايىدا ئەجىر قىلىپ تەس-ۋىرلەنگەن پېرسوناژ «سۇڭ باۋچى ياكى شىيې خۇيمىن ئەمەس، شى خۇگىمۇ ئەمەس، بەلكى جاڭ زۇنشى مۇئەللىم» دەپ كۆر-سىتىدۇ. ئۇ «مەن سۇڭ باۋچى ۋە شىيې خۇيمىننىڭ مەسىلىسىنى كىتابخانلار ئالدىغا نوقۇل ئوبىېكتىپ مەۋجۇدىيەت تەرىـ قىسىدە قويۇپلا قويمۇدۇم. بەلكى جاڭ زۇنشى مۇئەللىمنىڭ كۆزەتكەنلىرى بويىچە كىتابخانلار ئالدىغا سوئاللارنى تاش-لاپ قويدۇم ۋە ئۇلارنى ئۆزەم يېشەلىگەن جاۋابلار بىلەن تەمىنلىدىم» دەيدۇ. ئەلبەتتە، بىز بۇنىڭ بىلەنلا جاڭ زۇنشى ئوبرازىنىڭ تىپىك ئەھمىيىتى شىيې خۇيمىن ۋە سۇڭ باۋچىلار-نىڭكىدىن چوڭ ۋە ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققىنى جاڭ زۇنشى ئوبرازى، دەپ كېتەلمەيمىز. لېكىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، جاڭ زۇنشى ئوبرازىنىڭ تۇرمۇشنى دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم كۆز قارىشى بىلەن تەھلىل قىلىشتىكى، يەنى شىيې خۇيمىن ۋە سۇڭ باۋچى ئوبرازلىرىنى گەرچە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» گۇمران بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ زەھەرلىرى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان، كىشىلەر بۇ زەھەرلەرنى تەلتۆ-كۈس تازىلاشقا قەتئىي بەل باغلىغان ۋە تولۇق ئىشەنچىدە

بولۇۋاتقان تىپىك شارائىت ئاستىغا قويۇپ يارىتىشتىكى رولى ھەرگىز كىچىك ئەمەس. دىمەك ئاپتور تۇرمۇشتىكى زىددىيەتلەرنى چوڭ يۈرەكلىك بىلەن ئېچىپ كۆرسىتىش بىلەن بىرگە تۇرمۇشنى تىپىك شارائىت ئاستىدىكى تىپىك پېرسوناژلار ئارقىلىق ۋە ماس ھالدىكى سۈژىت ئارقىلىق تەھلىل قىلغان ۋە ئۇنىڭغا باھا بەرگەن.

ئاپتور ئۆزىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان قىزغىن ھېسسىياتىنى ۋە ۋەتەنىنىڭ ئىستىقبالىغا بولغان تولۇق ئىشەنچىسىنى جاڭ-زۈنشى مۇئەللىمنىڭ ئوبرازىدا سىڭدۈرۈۋەتكەن.

جاڭ زۈنشى - ئاددىيغىنا خىزمەت ئورنىدىكى خەلق ئوقۇتقۇچىسى، ئۇ باللارنىڭ قەلبىنى كونكىرىت ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇپ كۆزىتىدۇ ۋە تەتقىق قىلىدۇ. جەمئىيەتنى چوڭقۇر ۋە كەڭ دائىرىدە كۆزىتىش، چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئارقىلىق باللار قەلبىدىكى جاراھەتلەرنى داۋالاشنىڭ توغرا يولىنى تېپىپ چىقماقچى بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئارتۇقچىلىقىدا بىر ئاددىي خەلق ئوقۇتقۇچىسىنىڭ نۇقتىئى نەزىرىنىڭ ئۆتكۈر، كۆڭلى كۆكسىنىڭ كەڭلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بۇلغاپ تاشلىغان ئىجتىمائىي مۇھىتتا ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ مەنىۋىي جەھەتتىن ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقانلىقىنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن كۆرۈپ ئالالايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى ئېنىق تونۇپ، پۈتۈن كۈچ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياش - ئۆسمۈرلەرنى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ تۆمۈر تىرنىقى ئاردىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشقا ئاتلىنىدۇ، كۈرەش قىلىدۇ.

بۇ ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكى جاڭ زۇنشى مۇئەللىمنىڭ ھەرىـ كەت - پائالىيەتلىرىنى دەۋىر قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلغان بولۇپ پېرسوناژلار، ۋەقەلەر زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ۋە مۇھىت قاتارلىقلارمۇ جاڭ زۇنشىنىڭ كۆزىتىشى مەنسۇپى، پائالىيەتلەرىنىڭ زىمىنىدە ئورنىدىن تۇرىدۇ. مەركىزىي ئىدىيە مۇشۇ لىنىيە بويىچە ئايدىڭلىشىدۇ، مانا بۇ - ھېكايىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇ- لىدىكى بىر ئالاھىدىلىك.

ھېكايىدە مۇھاكىمە خېلى كۆپ، بۇ مۇھاكىمىلەر كىتابـ خانلارنىڭ بۇ سىنىپ تەربىيىچىسىنىڭ قەلبىدە ئۇركەشلەۋاتـ قان ھېسسىيات دولقۇنلىرىنى ھېس قىلىشىغا ۋە ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشىنىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. شۇڭلاشقا كىتابخانلارنىڭ نەزىرىنى كېڭەيتىدۇ. بىراق، مۇھاكىمىلەر ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە كۆپ. بەزى مۇھاكىمىلەر بەكمۇ ئۇزۇن بولۇپ، ئەسەر- نىڭ بەدىئىي كۈچىگە تەسىر يەتكۈزگەن. ھېكايىدىكى شى خۇڭ ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىجابىي ئوبراز تەرىقىسىدە تەسۋىرلەنگەن، لېكىن ئۇنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى تولۇق يورۇتۇل- مىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوقۇم ۋە قېلىپنىڭ تەسىرلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مانا بۇلار «سىنىپ تەربىيىچىسى» ھېكايىسىنىڭ موھىم يېتەرسىزلىكلىرىدۇر.

«سىنىپ تەربىيىچىسى» يازغۇچى ليۇ شىنۋۇنىڭ دەسـ لەپكى ئەسەرلىرىدىن بولۇپ سانىلىدۇ. ليۇ شىنۋۇ بۇ ھېكا- يىدىن كېيىن يەنە 30 نەچچە پارچە ھېكايە، پوۋېست ياز- دى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «مۇھەببەتنىڭ ئورنى»، «ئويغان ئۇكام»، «مەن ھەر بىر تال ياپراقنى سۆيىمەن» ھېكايىلىرى، «كۆكتۆل-

دىكىدەك»، «ئىسترولۇق كۆۋرۈك» قاتارلىق پوۋېستلىرى جە-
مئىيەتتە خېلى زور تەسىر قوزغىدى.

2 . جياڭ زىلۇڭنىڭ «چياۋچاڭچاڭنىڭ خىزمەتكە تەيىن-
لىنىشى» ناملىق ھېكايىسى ئېلىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»
قۇرۇلۇشىدىكى زىددىيەتلەرنى، كۈرەشلەرنى ئۇتتۇقلۇق ھالدا
ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن نادىر ئەسەر بولۇپ، ئۇ 1979 - يى-
لى ئىيولدا ئېلان قىلىنغان.

بۇ ھېكايە دېۋىگاتېل زاۋۇتىنىڭ مۇدىرى چياۋ گۇاڭپۇنىڭ
«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بەت - چەت قىلىنغاندىن كېيىن خىز-
مەتكە قايتىدىن تەيىنلىنىپ زاۋۇتنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆز-
گەرتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ئارقىلىق ئىلىمىز-
نىڭ كەڭ كادىرلىرى، تېخنىك خادىملىرى ۋە ئىشچىلىرىنىڭ
مۇشكۇللۇكتىن قورقماي ئالغا ئىنتىلىدىغان جەسۇرانە روھىنى
مەدھىيىلەيدۇ، جىمشىن ۋەكىللىكىدىكى «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇ-
رۇش» قا پاسسىپ پوزىتسىيە تۇتىدىغان، ئۆزىنىڭ راھىتى،
پايدا - مەنپەئىتىنى قوغلۇشۇپ جاپادىن قاچىدىغان، ھەتتا
باشقىلارنىڭ خىزمىتىگە توسقۇن بولىدىغان، ئۇلارغا ئەتەي
قىينچىلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان ناچار ئىستىللارنى سۆكىدۇ،
پىپەن قىلىدۇ. ئەسەردە كۈچلۈك دەۋر روھى ئەكس ئېتىلگەن
بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاجايىپ بىر خىل جاسارەت، ئوتتەك قىز-
غىنلىق يالقۇنجاپ تۇرىدۇ.

ھېكايىدىكى چياۋگۇاڭپۇ پرولېتارىياتنىڭ يېڭى تارى-
خىي شارائىتتىكى قەھرىمانى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ،
ئۇنىڭغا پرولېتارىياتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى پەزىلەتلىرى سىڭ-

دۇرۇلگەن. ئۇ ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدىكىدەك ئىنقىلابىي ئىجادىيەتكە، جاپادىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورۇقماي ئالغا ئىلگىرى- لەيدىغان جاسارەتلىك روھقا ئىگە بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ خىل شىجائەت ۋە بۇ خىل روھنى يېڭى تارىخىي شارائىتتا يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېڭىچە ئىپادىلىنىش شەكلىگە ئىرىشتۈرگەن، بىر جۈملە سۆز بىلەن سۆپەتلىگەندە، ئۇ كۆرەشلەر ئىچىدە پىشىپ تاۋلىنىپ چىققان قەھرىمانىنىڭ بەدىئىي تىپىدۇر.

يازغۇچى بۇ ئوبرازنى ياراتقاندا، ئالدى بىلەن ئۇ دۈچ كېلىۋاتقان ئالاھىدە مۇھىتنى تەسۋىرلەشكە خېلى كۈچ چىقارغان. بۇ چاغدا 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق تۈپەيلىدىن «خىلمۇ-خىل زىددىيەتلەر، رەڭگا-رەڭ مەسىلىلەر» دۆۋىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئەسلىدە سانائەت سېپىنىڭ «گۈلى» ھېساب- لىنىدىغان دېۋىگاتىل زاۋۇتى ھەر خىل مەسىلە ۋە تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار گىرەلىشىپ كەتكەن ۋەيرانە ئورۇنغا ئايلىنىپ قالغانىدى. زاۋۇتتىكىلەرنىڭ كۆڭلى سوۋۇپ، ئىرادىسى بوشاپ كەتكەن بولۇپ، زاۋۇت تۈزۈملىرى ۋە ئىنتىزامى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشقان ۋە بوشاپ كەتكەن، زاۋۇت ئىشلەپ- چىقىرىش ۋەزىپىسىنى ھەر يىلى ئورۇندىيالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەڭ ئېغىر بولغىنى، پارتىيە ئىستىلى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، ئومۇمنىڭكى بىلەن چۆنتەك- نى تۇشقۇزىدىغان، ساقتىلىق قىلىپ جان باقىدىغان ۋە تەخ- سىكەشلىك قىلىش، پىرىنسىپسىز يان بېسىش دېگەندەك فېئو- دالىزمنىڭ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىدىيىلىرى، ئىستىللىرى يامراپ

كادىرلار قوشۇنىنى چىرىتىۋەتكەنىدى. ئاپتور چىياۋگۇاڭ-
ۋۇنى مانا مۇشۇنداق ئالاھىدە مۇھىت، شارائىت ئاستىغا قو-
يۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچكى يۇقىرىلىقىنى، كۆرەشچانلىق رو-
ھىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ۋە ھەممىگە دادىل ھەم ھەممىگە قابىل-
لىقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

چىياۋگۇاڭپۇدا ئەشۇ ۋەزىيەتكە قارىتا توغرا تونۇش بار. ئۇ پارتىيىنىڭ يېڭى باسقۇچتىكى لۇشيەنىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ، بىر ئىنقىلابچىنىڭ بۇگۈنكى مەسئۇلىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىلگىرىكى تۆھپىلىرى-نىڭ يالدامىسى بولۇپ قالغان تاتۇقلىرىنى سىلاپ خىيال سۈرۈپ مۆگدەپ ئولتۇرمايدۇ. ۋە «پايدىسى كۆپ، جاپاسى ئاز» ئورۇنغا بېرىش ئىمكانىيىتىدىن ئۆزلۈكىدىن ۋاز كېچىپ (ئۇنىڭ شىركەت باشلىقى بولۇش ئىمكانىيىتى بار ئىدى) دېۋىنگاتىل زاۋۇتىدىن ئىبارەت قىيىنچىلىقلار ئۇۋىسىغا بېرىش-نى، شۇ زاۋۇتنىڭ مۇدىرى بولۇشتەك ئېغىر يۈكنى زىممىسى-گە ئېلىشنى، جەڭچىگە خاس پىداكارلىق بىلەن تەلەپ قىلى-دۇ. بۇ خىل پەۋقۇلئاددە ھەرىكەت ۋە كۆتۈلمىگەن پوزىتسىيە ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇش دەۋرىدىكى بۇ قەھرىماننىڭ روھىي قىياپىتىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرىدۇ. ئاپتور ئۇنىڭ ئار-قىسىدىنلا چىياۋگۇاڭپۇنىڭ خىزمەتكە تەيىنلەنگەندىن كېيىنكى بىر قاتار ئىش-ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق سوتسىيالىستىك زاما-نىۋىلىشتىكى كارخانىچىلارنىڭ جاسارىتىنى ۋە قابىلىيىتىنى جانلىق سۆرەتلەپ بېرىدۇ. چىياۋگۇاڭپۇ كۈچلۈك ئىلمىيلىككە ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھىغا ئىگە، شۇنىڭدەك

دادىل، ئىشچان، كەسكىن ۋە تەۋرەنمەس كىشى. ئۇ دىگىنى-
نى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان، مۇشكۇللۇكنى يىڭىپ يول ئاچالاي-
دىغان رەھبىرى كادىر. شۇڭا ئۇ ئاخىرىدا بۇ زاۋۇتنى تو-
زەپ ھەممە ئىشنى ئۆز يولىغا چۈشۈرىدۇ.
چياۋگۇاڭپۇ ئوبرازى خەلقىمىزنىڭ «تۆتنى زامانىۋىي-
لاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشىدىكى ئالغا ئىنتىلىش روھىنى، زور غەي-
رىتىنى نامايان قىلغان، شۇنىڭدەك پرولېتارىياتنىڭ يېڭى
تارىخىي شارائىتتىكى پەننى ئىگەللەپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش
تەك ئىرادىسىنى ۋە غەيرىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ ئوبراز
خەلقنى «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت
ئۇلۇغ كۆرەشتە تېخىمۇ زور ئىرىشچانلىق كۆرسىتىپ جاسارەت
بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئوبرازنىڭ بۇ جەھەتتى-
كى ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ.
ئاپتور يەنە ئىنقىلابىي قوشۇن ئىچىدىكى بىدىك، پۇر-
سەتپەرەس جىشىننىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن
كۆزىتىپ ئۇنىڭ قەلبىدىكى پەسكەشلىكلەرنى قاتتىق مەسخىرە
قىلىدۇ، ئايىماي قامچىلايدۇ. جىشىن مەرتىۋىسى يۇقىرى،
مۇھىم ئورۇننى ئىگەللىۋالغان بىر كىشى. ئۇ يۇقىرى دەرى-
جىلىك كادىر بولسىمۇ، ئەمما سوتسىيالىزم ۋە دۆلەتنىڭ ئىس-
تىقبالى دىگەنلەرنى قىلچە ئويلىمايدۇ، ھەممە ئىشتا ئۆزىنىڭ
پايدىسىنى، ئۆزىنىڭ بەختەرلىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويى-
دۇ. ئۇ ھىلە-مىكىرلىك، شامالغا قاراپ ئىش كۆرىدىغان،
يوچۇق بولسىلا كىرىپ، پۇرسەت بولسىلا قول سالىدىغان،
مۇناسىۋەت قىلىشقا ئۇستا شەخس بولغاچقا، خىزمەتتە قابىلى-

يەتسىز بولسىمۇ، مەرتىۋىسىنى ئۆرلىتىپ كېتىۋېرىدۇ. ئۇ تىگى-
تەكتىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈملىرىمىز تېخى
مۇكەممەللىشىپ كېتەلمىگەن شارائىتتىكى ئانچە-مۇنچە پۈر-
سەتكە ئىگە بولۇۋالغان سىياسىي بىدىك بولۇپ، «مەدەنىيەت
ئىنقىلابى»نىڭ مەھسۇلاتىدۇر. بۇ ئوبراز ئاپتورنىڭ ئىجتىمائىي
زىددىيەتلەرگە قارىتا دادىل قاراشلىرىنى ۋە چوڭقۇر تونۇشىنى
ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، يەنە «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»
قۇرۇلۇشىغا ئۆز قوشۇنىمىزنىڭ ئىچىدىن كېلىدىغان توسقۇن-
لۇقلارنى ۋە ئۇلارنىڭ كەلتۈرىدىغان خەۋپ-خەتىرىنى كۆر-
سىتىپ بېرىدۇ.

ھېكايىدىكى شىگەن ۋە شى ۋاڭبېي ئوبرازلىرىمۇ ئالا-
ھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. شىگەن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن
ئىلگىرى بۇ زاۋۇدنىڭ پارتكوم سېكرېتارى ئىدى. ئۇ شۇ
چاغلاردا تەدبىرلىك سىياسىي كادىر ئىدى، لېكىن ئۇن يىللىق
قالايمىقانچىلىقتىن كېيىن ئۇ« سىياسىي جەھەتتىكى قېرىلىق كې-
سەللى» گە گىرىپتار بولۇپ قالغاچقا، يېڭى تارىخىي شارائىت-
تا ئىنقىلابىي خىزمەتلەرگە پاسسىپ، سوغۇق پوزىتسىيە تۇتى-
دىغان بولۇپ قالىدۇ. پارتىيىنىڭ ئۇمىدى، يولداشلارنىڭ
ئىلھامى بىلەن ئۇنىڭ پارتىيىۋىلىكى تەدرىجىي كۈچىيىپ، تۇر-
مۇشقا قىزغىن قارايدىغان بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. كۆرۈشكە بولى-
دۇكى، ئۇنىڭ بۇ ئۆزگىرىشى خۇددى بىر ئەينەكتەك ئۇن
يىللىق قالايمىقانچىلىقنىڭ سەلبىي تەسىرلىرىنى يورۇتىدۇ ۋە
ھەقىقىي ئىنقىلابچىلارنىڭ مېڭىشقا تېگىشلىك يولىنى كۆرسىتىپ
بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شىگەن ئوبرازىنى ۋەكىللىك خاراك-

تېرغا ئىگە، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

شى ۋاڭبىي بولسا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىكى ئىسيانچىلارنىڭ كاتتىۋېشى. ئاپتور بۇ ئوبرازنى قېلىپ بولۇپ قېلىشۋاتقان مېتافىزىكىلىق فورمۇلا بىلەن ئەمەس، بەلكى تۇرمۇش رېئاللىقى بويىچە يارىتىپ ئۇنىڭ مۇرەككەپلىكىنى يورۇتۇپ بەرگەن. شى ۋاڭبىي چېكىدىن ئاشقان «سول» چىل ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرىدە خاتالىق ئۆتكۈزگەن، «تۆتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشىدا بولسا ئۇنىڭدا قىزغىنلىق كام لېكىن ئۇ يەنىلا ياش ۋە قابىلىيەتلىك. ئاپتور بۇ ئوبراز ئارقىلىق ئۇلارنىڭمۇ كۈچىدىن پايدىلىنىش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. ۋە كىشىنى پىكىر قىلىشقا ئوندەيدۇ. بۇ ئوبرازنىڭ يارىتىلىشى ئاپتورنىڭ تۇرمۇشقا تۇتقان دىئالېكتىك ماتېرىيالىزىملىق پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىگەن.

بۇ ھېكايە «4 · نى زامانىۋىلاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشىنى مەدھىيىلەپلا توختاپ قالمىغان، بەلكى «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۈرەشلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەندە، ئۇنى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى پاش قىلىش ۋە ۋەيران قىلىش بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرگەن. ئەسەردىكى ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتىدا، كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرىدە ۋە پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى قىياپەتلىرىدە ئون يىللىق ئاپەتنىڭ ئىزناسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تۇرمۇش مۇشۇنداق چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەنلىكى ئۈچۈن كىتابخانلار «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» ئۈچۈن لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» پەيدا قىلغان تارىخىي توسالغۇلارنى تەلتۆكۈس سۆپۈرۈپ تاشلىماي

بولمايدىغانلىقىنى چۈشۈنۈپ يېتەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە چياۋگۇاڭپۇغا ئوخشاش ئەزىمەتلەرنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرىشىنىڭ زور ئەھمىيىتىنى تونۇپ ئۇلارنى مەدھىيىلەيدۇ. ئاپتور ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى مۇشۇنداق بىر تەرەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھېكايە بەزىبىر نوقۇل ھالدا «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» نى مەدھىيىلەش بىلەنلا چەكلىنىدىغان ياكى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى پىپەن قىلىشتىن باشقا نەرسىنى سۆزلىمەيدىغان ئەسەرلەرگە قارىغاندا، مەيلى ئەكس ئەتتۈرگەن تۇرمۇشنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا بولسۇن، ياكى كىشىگە ئىلھام بېرىش جەھەتتە بولسۇن خېلىلا ئۈستۈن تۇرىدۇ.

جياڭ زىلۇڭ گەرچە ئىجادىيەتكە تېخى يېڭىدىن كىرىشكەن يازغۇچى بولسىمۇ، ئەمما بۇ ھېكايە ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى ئېنىق ئەكس ئەتتۈردى. جياڭ زىلۇڭ ئۇزۇن يىللارغىچە سانائەت سېپىدە ئىشلىگەن ۋە ئىشچىلار ئارىسىدا تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ھېكايىسى سۇنئىيلىكتىن خالى بولۇپ، قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە بولالىغان. ھېكايىدىكى تۇرمۇش چىنلىقى كىتابخانلارنى قايىل قىلىدۇ، ئىشەندۈرىدۇ.

پۈتۈن ھېكايىدىن بىر خىل كۈچ، بىر خىل جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. سۆزلىرى كۈچلۈك، ۋە ئاھاڭدار. ئاپتور ئوبراز ياراتقاندىمۇ بىر نەچچە جۈملە بىلەنلا جانلىق بىر ئوبرازنى كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئىخچام ئىپادىلەنگەن بولۇپ، قىلچە ئەزمىلىك يوق. ھېكايىدىكى سۆز - جۈملىلەرمۇ قىسقا، تەسىرلىك ئۇمۇمەن

ھېكايە ئۇسلۇبى ئەسەر مەزمۇنىغا ناھايىتى ئوبدان ماسلاشقان.

ھېكايىدا ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تەسۋىرلەشتە سەل ئالدىراڭغۇلۇق قىلىش، بەزىبىر نۇقسانلارغا يول قويۇشتەك يېتەرسىزلىك بار.

ئۇمۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «چياۋچاڭجاڭنىڭ خىزمەتكە تەيىنلىنىشى» ھېكايىسىنىڭ يېزىلىشى ئىلگىرى ئاجىز ھالەتتە تۇرۇۋاتقان سانائەت تېمىسىدىكى ئەسەرلەر ئىجادىيىتىنىڭ ئەمدى ھەرقانداق باشقا تېمىدىكى ئەسەرلەر بىلەن رەڭ تالاشقىدەك سەۋىيەگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى نامايەن قىلدى. باشقا يازغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىنى «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشىغا تېخى ئەمدى يۆتكەۋاتقان چاغدا دەۋر روھىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان چياۋ-گۇاڭپۇ ئوبرازىنىڭ ئۇتۇقلۇق يارىتىلىشى ھېكايە ئاپتورى جياڭ زىلۇڭنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىگە ئوبدان تە-سىر كۆرسەتتى. جياڭ زىلۇڭ مۇشۇ ھېكايىسىدىن كېيىن يەنە 20 نەچچە پارچە ھېكايە- پوۋېست يازدى. ئۇلارنىڭ ئىچى-دە مۇھىم راقلىرى دەپ: «چياۋچاڭجاڭنىڭ كېيىنكى قىسسىسى»، «بىر زاۋۇد كاتىپىنىڭ خاتىرىسى»، «قوتولۇش»، «ھېيتلاش» قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

## مۇھاكىمە ۋە تەكرارلاش سوئاللىرى

1. پىروزا ئىجادىيىتىنىڭ 17 يىلدىكى نەتىجىلىرى ۋە تەجرىبە-ساۋاقلىرى نىمىلەردىن ئىبارەت؟

2. پروزا ئەجادىيىتىنىڭ يېڭى باسقۇچتىكى (يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى) ئەھۋالى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟

3. جۇلاۋجۇڭنىڭ تىپىك ئوبرازىنى تەھلىل قىلىڭلار.

4. «قىزىل بايراق شەجەرىسى» نىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەڭلار.

5. لىن داۋجىڭ ئوبرازىنى تەھلىل قىلىڭلار.

6. «قىزىل قىيا» رومانىدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيىۋى مەزمۇن نېمە؟ ئۇ قانداق ئىپادىلەنگەن؟ ئاپتورنىڭ شۇيۈنفىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتىكى ئۆزگىچە ئۇسۇلى نېمە؟

7. «يەنئەن مۇداپىئەسى» رومانىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى يېڭى دەۋردە يېزىلغان ئۇرۇش تېمىسىدىكى باشقا ئەسەرلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ شەرھلەڭلار.

8. ياۋشۆيىڭنىڭ تارىخىي تېمىدا ئەسەر يېزىشتىكى تەجرىبىلىرىنى «لى زىچىڭ» رومانىغا بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەڭلا.

9. لى شۇاڭشۇاڭ ئوبرازىنىڭ تىپىك ئەھمىيىتى نېمە؟

10. ۋاڭ مىڭنىڭ يېقىنقى ئىجادىيىتىدىكى يېڭى ئىزدىنىشلەر ئۈستىدە توختىلىڭلار.

11. روجۇجۈەنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى ئۇنىڭ ھېكايىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ شەرھلەڭلار.

12. «سىنىپ تەربىيىچىسى»، «چياۋچاڭجاڭنىڭ خىزمەتكە تەيىنلىنىشى» ھېكايىلىرىنىڭ پروزا ئىجادىيىتىدىكى ئورنىغا قانداق باھا بېرىمىز؟

13. شىيې خۇيمىن ۋە چياۋگۇاڭپۇ ئوبرازلىرىنى تەھلىل قىلىپ ئۇلارنىڭ تىپىك ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىڭلار.

高等学校教材

**中国当代文学**

（维吾尔文）

1


شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ داشۆ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 850×1168، 1/32؛ باسما تاۋاق: 9

1987 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى

1987 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىرازى: 1—3·000

بىرلەشمە نومۇرى: MK 7129 ·1873

باھاسى: 1·00 يۈەن

بىرلەشمە نومۇرى: MK 7129 · 1873
باھاسى: 1·00 يۈەن